# تارىم

8

1989



بازاردىن قايتىش

سۈرەتنى كۆرەش ياقۇپ تارتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

8

1989

39-يىل نەشرى

## بۇ ساندا

خالىدە ئىسرائىل

### قۇملۇقنىڭ چۈشى

ئىنسان قەلبى كۆرۈنمەس تارغا ئوخشايدۇ. ھەرقانداق بىر كۈچ-قار-بورانمۇ، غۇر-غۇر شامالمۇ، بىر تال كۈز ياپرىقىمۇ ئۇنى تىترىتەلەيدۇ. ئۇ تىنىماي تىترەپ، تەۋرىنىپ بەزىدە بوغۇق، بەزىدە زىل، بەزىدە قايغۇلۇق، بەزىدە شاد سادا چىقىرىدۇ. ھېچقانداق كۈچ ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھۆكۈمران بولالمايدۇ.

*　　*　　*

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

### ئاددىي ئورۇندۇق

خىيالىدا جەننەت سۈپىسى
بىلمىنەتتى ئۇندىنمۇ ئارتۇق.
بىز ياندىشىپ قۇرۇشقان سۆھبەت،
ئاشۇ ئاددىي، ئاددىي ئورۇندۇق.

*　　*　　*

ئەسئەت ئەمەت

### ئۈچ ھېكايە

بىر ھەپتە ئۆتۈپ قۇياش غەربكە قىيسايغان بىر پەيتتە ئۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىدا پەيدا بولدى. ئۇ ھارۋىسىنى ئاستا ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى. ھارۋىدا كېپەنلىرى يىرتىپ ئېلىۋېتىلگەن يېرىم يالىڭاچ، خىزىردەك بىر بوۋاينىڭ جەسىتى تۇراتتى. ھارۋىنى ئىتتىرگۈچىنىڭ چىرايى مۇردىنىڭكىدەك كۆكەرگەن بولۇپ، پۇتلىرىدىن باشقا ھېچقانداق يېرى قىمىرلىمايتتى. ئۇنى تۇنجى كۆرگەن بىر ئايال «ئۇچقۇر ئاياغ كەلدى» دەپ بىرلا چىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى.

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


خالىدە ئىسرايىل.........قومۇلۇقنىڭ چۇشى (پوۋېست).........4

ئەسئەت ئەمەت...........ئۈچ ھېكايە (ھېكايە).........65

گۈلجامال داۋۇت...........سۈكۈت (ھېكايە).........81

خېۋىر تۆمۈر...........سالاپەت (ھېكايە).........86

تۇرسۇن لەتىپ...........ئەجدادلار ئىزىدىن (رومانىدىن پارچە).........104


## شېئىرلار


ئوسمانجان ساۋۇت...........سۆيگۈ كۈيلىرى.........48

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل...........تەنھالىقتىكى دىل باياتلىرى.........53

ئابدۇكېرىم مەخسۇت...........ئىلھام قەترىلىرى.........55

تەلئەت قادىرى...........ئىزدىققان ئىلاھ ناخشىلىرى.........57

غەيرەت غوپۇرى...........ئېچىمدىكى ئوتلار.........59

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن...........مەڭزىمنى سۆيگىنى كۆزۈمدىكى ياش.........61

ئابلىمىت تۇردى...........كۆلكىلەرگە ئورالسۇن ئالەم.........62

قېيۇم سوپى...........شېئىرلار.........63

روزى سايىت...........تۈگىمەس خىياللار.........89

تۇرسۇنجان ھاشىمى...........يېشىل چۈشلىرىم.........91

مەتسەئىدى مەتقاسىم...........يىپەك يولىدىكى لىرىكىلار.........92

دولقۇن روزى...........سېھىرلەنگەن تۇيغۇلار.........95

سېتىۋالدى كېرىم...........شېئىرلار.........96

غەيرەت ھوشۇر...........قىرغاقتىكى خىياللار.........98

تۇردى ئەخمەت...........بىزنىڭ ماكان.........100

پاتىگۇل مۇھەممەت.........ئىككى شېئىر.......... 101
پەخرىدىن مۇسا.........ئاق قۇددىن سادا (باللادا).......... 102
كورەشچان ئۆمەر.........ئازغان قۇش.......... 133
ئىسمائىل ئېلى.........گۈللەرگە چىرايلىق ھۆسىن بەرگەنلەر.......... 134
ئىبراھىم نىياز.........شېئىرلار.......... 135
غالىب قۇربان.........ئاچچىق تامچىلار.......... 136
كوللېكتىپ.........شېئىرلار.......... 137

## باللار ئەدەبىياتى

دىلبەر ھامۇت.........بىچارە دادام (ھېكايە).......... 115
تۇرسۇن زېرىدىن.........كۆڭلۈم كۈيلىرى (شېئىر).......... 119
ھەسەن تىلىۋالدى.........قويما مېنى توختىتىپ (شېئىر).......... 119

## تەرمە گۈللەر

مەتىمىن ھوشۇر.........ئايخان (ھېكايە).......... 121

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم.........شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي
پائالىيىتى.......... 143
پەرھات ئىلياس.........شېئىردىي تىل ھەققىدە ئىزدىنىش.......... 153

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

www.uyghurkitap.com



خالىدە ئىسرائىل

# قۇملۇقنىڭ چۈشى

(پوۋېست)*

پايانسىز سۈررەك قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئاقباش تاغلار گويا ئانا زېمىنىنىڭ قاتار ئەمچەكلىرىگە ئوخشايدۇ. چوققىلاردىن خۇددى ئانا سۈتىدەك تارام-تارام چېرغىغان قار سۇلىرى يىغىلىپ، بىر ئۇلۇغ ئېقىن ھاسىل قىلىپ تاغ - جىرالاردىن توسۇن ئاتتەك چاپچىپ، ئويناقلاپ چۈشۈپ، ئاشۇ پايانسىز قۇملۇق قوينىدا ئاجايىپ ئاۋات يۇرت - مەھەللىلەر، ياپيېشىل بوستانلىقلارنى ھاسىل قىلىدۇ. ئارىباغ — مۇشۇ قۇملۇقتىكى يۇرتلارنىڭ بىرى.

قەدىمدىن بۇ يۇرتلاردا ئاشۇ تاغ سۈيىگە ئوخشاش تىرىك، مەرد - مەردانە ۋە ئاجايىپ ئەركىن ئادەملەر ئۆتكەن، ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. ئاشۇ ئادەملەر ھەققىدە سانسىز قوشاق - داستانلار، رىۋايەتلەر توقۇلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىپ تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولسا، بەزىلىرى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەندى. ئەمما زېمىن ئۇلارنى ئۇنتۇمايدۇ، ئۇ خۇددى دۇنيانىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى تولا كۆرگەن

* بۇ پوۋېست «ھەۋزىخان» ناملىق خەلق داستانىغا ئاساسەن يېزىلدى — ئاپتوردىن

مېھرىبان، خىيالچان ئانىغا ئوخشاش ئۆز قوچىقىدا ياشاپ ئۆتكەن پەرزەنتلىرىنى، مەيلى ئۇ ۋاپادار، كۆيۈمچان بولسۇن ياكى گۇناھكار، تاش يۈرەك بولسۇن بەرىبىر ئەسلەيدۇ، چۈشىدە پات - پات ئۇلارنى كۆرىدۇ...

1

گۈلنى گۈلگە بەرمىدىلە،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلە.
گۈل خىلىنى تاپقىچە،
قىرى بىغەمگە بەردىلە.

(خەلق قوشاقلىرىدىن)

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئارىباغدىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرى بولغان باھاۋۇدۇناخۇن يۈز بېشىنىڭ ئۆيىدە بەش ئوغۇلدىن كېيىن بىر قىز دۇنياغا كەلدى. باھاۋۇدۇناخۇن نۇرغۇن كىتاب ئاختۇرۇپ، ئاخىرى ئەتىۋارلىق پەرزەنتىگە ھەۋزىخان دېگەن ئىسمىنى قوبۇل كۆردى.

ھەۋزىخان كىچىكىدىن ئاكىلىرى ۋە باشقا ئوغۇل بالىلار بىلەن ئويناپ چوڭ بولدى. ئۇ تەكتۇشلىرى بىلەن ئوشۇق ئوينايتتى، چېلىش، بەيگىلەرگە چۈشەتتى، يېنىغا پىچاق ئېسىپ يۈرەتتى، شۇڭا ئۇنى ھېچكىممۇ قىز بالىدەك كۆرمەيتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شۇنداق بىر زامانلار كەلدىكى، تەبىئەت خۇددى ئۇستا سەنئەتكاردەك، ھەۋزىخانغا رەڭ، ھۆسن، قىزلىق لاتاپەت بەخش ئەتتى. ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ، يۇملىشىپ چوڭ بولغان يىگىتلەر ئۆز ۋاقتىدىكى ئەركەكزەدەك قىزنىڭ قاچانلاردا، قانداقلارچە كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك چىرايلىق قىز بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى، سەزگەن چاغلىرىدا بولسا بىردىنلا ئەس - ھوشلىرىنى يوقىتىشىپ، بىربىردىن قىزغىنىشىپ ھەۋزىخانغا بەس - بەستە ئاشىق بولۇشتى، ئەمما ھەۋزىخان ئۇلارغا كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىدى. يېقىن - يىراقتىكى بايلارنىڭ ئوغۇللىرى، خوتۇنى ئۆلگەن رېمىندارلارمۇ ھەۋزىخاننىڭ نەزەرىگە چۈشمىدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن قوشنا مەھەللىدىكى 50 ياشلاردىن ئاشقان بىر كىشىگە ياتلىق بولۇۋىدى، ئىش - پەش تارتىپ يۈرگەنلەر لىۋىنى چىشلەپلا قالدى. كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى بېسىقا - بېسىقماي تۇرۇپ، ئۇ ئېرىدىن سۆز ئېلىپ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى-دە، شۇ پېتى ئولتۇرۇپلا ئالدى. ھېلىھەم تامادا يۈرگەنلەردىن بەزىلىرى: ئەمدىغۇ كېيىمىز يەردە قالماس، دېيىشىپ قايتا ئېغىز ئېچىپمۇ باققانىدى، ھەممىسى باھاۋۇدۇناخۇننىڭ ئالدىدىن: «قىزىمىز دۇنيادىن ئەرگە تەگمەي ئۆتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، خاپا بولۇشمىسلا» دېگەن ئۆزرە بىلەن قايتىشتى. ئەمما بۇ گەپكە ھېچكىم چىن پۈتمىدى. خۇدايا تۆۋا، دۇنيادا ئېرىمەيدىغان توڭ، ئېچىلمايدىغان گۈل، ئەرگە تېگىشنى ئويلىمايدىغان چوكان بولامدۇ؟ باھار كەلگەندە، قۇياش يەر - جاھاننى ئىللىتىشقا باشلىغاندا،

قارا يەر ئاستىدا ئۇرۇقلارنىڭ بىخلىنىشىنى، ئۇچەكلەردىكى قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ جانلىنىشىنى، باھار سۇلىرىنىڭ شاۋقۇنلاپ ئېقىشىنى توسقىلى بولامدۇ؟ ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاشقۇ، قەلبىدە مۇھەببەت تاشقىنى كۆتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ قۇدرىتىگە نېمە تەڭ تۇرالايدۇ؟...

تەبىئەتكە باھار نەچچە كېلىپ كەتتى، تالاي سۇلار ئاقتى، گۈللەر نەچچە ئېچىلىپ، توزىدى... ئەمما ھەۋزىخاننىڭ كۆڭلىدىكى مۇز ئېرىمىدى.

*　　*

ھەۋزىخان ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى توپىلاق يولغا نەچچە قېتىم چىقتى. چىقار چاغدا قانداقتۇ بىر ئۈمىد ئىلكىدە قۇشتەك ئۇچۇپ چىقاتتى-يۇ، بىر ھازادىن كېيىن چالمىسى سۇغا چىلىشىپ لەسسىدە بولۇپ يېنىپ كىرەتتى. ھازىر ئۇ يەنە لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، خېلىدىن بېرى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ ئىچىدە كۈلۈپ ئولتۇرغان ھەمراخان سۆز ئېچىپ قالدى:

— نېمە بولدىڭىزاي خېنىم؟ داراسكاللىڭ سوقىسىدەك جايىڭىزدا ئولتۇرالمايلا قالدىڭىزا؟

— دادىكام كېلىپ قالارمىكىن دەپ...

— ھا، ھا، ھا...ماۋۇ گەپنى! ساي ① تېخى دادىڭىزنىڭ ئىزىسى ئۇنبەش كۈن، بولمىسا بىرەر ھەپتىسىز ياناالمايدىغانلىقىنى دېگەنتىڭىزيا ماڭا؟ دېسەم - دېمىسەم ھېلىقى...ھېلىقى ئابدۇللا بۇرۇتىنىڭ يولىغا قاراۋاتمىدىغانسىز ھەقاچان؟

ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان ھەۋزىخان خۇددى بىر ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك بويۇنلىرىغىچە قىپقىزىل بولۇپ كەتتى.

— ئۆتەپ بېرىڭە، نېرى، كىم كۆرۈپتۇ ئۇنى...

— سىلى كۆرمەي كىم كۆرەتتى، ئۆتكەن قېتىم چۆنەكلىكتىكى كەپىدە كىم بىلەن مۇڭداشتىلا؟ راستىلىرىنى دېسىلە قېنى؟

ھەۋزىخان سەكرەپ قوپۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئاغزى كۈلۈپ تۇرسىمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىدىن تېخىمۇ خىجىل بولۇپ، ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قېرى ئۈجمە تۈۋىگە باردى. قېرى ئۈجمە نېمە ئىشلارنى ئېسىگە سالدىكىن، ئۆزىنى تۇتالماي تېخىمۇ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— جېنىم ئادىشىم، ھەۋزىخېنىم، ئويناشقانغىمۇ يىغلىغۇلۇقمۇ ئەمدى. بولدى، مەن ناماقۇل. ئادىشىمنى يىغلاتقان ئاغزىم قۇرۇپ كەتسۇن، ئىلاھىم!

ھەمراخان ئۇنى ئارقا تەرىپىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە قارىتىپ ياشلىرىنى سۈرتتى. بارماقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ گېلىنى سوزۇپ: «جۇگۇ...جۇگۇ ②، يىغلىمىغا ئۇز خېنىم» دەپ يالۋۇردى.

① ساي — خوتەن شەھىرى بولۇپ، بابا، ھېلى، ھازىر مەنىسىدە.
② خوتەننىڭ بەزى جايلىرىدا گېلىنى سوزۇپ تۇرۇپ «جۇگۇ - جۇگۇ» دېيىش يېلىنىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەمراخاننىڭ قىلىقىغا قاراپ ھەۋزىخان كۆزلىرى ياش پېتى كۈلدى، كۈلكىلىرى قوشۇلۇپ كەتتى. ئىككىيلەن قوللىرىنى تۇتۇشۇپ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، قايتىدىن چاقنىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇشتى. چاق غۇيۇلداپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ھەمراخان ھەۋزىخاننى ناخشا ئېيتقۇزالمىغاندىن كېيىن، ناخشىنى ئۆزىلا باشلىۋەتتى:

ئوت كۆيىدۇ ئىچىمدە، كېمە سىلىپ ئۆتەرمەن.
دەردىنى ئۆزۈم بىلەرمەن. ئاللا - ئاللا ۋاي باللا،
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا يايرىم سېنى كۆتەرمەن.
..........................

ھەمراخان ناخشىنى ۋاي دېگۈدەك ئېيتالمىسىمۇ، ئۇنىڭ ناخشىسىدا ئەردىن ئايرىلغان چوكانلاردىلا بولىدىغان بىر مۇڭ، شۇنداقلا ئۇتتەك بىر تەشنالىق بار ئىدى. ئەنە شۇنىڭ ئۆزىلا يۈرەكنى تىترىتەتتى. بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇرغان ھەۋزىخاننىڭ كۆزلىرى ناخشا بىلەن تەڭلا يەنە لىققىدە ياشقا تولدى. ئىككىسى ئۇزاققىچە شۇ ھالەتتە ئولتۇرۇشتى. قارىماققا ئىككىسى خۇددى بىر شاختا چۈشكەن ئالمىغا، يانمۇ يان ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايتتى. ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدىن بالىلىق كەتمىگەن، قەلبلىرى تېخى يۇمران ئىدى. پەقەت سىنچىلاپ قارىغاندىلا ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشتىلا ئەمەس، مىجەز - خاراكتېرىدىمۇ بىر - بىرىگە زادى ئوخشىمايدىغانلىقى سېزىلەتتى.

ئېگىز، تال چىۋىقتەك زىلۋا، قارا چاچ، قارا كۆز، ئىنچىكە مەڭزى ئاناردەك قىزىل كەلگەن ھەۋزىخاننىڭ كۆزلىرىدىن بىر ئوت چاقنايدۇ. قېرىلار ئۇنى يۈرىكىنىڭ يالقۇنىنىڭ شولىسى دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق، ئۇ يىغلىسا پۈتۈن ۋۇجۇدى يىغىغا، كۈلسە پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈلكىگە ئايلىنىدۇ. بىرەرسىگە مېھرىنى بەرسە يۈرىكىنىمۇ ئىككى قوللاپ تۇتىدۇ. نەپرەتلەنگەن نەرسىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتمىگۈچە توختىمايدۇ. ئوتتۇرا بوي، تولۇقىنە كەلگەن ھەمراخان بولسا ھەممە جەھەتتىن ھەۋزىخاننىڭ تەتۈرسى. ئۇنىڭ ئۇزۇن-ئۇزۇن، قويۇق سېرىق كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان، بىر قارىسا سېرىق، بىر قارىسا كۆك، بىر قارىسا قوڭۇر كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىدىن ئىللىق بىر نۇر ئاقىدۇ. ھەۋزىخان قانچىكى تېز، كەسكىن بولسا، ھەمراخان شۇنچە رايىش، كۆتۈرۈشچان. ئۇ مەھەللىنىڭ نېرىقى چېتىدىكى كونا كەپىدە ئولتۇرىدىغان غېرىب تۇل خوتۇننىڭ قىزى. ھەۋزىخان بىلەن ھەمراخان كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولدى. بىر موللىنىڭ قولىدا ساۋاق ئالدى، مۇشۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە ھەر ئىككىسىلا 18 گە كىرە - كىرمەي بىر قېتىمدىن ئەرگە تېگىپ ئاجرىشىپمۇ بولدى.

«تۇفى! ئەر دېگەن شۇنداق بولسا، دۇنيادىن ئەرسىز ئۆتۈپ كەتمىسەم ئادەم بالىسى بولماي كېتەي».

ئىككى دوست قايتا تېپىشقان كۈنى ھەۋزىخان شۇنداق دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى ئەتىدىن-كەچكىچە ھەۋزىخاننىڭ ئۆيىدە چاق ئىگىرگەچ گۇڭگۇر - مۇڭگۇر مۇڭدىشىپ

كۈننى كەچ قىلىدىغان بولدى. ھەمراخان ئەتىگىنى - ئاخشىمى ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدا، جىگدىلىكتە ئالدىنى توسۇۋېلىپ، مەيدىسىنى سىلاپ، يوتىسىنى چىمداپ ئوينىشىدىغانلارنى نېرى تۇر دېمەيتتى. كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگىنى بىلەن كۆڭلىنى خوش قىلىپ، ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك يۈرۈۋېرەتتى. ھەۋزىخان بولسا ئالدىغا كەلگىنىنى چىشلەپ، ئارقىسىدىن كەلگىنىنى تېپىپ دېگەندەك ھېچقاندىقىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايتتى. تالا - تۈزگە چىققان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئارتۇقچە ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتمەيتتى. دەسلەپتە يەڭگىلىرى قولىقىغا كۇسۇرلىشىپ ئۇنى قىزىتماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ھەرقانچە گەپ كار قىلمىدى. ئەمما، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭدا قانداقتۇ بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىشنى ھەمراخانلا ئەمەس، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سەزدى.

يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ناخشىسى كۆپىيىپ كەتتى ھەم بەكلا مۇڭلۇق بولۇپ كەتتى. باغدا ئوت ئوتاۋېتىپ ياكى چاق ئىگىرىۋېتىپ ناخشىنى شۇنداق باشلايدىغان بولسا، ھەممەيلەن مېڭىۋاتقان يولىنى، قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ، قېتىپ تۇرۇپ ئاڭلايدۇ. ناخشىدىكى دەرد - ئەلەمدىن يۈرەكلىرى ئېزىلىپ خورسىنىشىدۇ، كۆڭۈللىرى قانداقتۇ شۇملۇقنى تۇيغاندەك ھەۋزىخاندىن ئەنسىرىشىدۇ.

يەنە بىرى، ئۇ يېقىندىن بۇيان تولا خىيال قىلىدىغان، كېچىلىرى يىغلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرىلا ئەمەس، قېرى دادىسىمۇ ئەزەلدىن بىر ئىشقا ئۇنچە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ھەۋزىخاننىڭ بۇ ھالىدىن ھەيران ئىدى.

ھەممىدىن قىزىقى، ئۇ ئىلگىرى زادىلا پەرداز قىلمايتتى. كىچىكىدە يەڭگىلىرى تۇتۇپ بېسىۋېلىپ تۇرۇپ ئوسما قويۇپ قويسا، يۇيۇپ چىقىرىۋېتىمەن دەپ ئۆستەڭ بويىدا يېرىم كۈن ئولتۇرۇۋالاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ قاشلىرىغا ئوسمىنىڭ نېمە كېرىكى. ئەمدى بولسا ئوسما قويۇپ زېرىكمەيدۇ، يېنىدىن ئۇپا بىلەن ئالقانچىلىك ئەينەكنى ئايرىمايدۇ. كۈندە بىر ئېگىز يەڭگۈشلىمەي قويمايدۇ. ھەۋزىخان، ھەي ھەۋزىخان...

چاق غۇيۇلدايدۇ، ھەۋزىخان چاق ئىگىرىۋاتامدۇ ياكى چاق ھەۋزىخاننى ئىگىرىۋاتامدۇ، ئۇ بۇنى ئۇقمايدۇ. بارماقلىرى ئادەت كۈچىدىنلا مىدىرلايدۇ، بىلەكلىرى گاھ سوزۇلىدۇ، گاھ يىغىلىدۇ، بارغانسېرى دۈۋىلىشىپ سېۋەتكە تولۇۋاتقان ئاپپاق يىپلار، تۇتام - تۇتام پاختىلار ئۇنىڭغا ئانىسىنى ئەسلىتىدۇ.

ئۇ كىچىككىنە ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا مۇشۇ يىپلار، پاختىلارغا قاراپ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنى، ئانىسىنىڭ زادىلا تۈگىمەيدىغان ناخشىلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئانىسىمۇ ئۇنى جېنىدىن ئەزىز بىلەتتى. ئۆمرىدە ئارىباغدىن چىقىپ باقمىغان، ئېرى بىلەن باللىرىدىن باشقا كىشىنى بىلمەيدىغان بىچارە ئايال يالغۇز قىز تەلەيسىز بولىدىكەن، چېچىنىڭ ئۇچى ئۇستىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان قىز تەلەيسىز بولىدىكەن، دېگەندەك سۆزلەرگە خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى. بىكار تۇرماي ھەۋزىخاننىڭ چاچلىرىغا، بويىغا قاتار - قاتار تۇمار، كۆز مۇنچاقلارنى ئېسىۋېتەتتى، پات - پات ئىسرىق سالدۇراتتى.

«بىر تاللا قىزدىنىڭ بەختى ـ پېشانىسىنى يورۇق قىلارسەن، خۇدايىم...» ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا ئۇ پات ـ پاتلا ئانىسىنىڭ شۇنداق دەپ پىچىرلاپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ قاپقارا، بۇدۇر چاچلىرىنىڭ ئۇچى ئۇستىگە قايرىلىپ تۇرۇشى ئانىنى دەھشەتكە سالاتتى. ئۇ ھەر قېتىم قىزىنىڭ بېشىنى تارىغاندا چاچلىرىنى يىلىم بىلەن پاتلاپ ئەينەكتەك پارقىرىتىۋېتەتتى. ئىككى كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەي چاچلىرىنىڭ ئىككى ئۇچى ئۇستىگە قايرىلىۋالاتتى. ئارقىدىن بويۇنلىرىدا، چېكە ـ ماڭلايلىرىدا سان ـ ساناقسىز دۇگىلەك ھالقىلار پەيدا بولاتتى. ئانا ۋەھىمىگە چۈشۈپ ھەۋزىخاننى يەنە قاچان قارىسا يىلىم ئۆكسىمەيدىغان چۆچەكنىڭ ئالدىغا سۆرەيتتى...

قارىغاندا، كونىلارنىڭ شۇ گەپلىرى قارىسىغا ئېيتىلغان ئەمەس ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ راستىنلا تەلەيسىز بولمىسا...

خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ھەۋزىخاننىڭ تېنى شۈركىنىپ، ۋۇجۇدىنى بىر تىترەك بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى.

ئانا كۆرپىنىڭ ئۇستىدە ئاغرىقتىن تۈگۈلگىنىچە ياتاتتى، ئۇنىڭ رومىلى بىر چەتتە قالغان، چېچى خۇددى بىر تۇتام ئۇچقا ئوخشايتتى. ئۇ مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇڭلار، ئەمدى ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن، دەپ تېۋىپقىمۇ، داخانغىمۇ كۆرۈنۈشنى خالىمىدى. ھەۋزىخان بولسا، بىرەر ئايدىن بېرى ئانىسىنىڭ بېشىدىن قوپمىدى. ئاشۇ كۈنى — ئۇ كۈن ھەۋزىخاننىڭ خاتىرىسىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن — ئانا ئەتىگەندىن تارتىپلا بۆلەكچە جانلىنىپ قالدى. تەكىيىنى، كۆرپىنى تۈتۈپ، ھەۋزىخانغا ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇرماقچى، ئىشىك ئالدىغا چىقماقچى بولدى. تۈگۈلۈكتىن ئېقىپ چۈشكەن سۈتتەك ئاپئاق، ئىللىق بىر پارچە نۇر ئانىنىڭ قانسىز، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ كەتكەن كىچىككىنە قوللىرىدا تىترەيتتى. ھەۋزىخاننىڭ كۆڭلىدە ئاشۇ نۇرغا ئوخشاش سىرلىق بىر ئۈمىد پەيدا بولدى: «خۇدانىڭ رەھمى كېلىپ ئانامنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرسە، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ماغدۇرىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس...»

ھەۋزىخان ئۇنى يۆلەپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. ئۈجمىنىڭ تېگىگە كىگىز، كۆرپە سېلىپ، ئۇنى شۇ يەردە ياتقۇزدى. ئارقىدىن يەڭگىلىرى كىچىككىنە ياغاچ تاۋاققا ئۇسۇپ ئېلىپ كەلگەن شۇۋىگۈرۈچنى بىر قوشۇق ـ بىر قوشۇقتىن ئىچكۈزۈۋەتتى. خېلىدىن بېرى ئۇ ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك ئىچىپ ـ يېيىلىپ باقمىغان، كۆڭلى مۇنچىلىك تاماق تارتىپ باقمىغانىدى.

— ياز يورۇغلى نىۋاق...چېچەكلەر ئېچىلغاندۇ، يەر ـ جاھان كۆكەرگەندۇ... ماۋۇ يەڭگىلىرىڭ بىلەن ئۇكىلىرىڭ بولغاندىكىن، بۈگۈن چىقىپ ئاداشلىرىڭ بىلەن ئوينىساپ كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كەلگىنە، بالام، — دېدى ئانا چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ھەۋزىخان ئانىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن يېڭىراق كۆڭلىكىدىن بىرنى كىيىپ، پەرەنجىسىنى ئارتىپ تالاغا چىقتى. دېمىسىمۇ، ئەتراپ ئۇنىڭغا باشقىچە چىرايلىق كۆرۈندى.

ئۆستەڭ بويى تەرەپتىن كاككۇكنىڭ ئاۋازى كېلەتتى. ھەر يىلى پەقەت ئەتىيازدىلا ئاڭلىنىدىغان بۇ ئاۋاز نېمانچە يېقىملىقتۇ... ئۇنىڭغا كاككۇك ئۆزىنى چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ يول بويىدىكى دوڭخاق سۆگەتتىن ئىككى تال يوپۇرماقنى ئۈزۈۋالدى - دە، جۈپلەپ لەۋلىرى ئارىسىغا ئېلىپ پۈۋدەپ كاككۇكنى دورىماقچى بولدى. ئەمما دورىيالمىدى، تېرىكىپ يوپۇرماقلارنى تاشلىۋېتىپ ئۆستەڭ بويى تەرەپكە ماڭدى.

سۇ ئېتىزلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن چوڭقۇر يار تۈۋىدە ئاقاتتى. يىراقتىن پەقەت ئۇنىڭ بوغۇق گۈۋۈلدىگەن ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، ئۆزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھەۋزىخان چىڭدىلىپ كەتكەن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن سۇ بويىغا چۈشتى. سۇنىڭ خېلى ئىچكىرىسىدە چوقچىيىپ تۇرغان يوغان بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ يۈزىنى، قولىنى يۇدى. قوپۇپ پەرەنجىسى بىلەن يۈزىنى ئېرتىۋېتىپ، ئۆستەڭنىڭ نېرىقى قېتىغا — يارنىڭ ئۈستىدىلا ئوتلاپ يۈرگەن قوڭۇر موزايغا، كۈن نۇرىدا پارقىراپ كۆرۈنىدىغان سارغۇچ يېشىل بۇغدايلىقلارغا قارىدى. بۇغدايلىق يىراقتىكى تاملىرى ئېگىز چوڭ باغنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئاخىرلىشاتتى. كاككۇك ئاۋازى ھەۋزىخانغا ئەمدى ئاشۇ باغدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ھەۋزىخان تېزىغا كېلىدىغان سۇنى كېچىپ نېرىقى قاتقا ئۆتتى. بۇغدايلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئادەمسىز يالغۇز ئاياغ يولدا پەرەنجىسىنى ئېلىۋېتىپ، باللارغا خاس ئىنچىكە ئاپئاق بويىنىنى، چىرايلىق ئىككى ئۆرۈم چېچىنى چىقىرىپ مەخمەل بۆكى بىلەنلا ماڭدى. ئۇدۇل تەرەپتىن غۇر - غۇر شامال كېلەتتى. ئېتىز قىرىدا ئۇ يەر - بۇ يەردە سۆسۈن، سېرىق ئېچىلغان ئۇششاق ياۋا گۈللەر دىڭگىيىپ تۇراتتى. ھەۋزىخان ئىڭىشىپ ناخشا ئېيتقاچ ئوغلاقتەك سەكرەپ يۈرۈپ، ياۋا گۈللەردىن بىر تۇتام تېرىۋالدى. ئۇ ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، باغنىڭ تۈۋىگە قانداقلارچە كېلىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇدۇلدا باغنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چىقىپ تۇرغان يوغان بىر تال شاختا غۇچچىدا بولۇپ كەتكەن غورىلارغا كۆزى چۈشتى.

بۇلتۇر دەل مۇشۇنداق ئۆرۈك چېچىكى ئەمدىلا تۆكۈلگەن كۈنلەردە ئۇ ھەمراخان بىلەن قوشنا مەھەللىگە مەشرەپكە كېتىۋېتىپ، مۇشۇ شاختىكى غورىلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغان، ئۇ شاخقا ئېسىلىشىغىلا، باغدىن يوغان بىر ئىت چىقىپ ئۇلارنى خېلى يەرگىچە قوغلىغان، شۇ قاچ - قاچتا ھەۋزىخاننىڭ قۇلىقىدىكى ئالتۇن سۆكىسىنىڭ بىر پېيى چۈشۈپ قالغانىدى. ھەۋزىخان شۇ تاپتا ئالدىنقى كۈنى ئانىسىنىڭ: «ئەجەبمۇ غورا سالغان ئاش ئىچكۈم كېلىپ كەتتى - يا» دېگىنىنى ئېسىگە ئالدى.

بۈگۈن باغ ئىشىكى خۇددى بىرسىنى ساقلاپ تۇرغاندەك قىيا ئوچۇق ئىدى.

چۆچەكلەردىكىدەك گۈزەل بىر باغ. يۇقىرىغا قاراپ سوزۇلغان تار يولنىڭ ئىككى قاسنىقى مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن چۆمكەلگەن، دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىدىن سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئاققان ئاۋازى، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلىناتتى، قانداقتۇ بىر قۇش سۆزۈك ئاۋازدا ئىككى قېتىم سايراپ قويۇپ، خۇددى ئۆز ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەندەك جىمىپ قالدى. يەنە بىر قۇش ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگەندەك قىلىپ بىر ھازا چۇ-

روۋقلىدى.

كاككۇك!...كاككۇك!...

ھەۋزىخان باش ئۈستىدىنلا ئاڭلانغان كاككۇكنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى مۇنداق يېقىندىن، مۇنداق ئوچۇق ئاڭلاپ باقمىغانىدى. بۇ ئۇنىڭغا خۇددى دەردلىك خورسىنىشتەك بىلىندى، ئارقىدىنلا قالداقتۇ بىر قۇشنىڭ قانات قاققان ئاۋازى، دەرەخ شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىشى ئاڭلاندى-دە، ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. ھەۋزىخاننى قورقۇنچ ئورىۋالدى. ئۇ شارتتىدا كەينىگە بۇرۇلۇپ كەلگەن يولى بىلەن قاچماقچى بولدى، ئىككى قەدەم ئېلىپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدى، «توختا، نېمىدىن قورقىمەن! ئالدىمغا خىزىردەك بىر بوۋاي چىقىپ قالامدۇ، تېخى...يەنە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ باقاي...»

ئۇ تۇيۇقسىز پېشايۋانلىق كاتتا بىر ئۆينىڭ يېنىدىنلا چىقىپ قالدى. پېشايۋاندا قىسقا ساقاللىق 50 ياشلاردىكى تەمبەل بىر ئەر كىشى قاتار-قاتار ئېسىۋېتىلگەن قەپەسلەرگە ئېگىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئاياغ تېۋۇشىنى ئاڭلاپ دەرھال بۇرۇلۇپ قارىدى. بۇرۇلغان چېغىدا ئاق يەكتىكىنىڭ ئالدىدىن يوغلۇق قىپقىزىل مەيدىسى كۆرۈنۈپ كەتتى.

ھەۋزىخانغا ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ھىجىيىپ:

— كەلسىلە خېنىم، كەلسىلە، پېقىرنىڭ كەپىسىگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ، سىلىنى، — دېدى. ھەۋزىخاننىڭ ئېغىز ئېچىشىنىمۇ كۈتمەي ئارقىسىغا قاراپ توۋلىدى، — روزاخۇن، ھوي روزاخۇن! چاققان بول، بىر تومۇچۇق ئۇچۇپ كەلدى، ساراي ئۆيگە كۆرپە سال!

ھەۋزىخان ئالدىدىن توغرا توسۇپ تۇرغان ئەر كىشىنىڭ زورى بىلەن پۇتىنى ئىشىكتىن ئالدى-يۇ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئاڭغىچە ئېگىز بوي كەلگەن كوسا بىر ئادەم تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ سۇپىغا كۆرپە سالدى، پەگادىن كىچىككىنە بىر قارا چۆگۈننى ئېلىپ، ھەۋزىخاننىڭ چىرايىغا كۆز قىرىنىمۇ سالماي، قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كەتتى.

ھەۋزىخان ئىشىك تۈۋىدىن نېرى ئۆتكىلى ئۇنىماي، ھېلىقى ساقاللىققا:

— كايىمىسىلا ئاكا، ھوزۇرلىرىغا كېسەل ئانام ئۈچۈن كەلدىم...غورا سالغان ئاش ئىچكۈم بار، دېۋىدى، — دېدى.

— ۋاي شۇنچىلىك ئىشمىتى، خېنىم! غورا دېگەن تولا نېمە. ئاۋۋال بىر ئوتلامدىن چاي ئىچىلى، قېنى چاي قايناغۇچە پۇتلىرىنى سۇنۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋالمامالا؟

ئەر كىشى سۆزلىگەچ مەرەپتىن يوغان تەكىيىدىن ئىككىنى ئېلىپ كۆرپە ئۈستىگە تاشلىدى. ھەۋزىخان ھودۇقۇپ قالدى، ئاۋازى خۇددى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تىترەيتتى:

— ياق، ياق...خۇش بولۇپ كېتەي، مەن ئالدىرايتتىم...

ساقاللىق ھى-ھىلاك كۈلگىنىچە يەرگە چۈشتى. كات ساندۇقى ئۈستىدىن بىر مىس لىگەننى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى:

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، ئۆز خېنىم. سىلى ئۈچۈن بىر لىگەن غورا ئەمەس، بىر لى-

گەن تىللا دېسىلىمۇ تېپىلىدۇ دېسىلە...

ئۇ دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولغاندىن كېيىنلا ھەۋزىخان سەل يېنىك-لەشكەندەك بولدى. ئۇ كۆرپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قورۇنۇپقىنا ئولتۇردى. كەينىدىن يەنە سەكرەپ قوپۇپ بايىقى تەكىينى مەرەپكە ئېلىپ قويدى. سىرتقا چىقىپ باقماقچى بولۇپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ نېمىشقىدۇر يەنە كەينىگە قايتتى. قانچىلىك ئولتۇردى-كىن، ئۈشتۈمتۇت ئارقا تەرەپتىن «تىرىق - تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇشىغا، يوغان بىر جۈپ قول ئۇنى ئارقا تەرىپىدىن مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. سىمدەك يىرىك ساقاللىق، يوغان قىپقىزىل چىراي ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىنلاپ كەلدى. كۆزلىرى قان قۇيۇلغاندەك قىپقىزىل ئىدى. ھەۋزىخان دەھشەتلىك ئاۋازدا چىرقىراپ بېشىنى ھەر يان ئېلىپ قاچاتتى، قاپقانغا چۈشۈپ قالغان قۇشتەك تىپىرلايتتى، قول-لىرى بىلەن ھېلىقى بەتبەشىرە چىرايىنى تاتىلايتتى، ئۇتتۇر كەلگەن يېرىنى چىشلەيت-تى. ئېيىقنىڭكىدەك كۈچلۈك قول ئۇنىڭ قوللىرىنىمۇ قوشۇپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى، ئار-قىدىن ئۇنى كۆرپىگە باستى...يەردە، سۇپا ئۈستىدە پۇرلاشقان، چەيلەنگەن سېرىق، سۆسۈنە گۈللەر چېچىلىپ قالدى...

چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان ھەۋزىخان ئاخشىمى بىر ياغلىق غورد-نى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئانىسى بىلەن يەڭگىلىرىگە كۆرۈنۈپ قويۇپلا ئاس-تا ئۆستەڭ بويىغا كەتتى. كېچىسى ئۇ ئۆستەڭدىكى ئەتىيازنىڭ مۇزدەك سۈيىدە كۆك-زەڭگىچە چىلىنىپ ئۇزاققىچە تۇردى.

چولپان تۇغقان چاغ ئىدى. ئانىنىڭ كېسىلى ئۈشتۈمتۇت ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ قى-زىغا تىكىلگىنىچە، ئۇنىڭغا ئېيتالمايۋاتقان قانداقتۇر سۆزلىرى باردەك بىر ھالەتتە جان ئۈزدى. غورا سالغان ئاشتىن بىر قوشۇقمۇ ئىچەلمىدى.

پۈتۈن بىر ياز، بىر قىش ھەۋزىخاننىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. تۆككەن شۇنچە ياشلىرىغا، چەككەن دەرد - ئەلەملىرىگە ھېلىمۇ قۇرۇپ كەتمىدى. ئاخىرى يەنە تەقدى-رىگە تەن بەرمەي بولمىدى. ئارىدىن بىرەر يىلچە ئۆتۈپ، ھېلىقى چوڭ باغنىڭ خو-جايىنىدىن ئەلچىلەر كەلگەندە، ئۇ دادىسى، بىر تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىمىغان يېرىدىن چى-قىپ بۇ تويغا رازىلىق بىلدۈردى.

ھەۋزىخاننىڭ ئېرى ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى مەككە - مەدىنە تەرەپلەردە مۇ-ساپىرچىلىقتا ئۆتكۈزگەن، بەش - ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كې-يىن، مۇشۇ چوڭ باغنى سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشى ئىدى. ئۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر بىلەن زادى بېرىش - كېلىش قىلمايتتى. دېھقانلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ياكى كەچقۇرۇنلىرى بۇ باغدىن بەكمۇ مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازىنى ئاڭلىشاتتى ۋە ئۇنى ئاجايىپ تەقۋادار، خىسلەتلىك ئادەم، دەپ ھۆرمەتلىشەتتى. ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. ھەۋزىخان ئادىمىزات كەم ئاياغ باسىدىغان بۇ باغدا، قەپەستىكى قۇشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالتە ئايىنى ئۆتكۈزدى. باغنىڭ چوڭ يولغا قارايدىغان تېمى تەرىپىدە بىر راۋاق بار ئىدى. ھەۋزىخان ھەر كۈنى ئاشۇ راۋاقتا ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن - كەچكەننى تاماشا قىلاتتى. بىر كۈنى بۇ يول-

دىن بىر ئاتلىق يولۇچى ئۆتتى. ئۇ 25 - 26 ياشلاردىكى قاراقاش، قارچىغىدەك ئۆتكۈر كۆزلۈك، بۇرۇتى ئۈستىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى. ھەۋزىخان شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى پات - پات چۈشىدە كۆرىدىغان، كۆڭلى سىرتقا تەلپۈنىدىغان بولۇپ قالدى. جەننەتتەك باغ ئۇنىڭغا دوزاختەك كۆرۈنەتتى. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ ئېرىنىڭ ساراي ئۆيدە يەنە بىر ئايال بىلەن گىرەلىشىپ ياتقىنىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدى. شۇ كۈنلا بوغچىمىسىنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئېرىنىڭ بۇ ئىشىغا ئارتۇنچە ئازابلىنىپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە، ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللەپ قالدى.

* *

ھەۋزىخان دوستىنىڭ چاقنى توختاتقانلىقىنى، كېتىشكە جابدۇنغىنىنىمۇ تۇيمىدى. ھەمراخان ئارقىسىغا ئۆتۈپ كاپپىدا قۇچاقلىۋالغاندىن كېيىنلا ئەندىكىپ ھوشىنى تاپتى، كەينىگە ئالاق - جالاق بولۇپ قاراپ، ئۇيالغىنىدىن قىپقىزىل بولۇپ كەتتى.

— بىچارە ھەۋزىخان، شۇنچىمۇ بولۇپ كېتەرسىزمۇ، چوقۇم ئابدۇللا بۇرۇتنىڭ جىنى چاپلىشىپتۇ سىزگە...

ھەۋزىخان چىداپ تۇرالماي ئىچ - قارنىنى تۆكۈۋەتتى:

— قانداق قىلاي، ماڭا بىر يول كۆرسىتىڭلار جېنىم ئاداش... ئۇچ كۈندىن كېيىنلا كېلىمەن دەپ كەتكىلى ئۇچ ئاي بولدى، يا ئۆزى يوق، يا ئىككىلىك خېتى... ئاڭلىسام ئارىغولدا ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيىدىغان بىر سەتەڭ بارمىش، يا...

— ئەنسىرىمەڭلا ئاداش، ئارىغوانىڭ سەتەڭلىرى سىلىنىڭ قولىڭلىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. مېنىڭچە، ئەتە مۇنداق قىلىلى، تازا جابدۇنۇپ ئىمامى ئەپتەر بازىرىغا بارىلى، بازارغا بارساقلا يا بىرەرسىدىن خەۋىرىنى ئاڭلايمىز، يا ئۆزىنى ئۇچرىتىمىز...

ھەمراخاننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. لەۋلىرىدە تەبەسسۇم ئويناپ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىشقا باشلىدى. ھەمراخاننى ئۇزىتىپ قويۇپ، نېمىشقىدۇر يەنە ھېلىقى قېرى ئۇجمە تۈۋىگە كەلدى.

* *

كۈن تۇغقاندا تۇغۇپمىدى
مەشۇقۇم سىزنى؟
ئاي تۇغقاندا تەۋرەتكەنمۇ
بۆشۈككىمىزنى؟

(خەلق قوشاقلىرىدىن)

بۇ ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ ئۇجمىسى ھەۋزىخانلارنىڭ ئاق ئۇجمىسىگە يەتمەيدۇ. دانە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دانە، ئاپئاق ھەم شېرىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە بەرىكەتلىك. بۇ ھوسىلدىكىلەردىن ئېشىپ پۈتۈن مەھەللىنى تويدۇرىدۇ. نە ـ نەدىن ئايالлар، ئۇششاق باللار كېلىپ ئىرغىتىپ يەپ كېتىشىدۇ. ھېچنەدە ئۈجمە قالمىغان چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ باراقسان شاخلىرى ئارىسىدىن تېپىلىدۇ. ئاجايىپ خاسىيەتلىك دەرەخ بۇ.

ھەۋزىخان ئۈجمىگە چىقىۋېلىپ ئەڭ دانلىق ھەم پىششىق ئۈجمىلەرنى تاللاپ يەۋاتاتتى. نېمىشقىكىن، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ يەرگە چۈشكەن ئۈجمىنى يېمەيتتى. بىر ئەرگە تەگكەن چوكان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، باللىق ۋاقىتلىرىدىكى شاخنىڭ ئۇچىغا چىقىۋالىدىغان ئادىتىنى تاشلىمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ يالىڭاياغ پۇتلىرى بىلەن يوغان پۇتاقا ئەپچىل دەسسەپ، بىر قولىدا پۇتاقنىڭ سەل يۇقىرىسىنى تۇتۇۋېلىپ نازۇك بىر ھەرىكەت بىلەن ئوڭغا، سولغا، يۇقىرىغا، تۆۋەنگە سوزۇلاتتى، بىلەكلىرى سوزۇلغاندا سېرىق ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ يېڭى سىيرىلىپ چۈشۈپ، كۈمۈش بىلەيزۈكى، بىلەيزۈك بىلەن ئاپئاق بىلەكلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. شايى روملى يەلكىسىگە چۈشۈپ قالغان، سەل چۇۋۇلۇپ توزىغان، چىرايى ئەتراپىدا قاپقارا دولقۇنسىمان دائىرە ياساپ تۇرغان چاچلىرى ئۇنىڭ ئۆڭىنى تېخىمۇ ئاقىراق ۋە نازۇكىراق كۆرسىتەتتى. ئەمدى تۆۋەنكى بىر شاخقا تاشلانغان ھەۋزىخان قېلىن يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سۈرەتتەك بىر چىرايىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۈجمىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. بۇ پات-پاتلا ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالىدىغان، ئوڭىدىمۇ خىيالىدىن نېرى بولمايدىغان ھېلىقى يىگىت ئىدى. ئۇ ھەۋزىخانلارنىڭ ئۆيى يېنىدىكى توپىلاق يولدىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ باش ئۈستىدە چىرايلىق بىر ياش چوكاننىڭ بىھوش ھالەتتە ئۆزىگە قاراپ قېتىپ قالغىنىنى بىلمەيتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ بېقىش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئاتلىق يىگىت تاكى ئۈجمىنىڭ ئاستىغا كەلگۈچە ھەۋزىخان ئېسىنى يىغالمىدى. بىر قەدەم، ئىككى قەدەم ...يىگىت ئۆتۈپ كېتەيلا دەپ قالدى. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى سەزمىگەن ھالدا چاڭگىلىدىكى ئۈجمىنى يىگىتكە قارىتىپ ئاتتى. چۆچۈپ كەتكەن ئاتلىق يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سېرىق ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن ياش ئايالنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. قۇلىقىغا بىلەيزۈك، چاچتەڭگىلەرنىڭ جىرىڭلىشى، ئايال كىشىنىڭ ئۈنگىدىنمۇ سۆزۈكرەك كۈلكىسى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئارقىسىغا بۇرۇلغىنىدا، ئاپئاق بىلەكلىرى بىلەن شاخنى قايرىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئاق يۈزلۈك، قارا كۆزلۈك چوكاننى ئوچۇق كۆردى...

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ھەۋزىخان ھەر كۈنى ئۈجمىگە چىقىۋېلىپ يىگىتنىڭ يولىغا قارايدىغان، يىراقتىن يىگىتنىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا قاپاق چۆگۈننى ئېلىپ سۇغا چىقىدىغان بولدى. يەڭگىلىرى بولسا، ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى سۇ ئەكىلىشكە نېمانچىۋالا ئامراق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران ئىدى.

چىڭقى چۈش ۋاقتى، قۇياش يەر ـ جاھاننى تونۇردەك قىزىتماقتا ئىدى. ئېتىزلىقلار ئۈستىدىن، سايلىقتىن لوغۇلداپ ئىسسىق ھارارەت ئۆرلەيتتى. جەنۇب يېزىلىرى-

نىڭ «توپىسىغا كاكچا ياقسا پىشىدىغان» ۋاقىتلىرى دەل مۇشۇ ۋاقىتلار ئىدى. ئېتىزلىقلاردا تەرلەپ، پىشىپ ئىشلەيدىغان دېھقانلار، توپىلاڭ يولدا قاپاق كۆتۈرگەن قىز - چوكانلار كۆرۈنمەيتتى. پەقەتلا ھەۋزىخانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كونا جۇۋازخانىدىن توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان جۇۋازنىڭ مۇڭلۇق غىچىلىدىشى سەھرا يېرىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئۇجمە ئۇستىدە ئولتۇرۇۋېرىپ يۈزلىرى ئېسىلىپ، تاماقلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھەۋزىخان قاپاق چوڭگۇندىكى سۇنى ئۇتتۇر كەلگەن يەرگە سېپىۋەتتى - دە، ئۇستىنىڭ تەرەپكە، توغرىسى يىگىتنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. چوغدەك قىزىپ كەتكەن توپىلاڭ يولنىڭ يالىڭاياغ پۇتلىرىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي، خۇددى كۆپكۆك چىمەن ئۇستىدە كېتىۋاتقاندەك ئاستا ماڭدى، تاكى ئاتلىق يىگىت ئالدىغا يېتىپ كەلگۈچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالمىدى. يىگىتمۇ ئۇنىڭغا قارايتتى. كۆزلىرى ئوتتەك چاقنايتتى، بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلىرى مۇلايىم كۈلۈمسىرەيتتى. ھەۋزىخان كۆڭلىنىڭ يېپكى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ئۆتتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، يىگىت سۆز ئېچىپ قالدى:

— شۇنچە يەردىن سىزنى دەپ كېلىۋاتسام كۆزىڭىزنىمۇ سالمايسىزا؟ ماڭا بىر قارىڭا ھەۋزىخان...

ھەۋزىخاننىڭ يۈرىكى ئىسسىق بىر نەرسە قۇيۇلغاندەك شۇررىدا قىلىپ قالدى، قوللىرىنى چۇشۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى. بىر پەستىن كېيىن كۆزلىرىنى يەردىن ئېلىپ ئۆزىگە تويماي قاراپ تۇرغان يىگىتكە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ يەنە كۆزىنى ئەپقاچتى.

— ئېتىمنىغۇ پېشانەمگە يېزىۋالمىغان، خەقلەر ئەجەب بىلىۋاپتۇ - يا...

— بەزىلەر ئۇز بولغاچ ئەل ئاغزىدا بىر ئىكەن. بىزدەك بىچارىلەرنى ئاتىمىز بىلەن دادىمىزدىن بۆلەك ئادەم ئۇقمايدىكەن، ئېسىت، بىزمۇ ئادەم بولۇپ قاپتىمىز...

— ئۆزلىرى شۇنچە ئىسسىقتا نەگە ماڭدىلىكىن؟

— ئۇنى بىر دېمەك، ئىچىممۇ، تېشىممۇ ئوت. ئۆلەي دېدىم. ئاۋۇ كەپىدە ھارىدۇق ئالغاچ تۇرسام سۆيىڭىزدىن بېرەرسىزمۇ ھەۋزىخان؟

ھەۋزىخان پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، گەپ قىلمايلا ئۆستەڭ بويىغا كەتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ - قاراپ قالدى.

شۇ كۈنى ئىككىيلەن چۆنەكلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەپىدە ساق يېرىم كۈن مۇڭداشتى. ھەۋزىخان ئۇنىڭغا ئانىسى، بۇرۇنقى ئېرى توغرىسىدا، ئابدۇللانى دەسلەپتە كۆرگەندىن تارتىپ ئېسىدىن چىقىرالمىغانلىقىنىچە سۆزلەپ بەردى.

ئابدۇللا ئۇنىڭغا خۇددى ناھايىتى بۇرۇندىن تارتىپلا تونۇشتەك، ئۇزۇن ئايرىلىپ كېتىپ، قايتا ئۇچراشقان قەدىنىسىدەك تۇيۇلاتتى.

بەلكىم بۇ دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا تونۇيدىغان بولىشىدى. ئابدۇللامۇ ئۇنى ئۇجمە تۆپىسىدە كۆرگەندىن تارتىپ ئارىغولدا بىردەممۇ تۇرغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغىنىنى دەپ بەردى. كۈن قايرىلدى، كەپىنىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. يەرگە

uyghurkitap.com

قاراپ ئولتۇرغان ھەۋزىخان ئابدۇللانىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان غەلى-
تە تىنچسىزلىقتىن دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدى.

— جېنىم ھەۋزىخان، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، دەردىڭىزدە ئۆلەي دېدىم ...

ئابدۇللانىڭ ئاۋازى بوغۇق چىقتى. ئۇ بىردىنلا ھەۋزىخانىنىڭ بېشىنى ئىككى قولى بىلەن مەھكەم چاڭگاللاپ تۇتۇۋالدى، شۇ ھامان ھەۋزىخانىنىڭ دىمىقىغا ئۆتكۈر تەر ئارىلاش ئەرلەرگە خاس پۇراق ئۇرۇلدى. ئابدۇللانىڭ كۆزلىرى يانغان، كۈچلۈك نەپەستىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلگەن، ئىككى مەڭزىدە بىر قىزىللىق يېلىنجاشقا باشلىدى... ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ھەۋزىخانغا ئېڭىشتى، ئېڭىشتى - يۇ، قاتتىق بىر تەستەكتىن چايان چاققاندەك ئەندىكىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتكەن ھەۋزىخان كەينىك ئىشىكىدە خۇددى قولى ئاغرىپ كەتكەندەك ئوڭايسىز بىر ھالەتتە تۇراتتى.

— جاۋابىڭىز شۇ بولدىمۇ؟ سىزنى مۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن...

— مەن ئۇنداق ... سىز ئويلىغاندەكلەردىن ئەمەس ...

— ئەمىسە قانداق قىلاي؟ يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتەيمۇ - يا؟

— مېنى ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ، ئاندىن ...

— ھەۋزىخان، سىز بىلمەيسىز، مېنىڭ پۇلۇم، مال - دۇنيارىم يوق. دادىڭىز سىزنى ماڭا ھۆددەس بەرمەيدۇ ...

— بەرمىسە ... بەرمىسە ئەپقاچمامسىز؟ ... زەپ دېۋەڭكەن ...

— كېپىڭىز گەپمۇ؟ ۋاقتى كەلگەندە يېنىۋالامسىز - يا؟

— كېپىم گەپ، ئاۋۋال ئارىغا كىشى قويۇپ بېقىڭ ...

ئۇلار ئەمدى قوغۇن پىلەكلىرىنىڭ ئارىسىدىكى قىردا يانمۇ يان ئولتۇردى. ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە تەلمۈرەتتى، بىر - بىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى، ھېچقايسىسىنىڭ ئاۋۋال قوزغالغۇسى كەلمەيتتى.

— باياتىن قولىڭىز ئاغرىدىمۇ، ھەۋزىخان؟

— ياق ... قولام ئەمەس، سىزگە ئىچىم ئاغرىدى.

— ئۇنداق بولسا، مانا ئېڭىكىمنى تۇتۇپ بېرەي، يەنە ئىككىنى ئۇرۇۋېتىڭە، جۇگۇ - جۇگۇ ...

— ئۇرسا ئۇرغۇلۇق، ماڭا نېمىدى، شۇغىنىسى ئېڭىكىڭىز ئاجراپ كەتسە بۇ كېچىدە داۋا ئىزدەپ ئاۋارە بولمىسۇن دەيمىنا.

— داۋاسىمۇ تېپىلىپ قالار ...؟ — ئابدۇللا ھەۋزىخانىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

ھەۋزىخان يەرگە قارىۋالدى.

— خوش ئەمىسە ھەۋزىخان، خۇدايىمغا ئامانەت، ئېيتىڭە، يەنە كۆرۈشەلەيمىزمۇ؟

ئابدۇللا ئورنىدىن قوپۇپ ئېتىنىڭ ئالدىغا مېڭىۋىدى، ھەۋزىخانغا گويا يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك بىلىندى. تىلى تۇتۇلۇپ ئارانلا گەپ قىلالمىدى:

— كۆرۈشۈش نىيىتىڭىزلا بولسا ...

ئابدۇللا ئاتقا مىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ خېلىغىچە ھەۋزىخانىغا قاراپ تۇردى. كۆكتە ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى. تۇرلۇم - تۇرلۇم بۇلۇتلار دەريا دولقۇنلىرىدەك ئاقاتتى، ئات پۇشقىراتتى، تىپچەكلەيتتى. سۈتتەك ئاي نۇرى ئاستىدا، كېچىنىڭ سىرلىق جىمجىتلىقىدا ئۇ خۇددى رىۋايەتلەردىكى تۇلپارلاردەك ئاجايىپ گۈزەل، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە تىككىدە ئولتۇرغان نەۋقىران يىگىت بولسا، ئەنە شۇنداق تۇلپارنى مىنىپ يەتتە كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باسىدىغان، باتۇر پالۋانلارغا ئوخشايتتى. ئۇ يىراقلاپ كەتتى؛ ئاخىرى غايىب بولدى. ھەۋزىخانىنىڭ قەلبىنى ئېيتقۇسىز پۇشايمان، ھەسرەت چۇلغىۋالدى. كېچىنىڭ غۇر - غۇر شامىلى كۆچەيدى. شوخ شامال تىترەپ تۇرغان نازۇك يوپۇرماقلارنىڭ بەرگىدىن، يىراقتىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاي نۇرىدا سۈتتەك پارقىراپ تۇرغان يۈزىدىن، ھەۋزىخانىنىڭ مەڭزىدىن سۆيۈپ قاچاتتى. قايتىدىن كېلىپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى چۇۋۇپ، روممىلىنى ئۇچۇراتتى. ھەۋزىخانىنىڭ خىيالىمۇ تىنىمسىز شامالغا ئەگىشىپ يىراق - يىراقلارغا كېتەتتى...

ھەۋزىخان ئاجايىپ ئۇزۇن ئىككى كېچە، ئۈچ كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى. ئۇ كۈندۈزى مېڭىپ يۈرەتتى، كۈلەتتى. دادىسىغا، تۇغقانلىرىغا بىر نېمىلەرنى دەيتتى، ئەمما نېمە دېگىنىنى ئۆزى بىلمەيتتى. كېچىلىرىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي ھاياتى باشلىناتتى. ئۇ ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىقنىڭ، خىيال بىلەن چۈشنىڭ غۇۋا ئۇپۇقىدا ئابدۇللانى كۆرەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى ئۇ تۇگۈلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي شولىسىغا قاراپ ياتتى، تۇيۇقسىز ئۆگزە غىرىسلاپ قالدى. ئۆگزىدە كىمدۇر بىرى ئاۋايلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. ھەۋزىخان ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ كەتتى. ۋارقىرىماقچى، ئاكىلىرىنى ئويغاتماقچى بولدى - يۇ كۆڭلى بىر ئىشنى سەزگەندەك بولۇپ، تىلى سۆزگە بارمىدى. تۇيۇقسىز تۇگۈلۈكتىن بىر باش كۆرۈندى ۋە ئارقىدىنلا:

— ھەۋزىخان! ھەۋزىخان ... — دەپ ئاستا تۇۋلىدى.

ھەۋزىخان قىن - قىنىغا سىغماي قالدى. يۈرىكى ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى.

— ۋاي خۇدايىم! ئابدۇللامۇسىز؟ چاققان چۈشۈپ كېتىڭ، ئاكىلىرىم تۇيۇپ قالسا...

— مېنى يەتلە ھەيدەۋاتامسىز؟ ئەمىسە، مەن ... مەن...

تۇگۈلۈككە چاپلىشىپ تۇرغان يىگىتنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى، ئۇ قوپۇپ كەتمەكچىدەك بىر ھەرىكەت قىلدى - يۇ، قوپالمىدى ... ھەۋزىخان ئىشىكنى قانداق ئېچىۋەتكىنىنى، ئابدۇللانىڭ ئۆيگە قانداق كىرگىنىنى بىلمىدى. پەقەتلا ئالدىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئابدۇللانى كۆردى.

ئىككى تەن كۈچلۈك ھاياجاندىن لاغ - لاغ تىترەيتتى. بىھوش بىر ھالەتتە بىر - بىرىگە تەلپۈنەتتى - يۇ، قەدىمىنى يۆتكەشكە، سۆزلەشكە ھالى يەتمەيتتى. گويا ئىككىسى دۇنيانىڭ ئىككى چېتىدە تۇرغاندەك، بىر - بىرىگە يېتىش ئۈچۈن يۈز يىل كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى... ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ ئېتىلدى، ئوت بولۇپ يانغان تەنلەر كىرىشىپ،

ئىنىقلىرى قوشۇلۇپ كەتتى. يىگىت قۇچىقىدا لاغىلداپ تىترەۋاتقان ھەۋزىخاننى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈۋالدى...

ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكى ئاقىرىشقا باشلىغاندا ئابدۇللا ئۆيدىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بوۋاينىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، ئۇنىڭ يۆتەل ئاۋازى، ئاھ-ئۇھلىرى ھويلىنى بىر ئالدى. ئۇ ئادىتى بويىچە لەنىتى يۆتەل بىلەن بەل ئاغرىقىنى قوشۇپ تىللاپ، غۇدۇرغىنىچە ئېغىل تەرەپكە كەتتى.

ھەۋزىخان مەستخۇش ھالەتتە كۆزلىرىنى چالا يۇمۇپ ياتاتتى. ھاياجاندىن، شادلىقتىن قېنىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان يۈرىكى تېخى ئىزىغا چۈشمىگەن، ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق — سۆيۈشنىڭ ھارارىتى ئۆچمىگەنىدى. ئۆزىچە كۈلەتتى، ئۆزىدىكى ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرگە ھەيران قالاتتى. ئىلگىرى، خوتۇنلۇق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش ئۇنىڭ ئۈچۈن چىدىغۇسىز مۇشەققەتلىك ھاشار ئىدى. يۈرىكى مۇنداق سەكرەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقمايتتى، ھېچقاچان مۇنداق شادلىق ھەم بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ باقمىغانىدى. ۋۇجۇدىدا پەقەت ھايۋانلارچە بىرخىل تەقەززالىق بار ئىدى، ئارقىدىن قەلبىدە نەپرەت، يىرگىنىشلا قالاتتى. تاڭ ئاتار-ئاتماي ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ بويىنى سۇغا سېلىپ پاك-پاكىز بولغاندىن كېيىنلا يەڭگىللەپ راھەتلىنىپ قالاتتى. بۈگۈن بولسا تەن-تېنى، قوللىرىنىڭ ئۇچىغا قەدەر بىر راھەت ئىلكىدە. كۆڭلىدە قىلچە قورقۇنچ، دىلغۇللۇق يوق. ئەكسىچە، روھى ھەم تېنى بىردىنلا پاكلىنىپ، نۇرلىنىپ كەتكەندەك يېڭىچە بىر سېزىم بار.

ئەتىگەنلىك داستىخان ئۈستىدە يەڭگىلىرى ھەۋزىخاننىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سېزىشىپ، ھەيران بولۇشتى.

*   *

ھەۋزىخان يېقىنلا بىر يەردە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. گويا نۇرغۇن ئاتلار نەگىدۇر چېپىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ چۆچۈپ قۇلاقلىرىنى سىرتقا تىكتى. ئەمما بايىقى ئاۋازلار نەگىدۇر غايىب بولۇپ، ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمدى. قاراڭغۇلۇق قوينىغا مەشئۇم بىر جىمجىتلىق يېپىنىۋالماقتا ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنىڭ ئارقىسىدا نېمىدۇر بىر نەرسە يوشۇرۇنغاندەك بىلىنەتتى.

كىمدۇر بىرى جان-جەھلى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئوغرى! ئات ئوغرىسى، ۋاي، ئوغرىنى تۇتۇڭلار! بىرى پالاقشىپ يۈگۈرۈپ يەنە توختاپ قالدى. ئىشىكلەر غىچىرلاپ ئېچىلىپ ھەۋزىخاننىڭ ئاكىلىرى چاپانلىرىنى يېپىنچاقلىغىنىچە ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى، نۇرغۇن كىشىلەر ھويلا، ئېغىل ئىشىكىنى ئېچىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئات-ئۇلاق، جاندارلىرىنى ئىدىتلاپ باقتى. ئۆرە-تۆپە بولۇشتى، خېلى ئۇزۇنغىچە گۇدۇڭلىشىپ سۆزلەشتى. كېيىن ھەممىنى دادىسىنىڭ بوغۇق يۆتەل ئاۋازى بېسىپ چۈشتى، ئۇ خىرقىراپ تۇرۇپ ئوغۇللىرىغا:

— قوغلىغىنىڭلار بىكار، كۆزى بار ئىكەن كاساپەتلەرنىڭ ... بۇ ئەتراپتىكى ھەرقانداق ئات بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ يېتەلمەيسلەر. ئەمدىكى گەپ خوتۇن - بالىلىرىڭلارنى ئۆيىدىن چىقارماڭلار، ئىزنى بۇزدۇۋەتمىسۇن، — دېدى.

سەھەردە ئىزچى كەلدى. ئۇ تاغلىقلاردەك يوغان ئاق تەلپەك كىيگەن، چورۇق تارتقان، 50 ياشلاردىكى پوقاق ئادەم ئىدى. ئۇ تۇرقىغا خاس بولمىغان چاققانلىق بىلەن ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا، ئۆگزىدە بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن، ھەۋزىخاننىڭ ئاكىلىرىنى ۋە مەھەللىدىكى بىرنەچچە ئەرنى باشلاپ چوڭ يولغا چۈشۈپ كەتتى. بىر توپ كۆڭلەكچان، يالىڭاياغ ئاياللار بىلەن بالىلار دەرۋازا تۈۋىدە تۇرۇپ چاڭ توزىتىپ ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئىزچىلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ھەۋزىخاننى نېمىشقىدۇر بىر خىل ئەنسىزلىك ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئىزچىلار يىراقلاشقانچە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشە كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ، ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان تىترەكنى باسماقچى بولاتتى - يۇ، باسالمايتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ھەمراخان ھەۋزىخاننىڭ يېنىغا كىرىپ ئىزچىلارنىڭ ئابدۇللانى تۇتۇپ مىدىر - سىدىر قىلدۇرماي يامۇلغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى يەتكۈزدى.

بىر ئۇقۇشماسلىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئەمما ھەۋزىخان ئېغىز ئاچالمايدۇ، ئېغىز ئاچسىلا ئاكىلىرى ئالدىدا ئابدۇللانى تېخىمۇ چوڭ بالاغا تىقىدۇ.

يەنە ئىككى كۈن ئۆتتى، ئىزچىلار ئاتلىرىنىڭ ئات بېدىكلىرى تەرىپىدىن ياقا يۇرتلارغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ قايتىپ كېلىشتى. ئەسلىدە ئۇلار ئابدۇللا بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەندە، ئوغرىلار بېدىكلەر بىلەن بىرلىشىپ ئاتلارنى يۆتكەپ بولۇپتۇ. كېچىكىپ ئەقلىنى تاپقان ئىزچى پېشانىسىگە پاقىدە بىرنى ئۇرۇپ: «ئەستاغپۇرۇللا، كۆرمەمدىغان، مەزلۇم خەقنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇنداق بولۇپتۇ ئەمەسمۇ؟» دەپلا قاپتۇ. باشقىلار بۇ توغرىدا قانچە ئېغىز تاتىلىسىمۇ، قايتا زۇۋان سۈرمەپتۇ.

ئات دەۋاسى بارا - بارا جىمىقتى. ئەمما ھەۋزىخاننىڭ ئاكىلىرىنىڭ ئابدۇللاغا ساقلاپ كەلگەن خۇسۇمىتى يوقالمىدى. بولۇپمۇ ئىزچىنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە گۇمان ئۇتىنى يېقىۋەتكەنىدى. ئۇلار يوشۇرۇنچە ھەۋزىخانغا كۆز - قۇلاق بولۇشاتتى. پۇرسىتىنى تېپىپ ئابدۇللانى راسا بىر باپلاشنى كۆڭۈللىرىگە پۈككۈشكەنىدى. خۇددى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەك ئابدۇللامۇ شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ تەرەپلەرگە ئاياغ باسمىدى. ھەۋزىخان بولسا بىر تۇغقانلىرىنىڭ كۆزىچىلا غازاڭدەك سارغىيىشقا باشلىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ھارغان - ئاچقىنىنى، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيتتى، چاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ناخشىنى باشلايدىغان بولسا، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى پارا - پارە قىلاتتى.

* *

بۈگۈن ھەۋزىخان ھەمراخان بىلەن بازارغا كىردى. بازار ئىنتايىن قىزىغان،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئادەملەر تىقمۇتىق بولۇپ كەتكەنىدەك كۆرۈنەتتى، بازاردىن توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئاپقىلى بولاتتى. ئۇلار ئىككىسى يۈزىنى ئىنتىۋالغان بولسىمۇ، ئەتراپىغا سەگىرەپ قاراشلىرىدىن سەل چەتكىرەك چىقىپ، بىر-بىرىگە قاراپ، تەمتىرەپ توختاپ قېلىشلىرىدىن كىمنىڭدۇر ئىزدەۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ھەر ئىككىلىسىلا روھسىز، بوشاشقان. بازارچىلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ، ئارقىغا تاشلاپ ئۆزۈپ كېتىشىدۇ، ئۇلار بولسا، بازار ئەتراپىنى چۆگىلەپ كېتەلمەيدۇ.

— پال ئاچىمەن، پال! ھەي بەندىلەر، پېشانىگە يېزىلغاندىن قۇتۇلۇپ بولماس، ۋە لېكىن سەۋەب بىلەن سېۋەتتە سۇ توختىماي قالماس. ھەي بەندىلەر، ئاشىقنىڭ ئوتىدا ۋەيران بولغان مەشۇقلار، بىۋاپا دۇنيا سەۋداسىدا باغرى چاك بولغان بىچارىلەر...

يول ياقىسىدا كىرلىشىپ كەتكەن بوز كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقلىقىدىن ئورۇق، قاپقارا بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قارىغۇ پالچى ئولتۇرىدۇ. ئالدىدىكى پوچۇق ھېجىرغا بىرنەچچە تال سېرىق مىس يارماق، داستىخانغا گىردە، كاكچىلار تاشلانغان. ھەۋزىخان ئۇنىڭ ئالدىغا يۈكۈنۈپ، تاۋاقىغا بىرنەچچە تال يارماق تاشلىدى. قارىغۇ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتىپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇيتتى. ئۇ بىر ھازاغىچە لەۋلىرىنى مىتىلدىتىپ ئاندىن ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلىدى:

— كۆردۈم، كۆرىۋاتىمەن... ئالدىمدا بىر سىكىلەك ئولتۇرىدۇ، شۇنداق ئۈز، لېۋەن... پېشانىسىدىن دىلى يورۇق، تېگى ئېسىللىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ھەي ئېسىت... ئېسىت... بىچارە سىكىلەك كۈندەشنىڭ قولىدا جېنىدىن ئايرىلىدىكەن، كۈندەشنىڭ...

— يۇم ئاغزىڭنى، ھۇ... شۇم ئېغىز قېرى! زۇۋانىڭمۇ كۆزۈڭگە ئوخشاش تۇتۇلۇپ قالار ئىلاھىم، زەھەر تىلىڭ قۇرۇپ كېتەر...

ھەمراخان پالچىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ بېرىپ تىللىدى، بېشىغا توقماق تەگكەندەك بوشىشىپ، جىمىقىپ كەتكەن ھەۋزىخاننى تارتىپ يولغا ئېلىپ چىقتى. ئىككىيلەن ئارقىسىدىن بىرسى قوغلاۋاتقاندەك ئىتتىك-ئىتتىك ماڭاتتى. ھەمراخان خېلى يەرگىچە پالچىنى تىللاپ ماڭدى. ھەۋزىخان بولسا ئۆز خىيالى بىلەن. ئۇ ئابدۇللاننىلا ئويلايتتى، ئۇنى كۆرۈش تەقەززالىقىدا يۈرىكى ئوت بولۇپ ياناتتى. «ئۇ نېمىشقا يوق؟ مېنى ئۇنتۇپ كەتكەندىمۇ-يا؟»

كۆڭۈل ئەينىكىدە ئاشۇ بىرلا پىكىر تەكرارلىناتتى. ئوت تىلىدەك لۇغۇلداپ، كېڭىيىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئوراپ ئالاتتى. ئاشۇ لەنىتى خىيالنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى.

ئۇشتۇمتۇت، ئۇنىڭ ئالدى تەرەپكە مەقسەتسىز تىكىلگەن كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى. قاراڭغۇلىشىۋاتقان يەر-جاھان ئۇنىڭ كۆزىگە يورۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى. كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا بوز بەلباغدەك سوزۇلغان يولنىڭ چېتىدە بىر ئاتلىق كىشى ئۇلارغا ئالدىنى قىلىپ تۇراتتى. قارىغاندا، ئۇلارنى ساقلاۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە تىككىدە ئولتۇرغان ئاشۇ قامىتىنى ھەۋزىخان ھەرقانداق جايدا تو-

دۇۋالالايتتى. ھەمراخان ھېچنەرسە كۆرمىگەندەك ئۆتتۈپ كەتتى. ھەۋزىخان بولسا، تۇرغان جايىغا مىخلىنىپلا قالدى.
ئابدۇللا ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى:
— ھەۋزىخان!
. . . . . .
ئۇ ئالدىراپ ھەۋزىخانغا ئېگىشتى:
— ھەۋزىخان، ماڭا نېمىشقا قارىمايسىز؟ مېنى مۇنداق قىينىماڭ، ئاران بالالىقتا بىر كۆرۈشكەندە ... مەن ... راستىمنى ئېيتسام مۇنداق ئۆتتۈۋېرىشكە چىدىمىدىم...
— چىدىمىغىنىڭىز يالغان، راست بولسا نەچچە ئاينىڭياغى بىر كۆرۈشۈشنىڭ كويىدا بولماسمىتىڭىز!؟
— ماڭا نېمىشقىمۇ ئىشەنمەيدىغانسىز؟ كېچىلىرى ئۆيىڭىزنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرگىنىمنى، ئۆيىڭىزگە كىرەلمەي نېمە بولۇپ كەتكىنىمنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن، ئاندىن قالسا خۇدا ...
— ئەمىسە ... — ھەۋزىخاننىڭ ئاۋازى تىترەيتتى.
— گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام ... مېنى كەمبەغەللىكەن دېمىسىڭىز، ئىككىمىز...
ھەۋزىخان جادۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى-دە، سەل نېرىدىكى جىگدىلىككە كىرىپ نەم قىرغا ئولتۇردى. ئابدۇللا ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە يۈكۈندى. قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىگە تەلمۈردى.
ئۇلار شۇ ھالدا ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە مۇڭداشتى. ئات ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەيتتى، كىلىشكەن ئاتاغلىرى ئاستىدا چۇلغۇۋۇر خۇددى ئۇزۇن يىلاندەك سۆرۈلۈپ يۈرەتتى.

* *

چۈش. پايانسىز جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ھارۋا يولى خۇددى چەكسىز ئۇزۇن زەررەك لېنتىدەك پارقىرايدۇ. ئۇ گاھ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا غايىب بولسا، گاھ زۇمچەك-زۇمچەك يېشىللىقلار ئارىسىدا يوقاپ كېتىدۇ، تۇيۇقسىز يەنە كۆرۈنۈپ يىراق-يىراقلارغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. يول تېپىتىنچ، ئىنسى-جىنسىز. كېيىن، يولنىڭ نېرىقى چېتىدە كىچىككىنە قارا چېكىت پەيدا بولدى، بارا-بارا زورايدى، ئاخىرى ئۇنىڭ بىر ئاتلىق كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. كۆننىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي، يوغان تەلپەكنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بۇ كىشى ئاتنى بىرخىل يورغىلىتىپ ئارىباغ مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى تۇل خوتۇننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئىشىك ئالدىدا ئۈچ تۈپ ياڭاق دەرىخى بار ئىدى. ئېتىنى ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ بىرىگە باغلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي، ئۆيدىن پەرەنجىلىك چاققانغىنە ئايال چىقتى. ئۇ كىيىكتەك چاققان قەدەملەر بىلەن مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىغا

يۈرۈپ كەتتى، ئۇ تولىراق قوناقلىقلارنى ئارىلاپ ماڭاتتى، ئايىغى ئاستىدىن ھىلىدىن-ھىلىغا چېكەتكە، پاقىلار سەكرەپ چىققاندا، چۆچۈپ ئۆزىنى ئۇياقتىن-بۇياققا ئاتاتتى. ئاخىرى ئۇ توپىلاڭ يولغا چۈشتى. يالىڭاياغ پۇتلىرى بىلەن قىرى ئۇجمىگە يۆلەپ سىلىنغان تامغا ياماشتى. ھەش-پەش دېگۈچە چەتتىكى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈپ تۈڭلۈككە ئېڭىشتى. ئۇ يەردىن خېلىلا چوڭ بىر بوغجۇمنى كۆتۈرگىنىچە يولغا سەكرەپ چۈشتى. بىردەم توپا كېچىپ ماڭغاندىن كېيىن، قانداق كەلگەن بولسا، شۇنداق تېزلىك بىلەن قوناقلىقلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى، باۋۇدۇن ئاخۇنىنىڭ ھويلا ئىشىكى غىچىلداپ ئېچىلدى. سېرىق چېكىم گۈللۈك كۆك تاۋار كۆڭلەك كىيگەن، پەرەنجىسىنى قولىدا كۆتۈرگەن ھەۋزىخان سىرتقا چىقىپ، ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارىۋەتتى-دە، بايىقى ئايالنىڭ ئىزىدىن كەتتى. يىراقتا دۇنيادىن خەۋەرسىز بىر توپ يالىڭاچ باللار سۈيى قۇرۇپ قالغان ئېرىقتا لاي ئويناۋاتاتتى. ئۇلار بەدەنلىرىگە، يۈز-كۆزلىرىگە قاپقارا لاي سۈرتۈۋالغان بولۇپ، يىراقتىن خۇددى بىر توپ ھىندى باللىرىدەك كۆرۈنەتتى.

ھەۋزىخان شۇ ماڭغانچە بايىقى ئۈچ تۈپ ياڭاق تۈۋىگە كېلىپ توختىدى. ئۇ يەردە ئۇنى يوغان تەلپەك كىيگەن ئابدۇللا بىلەن بوغجۇما كۆتۈرگەن ھەمراخان ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۈن-تىنسىز بېرىپ ھەمراخاننىڭ قولىدىن بوغجۇمنى ئالدى. ئابدۇللا ئۇنى ئاتقا مىندۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئات تېپچەكلەپ كەتتى. ئابدۇللا بىر قولىدا ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى چىڭ تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى ھەۋزىخانغا بەردى. ھەۋزىخان ئابدۇللانىڭ قولىغا تايىنىپ، پارقىراپ تۇرغان ئۈزەڭگىگە دەسسەپ چاققانلىق بىلەن ئاتقا مىنىۋالدى. ئارقىدىن ئابدۇللامۇ مىندى.

— خوش، جېنىم ئادىشىم، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز. ھەۋزىخاننىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ ئاۋازى تىترىدى. ھەمراخان بولسا، ھېچنەرسە دېيەلمەي ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپقىنىچە ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا يۈگۈردى.

2

كېچە-كۈندۈز تىنماي يىغلاپ،
قوينۇم تولدى كۆز ياشقا.
يەنە يىغلاپ نېمە قىلاي،
قارا كۆزنىڭ كۆڭلى باشقا.

(خەلق قوشاقلىرىدىن)

ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھەۋزىخان بىلەن ئابدۇللا بۇ يىللارنى جاھاننىڭ بىر چېتىدە ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئۆتكەن كۈنلەر ئۈچۈن پۇشايمان قىلغىنى يوق. ھال-كۈنى ھېچكىمدىن قالغۇسىز، ھايات زوقى ۋە خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى. ئاخىرى ئاتا-ئانا، ئەل-يۇرت پىراقى ئۇلارنى ئارىغولغا قايتۇرۇپ كەلدى. كېلىپ ئەتىسىلا ھەۋزىخان ئېرىنى ئېلىپ دادىسىنى يوقلاپ باردى. دادىسى بىلەن ئاكىلىرى قۇچاق ئېچىپ

www.uyghurkitap.com

كۆتۈۋالغاندا، ئابدۇللانى «كۆيئوغلىممىز» دەپ ئەتىۋارلاپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغانـ
دا، ھەۋزىخاننىڭ كۆڭلىنى بېسىپ تۇرغان يوغان بىر تاش يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭ يەنە بىر
خۇشلۇقىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ، بىر تۇغقىنىدەك يېقىن كۆرۈپ ئەزىزلەيدىغان ھەمراخاننىڭ
ئاردىغولىغا ياتلىق بولۇپ، ھەۋزىخان بىلەن بىر مەھەللىلىك بولۇپ قالغىنى.

ھەمراخان قىز ۋاقتىلىرىدىكى قەددى-قامىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، يەنىلا چىرايـ
لىق ئىدى. يول ماڭغاندا لىغىرلاپ تۇرىدىغان تولۇق بەددىنى، ئالمىدەك چوقچىيىپ تۇـ
رىدىغان كۆكسى ئۇنىڭغا يېتىلگەن چوكانلارغا، ئانىلارغا خاس سالاپەت بەرگەنىدى. ئۇ
كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى بالىسىنىڭ ئوت پىراقىنى ئۇنتۇپ، قايتىدىن ئېچىلىپ-يېـ
يىلىپ، ھايات پەيزىنى سۈرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ گەپ قىلغاندا، قاقاقلاپ كۈلەتتى،
چېقىر كۆزلىرىنى ئويىنتىپ ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارايتتى. ئەرلەرنى كۆرگەندە ھەر خىل
خۇلقلىرىنى چىقىراتتى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ يەنىلا شۇنچە دىلكەش، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى
كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە مۇلايىم، يېقىملىق ئىدى. قەدىناسلار قايتا تېپىشقاندىن بۇيان
ئەتىگەن-ئاخشاملىرى بىر-بىرىدىن ئايرىلماي تېخىمۇ ئىجىل بولۇپ كېتىشتى. بۇ كۈنـ
لەردە ھەۋزىخانغا ئۆز بەختىمۇ خۇددى ئونبەش كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشاش تولغاندەك
بىلىنەتتى. ئەگەر ئۇلار بالىلىق بولسا، ئۇلارنىڭ بەختىگە بەخت قوشۇلاتتى، ھەر ئىكـ
كىلىسىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولاتتى.

* *

ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى يول، باغنىڭ سوقما تېمى، باغدىن سىرتقا چىقىپ تۇرغان
شاختا غۇچچىدا غورا. ھەۋزىخان ئېگىزگە سەكرىدى، بولمىدى، يەنە سەكرىۋىدى ئاخىرى
شاخنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇۋالدى، يەنە بىر قولىنى ئۇزىتىپ غورىلارنى ئۈزمەكچى بولۇشىغا
يوغان بىر سېرىق ئىت ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېتىكىنى چىشلىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا كۆـ
چەپ بىرنى تەپتى. ئىت تۇيۇقسىز قىزىل يۈزلۈك، ساقاللىق ئەر كىشىگە ئايلاندى. ئۇ
توختىماي ھىجىيىپ ھەۋزىخاننىڭ قولىغا ئېسىلاتتى. ھەۋزىخان ئۇنىڭ قىزغۇچ، ھېسىپـ
تەك تولۇق بارماقلىرىنى چىشلىمەكچى بولدى، ئەمما، ئۇ ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ ئۆزىـ
گە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان ئابدۇللا ئىكەنلىكىنى كۆردى. تۇۋا، ئابدۇللا ئىشتانسىز
ئىدى. ئۇنىڭ يالىڭاچ ساغرىسى، پاچاقلىرى شۇنچە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەۋزىـ
خان خىجىلچە چىڭ تۇتۇپ تۇرغان شاخنى قويۇۋېتىپ ئابدۇللاغا ئىشتان ئەكىلىپ بەرـ
مەكچى بولدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلدى. شۇنچە تىرمىـ
شىپ زادىلا قوپالمىدى...

ھەۋزىخان يۈرىكىنى تاشتەك ئېغىر بىر نەرسە بېسىپ تۇرغان ھالەتتە ئويغاندى،
گاڭگىراپ ئۆيىنىڭ تام-تورۇسىغا، بۇلۇڭ-بۇلۇڭلىرىغا قارىدى. توغرا، بۇ ئۆي ئۇنىڭ
ئاردىغولدىكى يېڭى ئۆيى. ئەمما ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۆزىنى ئېچىپلا ئۆزىنى تاماـ
مەن يات بىر جايدا تۇرغاندەك سېزىدۇ. تۆت ئەتراپىغا، ئىشىك، تۈڭلۈكلەرگە سىنچىـ

www.uyghurkitap.com

ىلاپ قاراپ، ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى خېلى تەستە ئەسكە ئالىدۇ. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى چۈش ئۇنى ئويغا چۆمدۈردى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىدە ئۆتتەك تەشـ
ىالىقنى سەزدى. ئۇ خۇددى چاقىرغان كىشىنىڭ سوغا بولغان تەشنالىقىدەك كۈچلۈك
ئىدى ۋە بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. شۇ چاغ ئۇنىڭ ھەمراخان بىلەن كۆرۈشكۈسى،
ئۆزىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتقۇسى كەلدى. ئۇ چاي قايىنىتىۋېتىپ،
ئېرى بىلەن چاي ئىچىۋېتىپ ھەمراخاننىڭ يولىغا قاراردى. چۈشكىچىمۇ قارىدى، بۈ-
گۈن ھەمراخان قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى، نېمە بولدىكىنە؟ ئادەتتە ئۇ بۇ ۋاقىتقىچە
ئۈن قېتىم بېشىنى تىقىپ بولاتتى، چۈشلۈك غىزا ئۈستىدە ئۇ ئېرىگە ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈن ھەمراخانغا نېمە بولغاندۇ؟ ئاغرىپ قالغاندىمۇ ـ يا!

ئۇ ئابدۇللانىڭ ۋىللىدا قىزارغىنىنى سەزدى.

— ئۆيى بار ئادەم ... ئىشى چىقىپ قالغاندۇ، ھەقىچان ...

ھەمراخان كەچكە يېقىن كەلدى، يۈزىنى رومىلى بىلەن قىيا توسقىنىچە دەرۋازا
تۈۋىدە بىردەم تۇرۇپلا كېتىپ قالدى. ھەۋزىخان ھەمراخاننى ئۇزىتىپ كەينىگە ئۆرۈلـ
گەن چېغىدا يۈزى قىپقىزىل بولۇپ ئۆپكىدەك ئېسىلغان ئابدۇللا بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچـ
رىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇ بىر ئۇچقۇن چاقنايتتى. ئۇ ھەۋزىخانغا
خۇددى يۆچۈن ئادەمدەك قارىدى. ھەۋزىخان ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىنى، ئاشۇ كۆزلىرىنى زا-
دىلا ئېسىدىن چىقىرالمىدى.

* *

سەرتان مەۋسۇمى كىردى. ياز بويى ھەر بىر تۈپ بۇغداينىڭ ئەتراپىدا نەچچە
چۆگىلىگەن دېھقانلار تەييار بولۇپ قالغان ئەمگەك مېۋىسىنى يىغىۋېلىشقا ئالدىرىماقتا.
ئورمىنىڭ ئىسسىقنى ھېچنەرسىگە تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدۇ. ئۈستىدىن ئوتتەك كۈن قىز-
دۇرسا، بۇغدايلىقتىن گۈپۈلدەپ ئىسسىق ھور ئۆرۈلىدۇ. دېھقانلار بۇ ھارارەتنى ئوپ
دېيىشىدۇ. كۈندۈزى شۇنداق ئىسسىق بولغىنىغا قارىماي، ئاخشىمى مۇزدەك سالقىن بولىـ
دۇ. ئايدىڭدا غۇر ـ غۇر شامالدا شەبنەم باسقان بۇغدايلىقتا ئورما ئورىماقنىڭ ئۆزى بىر
راھەت. جىمجىت سالقىن كېچىدە قۇلاق سالىدىغان بولسىڭىز، بۇغدايلىقنىڭ بېسىق شاۋ-
قۇنى ئىچىدىن «شىرت ـ شىرت»، «كىرت ـ كىرت» قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. ئايدىڭدا يو-
غان ئورغاقلار ۋالىلدايدۇ. تۇرۇپلا بىرلىرى مۇڭلۇق ئاۋازدا ناخشا باشلايدۇ. پەريادقا،
پىغانغا ئوخشايدىغان ئاھاڭ كېچە ئاسمىنىدا لەرزان سوزۇلۇپ، كىشىلەرنى ئاللىقانداق
ئويلارغا سالىدۇ. ئۆتكەن ئىشلارنى، ئۆتۈپ كەتكەن تالاي ئايدىڭ كېچىلەرنى ئەسلىتىپ
كۆڭۈلنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا يوشۇرۇنغان نازۇك ھېسسىياتلارنى ئۇرغۇتىدۇ. قاراڭغۇ-
لۇقتا كىملەردۇر سوزۇپ ـ سوزۇپ: «ئاھ ... دەردىما!»، «ئۇھ» دەۋېتىدۇ.

كىتىر ـ كىتىر، شىتىر ـ شىتىر ئاۋازلار تېخىمۇ مەۋجىگە چىقىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچـ
قۇچە دەريادەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان بۇغدايلار غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى دۆۋە-

دۆۋە، باغلام ـ باغلام ئۈنچىلەر ئىگىلەيدۇ. ھارغان، ئاچقان، قاپاقلىرى بىر ـ بىردەك چاپلىشىشقا باشلىغان دېھقانلار ئۇدۇل كەلگەن يەرگە، قۇرۇقىراق قىرغا، ئۈنچە دۆۋىلىرىگە ئۆزىنى تاشلاپلا ئۆلۈكتەك ئۇيقۇغا كېتىشىدۇ. تاڭ سۈزۈلۈپ، مەھەللە تەرەپتىن قېرى مەزىننىڭ تىترەك ئاۋازى ئاڭلانغاندا كۆپچىلىك ھارغىنلىقتىن تاشتەك قاتقان، سىقىراپ ئاغرىۋاتقان بەدىنىنى تەسلىكتە يۆتكەپ مەسچىتكە، ئۇ يەردىن ئۆيلىرىگە بارىدۇ. ناشتىدىن كېيىن يەنە كۈن تىكلەشكىچە ئىشلەيدۇ.

ئورما ـــ مەن ـ مەن دېگەن دېھقاننى سىنايدىغان مەيدان. ئورمىغا بوش دېھقان ـــ دېھقان ئەمەس.

ئەتىيازدا ئابدۇللا دەريا بويىدىكى تىكەنلىككە بۇغداي تېرىغاندا دېھقانلار:

ـــ قاراپ تۇرۇڭلار، ئابدۇللاخۇن بۇ يەرگە بۇغداي تېرىپ تىكەن يىغىۋالىدۇ، ـــ دېيىشكەنىدى. كۈتمىگەندە بۇ يەرنىڭ بۇغدايلىرى ھەممىدىن بەكرەك ئوخشىدى. مانا ئورمىمۇ كەلدى. بۇغدايلارغا تازا ئورغاق سالىدىغان پەيتتە، ئابدۇللانىڭ بەدىنىنى چىقان يارىسى بېسىپ كەتتى. جاراھەت خۇددى پۇتۇن بەدىنىگە يىلتىز تارتىپ كەتكەندەك پۇتى ساقايسا بېلىدە، بېلى ساقايسا قولىدا كۆكلەۋەردى. بۇغدايلار بولسا تۆكۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىتام قوشنىسى روزىمەتاخۇن ياردەملەشمەكچى بولۇۋىدى، ھەۋزىخان ئۇنىمىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئابدۇللامۇ بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى.

روزىمەتاخۇن 36 ـ 37 ياشلاردىكى يوغان يارپا ئادەم، ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايىدا قىزلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سارغۇچ قىسىق كۆزلىرى ھەييارلىق بىلەن چاقنايدۇ. چىرايلىقراق قىز ـ چوكانلارنى كۆرگەندە بولسا، بۇ كۆزلەر خۇمارلىشىپ يۇمۇلۇپ كېتىدۇ، قېلىن لەۋلىرىنى توختىماي تامشىيدۇ. كىشىلەر ئۇنى «روزىمەت خوتۇنباز» دېيىشىدۇ.

ھەۋزىخانلار كۆچۈپ كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان كۈنلەر ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ غەلۋىر سوراپ تام قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا كىردى. روزىمەتاخۇن ھويلىدا كەتمەن دەستىلەپ ئولتۇراتتى. ھەۋزىخان ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولدى ـ يۇ، ئۈلگۈرەلمىدى. روزىمەتاخۇن ھىجىيىپ ئورنىدىن تۇردى:

ـــ بولدى، بولدى، بىزدىن قاچمىسىلا ھەۋزىخان، بىز دېگەن ئۆز ئادەم ئەمەسمىدى...

ئۇ غەلۋىرنى ئۆزى ئەپچىقىپ بەردى. تېخى ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ ياغلىما سۆزلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى، ھەۋزىخان بولسا، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن خۇددى يۈزىگە پاسكىنا بىر نەرسە چاپلىشىۋالغاندەك بىزار بولۇپ، ھويلىسىغا يېنىپ كىرىۋالغۇچە كۆزى تۆت بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەۋزىخاننى يىراقتىن ئەگىپ يۈرۈيدىغان، يوللاردا ئۇچرىشىپ قالغاندا بولسا، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. بىر قېتىم ھەۋزىخان ئۆيدە ئۇن تاسقاۋاتاتتى «توككىدا» قىلىپ تۈگۈلۈكتىن بىر تال چالما چۈشتى. ئارقىدىنلا يەنە بىرى تاسقاپ قويغان ئۇنىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى. ھەۋزىخان قولىغا كالتەك ئېلىپ ئۆينىڭ

www.uyghurkitap.com



كەيىنگە چىقىشىغا، كىمدۇر بىرى پالاق - پۇلۇق قىلىپ قاچتى. ھەۋزىخان جىگدە شاخلى-
رى ئارىسىدىن روزىمەتاخۇننىڭ كېلەگۈسىز گەۋدىسىنى غىل - پال كۆرۈپ قېلىپ ئىچىدە
كۈلدى.

ئەنە شۇندىن ئارتىپ ئۇنىڭ ھەۋزىخانلار بىلەن قېيىشقىنى قېيىشقان. ئۇ پات-
پاتلا ئۇلارنىڭ يېرىگە ماللىرىنى قويۇۋېتىدۇ. بىر قېتىم ئۇلار يەر سۇغىرىۋاتقاندا ئۇ
ئېرىقنىڭ قېشىنى قەستەن بۇزۇۋېتىپ، بىرمۇنچە سۇنى بىكارغا ئېقىتىۋەتتى. شۇ قېتىم
سۇ نۆۋىتى كۈتۈۋاتقانلار كەتمەن كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ ئابدۇللانى ئۇرماقچىمۇ بولۇش-
قانىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى مۆھتىرەمخان بولسا، تايىنى يوقلا بىر خوتۇن. خۇشى تۇتسا
ھەۋزىخان دېسە، ھەۋزىخان دەپ قىلارغا قىلىق تاپالمايدۇ. تۇرۇپلا تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ
قاپاقلىرىنى سۈزۈپ تەتۈر قارايدۇ. لېكىنزە، ھەرقانداق چاغدا ئېرى بىلەن ھەۋزىخانغا
كۆز - قۇلاق بولۇشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ھەۋزىخانمۇ «ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە
قاراپ دەم» دېگەندەك ئىش تۇتۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى تىنىمسىز ئۆزگىرىشلەرنى ئانچە
پىسەنتىگە ئالمايدۇ.

ئايدىڭ ئاخشىمى، ھەۋزىخان ئاق شايى ياغلىقىنى چېكىلەپ تېڭىپ، قوش ئەستەر-
لىك نىمچىسىنى يېپىنچاقلاپ ئېتىزلىققا ئۆزى چىقتى. بۇغدايلار ئۆستەڭنىڭ نەم ھىدى
كېلىپ تۇرىدىغان مەيىن شامالدا يېنىك چايقىلاتتى. تولۇق، ئېغىر باشاقلار ئۇنىڭ قول-
لىرىغا، بىلەكلىرىگە سۈركىلەتتى، قىلتىرىقلىرى بىلەن غىدىقلايتتى، سەل نېرىدىن ئۆس-
تەڭ سۈيىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۆستەڭ بويىدىكى قاتار تېرەكلەر خۇددى
پايانسىز زېمىننىڭ قاراۋۇللىرىدەك بىسىق شاۋقۇن ئىچىدە سۈكۈتتە تۇرۇشاتتى. تېرەك-
لەرنىڭ ئۈستىدە قارا مەرمەردەك ۋاللىداپ تۇرىدىغان ئاسماندا يۇلتۇزلار گويا سانسىز
نۇرلۇق كۆزلەردەك زېمىنگە تىكىلگەنىدى.

ھەۋزىخان چاپىنىنى قىرغا تاشلاپ قويۇپ، قولىغا تۈكۈرۈپ شارتىلدىتىپ ئورما ئو-
رۇشقا باشلىدى... قانچىلىك ئورىدىكىن، ئىككى بىلىكى سىقىراپ ئاغرىپ قوللىرى ھېچ-
نەرسىنى سەزمەس بولدى. ئۇيقۇسى كېلىپ، بېشى ئېغىرلاشتى. بىر چاغدا ئولتۇرغان
يېرىگە موك چۈشتى - دە، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. تۇيۇقسىز ئۇنى ئېغىر بىر نەرسە بېس-
ۋالدى. يىرىك ساقاللىق ئېغىز ئۇنىڭ مەڭزىگە، لېۋىگە، بويۇنلىرىغا ئەسەبىيلەرچە سۈر-
كىلەتتى. يوغان بىر قول ئاستا - ئاستا پەسكە سۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ مەيدىسى ئۈستىدە بىر-
دەم توختىدى، ئارقىدىن يەنە پەسكە سۈرۈلۈشكە باشلىدى. تاشتەك قاتقان ھەۋزىخان
مىدىر قىلالمايتتى، كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى. ئۇ خىيالىدا ئۆزىنى ئۆيىدە دەپ بىلەتتى.
تۇيۇقسىز، ئۇ يات بىر نەپەسنى سەزدى. دىڭگىدە چۆچۈپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى.
قاراڭغۇلۇقتا ئۆزىگە بەكمۇ يېقىندىن تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئوغرى مۈشۈكنىڭكىدەك بىر
جۈپ كۆزنى تونۇپ، بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى، ئۇ يۇلقۇندى، سىيلىكىندى، نەدىن
كەلدىكىن، ئاجايىپ بىر كۈچنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۈستىدىكى ئادەمنى ئىرغىتىپ تاشلاپ
ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئورغاقنى ئىزدەشكە
باشلىدى. ئۇ بىسى پارقىراپ تۇرغان يوغان ئورغاقنى قولىغا ئالغاندا بايىقى ئادەم ئال-

لىقاچان كۆزدىن غايىپ بولغانىدى. ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل روزىمەتاخۇن ئىدى.

* *

ھەمراخان ئەتىگەندىلا بىر ئېتەك ئالما بىلەن بىر سىقىم ئوسما كۆتۈرۈپ كەلدى. ھېجىر تاۋاقنى دۈم كۆمتۈرۈپ ئوسمىنى سىققاندىن كېيىن، كۆپنىڭ يېنىدىكى نەم يەردىن ئۆزى قاچانلاردىدۇر تىقىپ قويغان پەلكۈچنى تېپىپ كەلدى-دە، ھەۋزىخاننىڭ ئەينىكىنى سۇپىغا تىكلەپ، ئوسما قويۇشقا باشلىدى. ھەۋزىخان ئالما يېگەچ ئۇنىڭ ئوسما قويۇشىغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇ ئوسمىنى ھەمىشە شۇنداق ئىنچىكە ھەم ئەگمەچ قويىدۇ. قېشىغىلا ئەمەس، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا، كىرپىكلىرىگىمۇ قويىدۇ. قىزىق، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئوسما ئىچىدۇ، ئاق سېرىق، ئايدەك چىرايىغا ئوسما شۇنداق يارىشىدۇ. كۆزلىرى يوغىراپ، قاش-كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ھەمراخان ئوسمىنى قويۇپ بولۇپ، چىت كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇردى. ھەۋزىخان ئەينەككە مەيۈس كۆز تاشلىدى، يېقىندىن بۇيان ئۇ ھەر قېتىم ئەينەك ئالدىغا كەلگەندە مۇشۇنداق مەيۈسلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەينەكتە قاراپ تۇرغان ئورۇق، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ئىككى مەڭزىنى قاپقارا داغ باسقان ئايال گويا تامامەن يات بىرسىدەك بىلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ھازىرغا قەدەر پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئايان. لېكىن، ئۇ ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاغا ئېغىز ئاچمىدى. ھەمراخان بىلەن بولسا، خېلىدىن بېرى ئىچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭلاشقىنى يوق. ئۇ ئوسمىنى ھەمراخاننىڭ كۆڭلىنى دەپ نېرى-بېرىدىن قويۇپلا يۇيۇۋەتتى، ھەمراخان بولسا، ھەۋەس بىلەن يەنە ئۈچ-تۆت قېتىم سۈلاپ ئاندىن يۇدى. ئۇنىڭ ئوسمىسى بۈگۈنمۇ قانداق قويغان بولسا، شۇنداق ئېچىپ قالدى.

— «ئوسما ئامراققا ئەر ئامراق» دېگەن گەپ بىكار ئەمەس جۇمۇ ھەمراخان، ئاي بولۇپ كەتتىڭلار، ئاي. مەھەللىنىڭ ئەر خەقلىرى خوتۇنلىرىغا قارىغىلى ئۇنىمىسا قانداق قىلغۇلۇق ...

ھەمراخانغا ئامراقلىقى كەلگەن ھەۋزىخان ئۇنىڭ مەڭزىنى چىمداپ تۇرۇپ شۇنداق چېقىشتى.

— ئۇ... ھوش، قويىڭە خېنىم، ئەر خەق دېگەننى، ئۇنىڭ بىر پۇللۇقى يوق... ساپلا ئۆچمە كۆڭۈل بىر نېمىلەر. كۆيدۈم-پىشتىم، دەپ قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ، ئارقىدىن ...— ھەمراخان گېپىنى يوتۇۋېتىپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى، — خوش ئاداش، مەن كېتەي. ھېلىقى گاداي بەك كۆڭلەمچى بولۇپ كەتتى، سايەمدىنىمۇ كۆنلەيدۇ، تالاغا چىقسامغۇ بولدى، سوراققا تارتماي قالمايدۇ ...

— ھەر قانچە بولسىمۇ بىردەم ئولتۇرۇڭلار، ئامدان ئاداش، بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرمىز، ئۇزۇن زامان بولاپتۇ ئىككىمىز مۇڭداشمىغىلى. سىلىگە ساقلاپ قويغان شۇنداق

جىق گەپلىرىم بار دەڭلا...

ھەمراخان يېنىپ سۇپىدا ئولتۇرۇشىغا، كوچىدىن ئابدۇللانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ روزىمەتاخۇن بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ھەمراخان قوپۇپ ماڭدى. ئۇنى ئۆزىتىپ ئىشىككە چىققان ھەۋزىخان تەرى تۇرۇلگەن ھالدا كىرىپ كېلىۋاتقان ئابدۇللا بىلەن ئۇسۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى.

— ماۋۇ بۇزۇق نېمىدەپ كەپتۇ، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ!

ئابدۇللا ھەمراخانغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئاغزىنى بۇزدى. ھەۋزىخاننىڭ ھەيرانلىقتىن يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىگە قارىمايلا بېرىپ سۇپىغا سوزۇلدى. تاكى ھەۋزىخان يۈزىدە چىگىردەك بىلەن يۇمغاقسۈت لەيلەپ تۇرغان ئۈگرىنى ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە ئاندىن ئورنىدىن تۇردى، ئاشنى بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئىچىپ يەنە ئېتىزغا چىقىپ كەتتى.

... قاچانلاردىن تارتىپكىن، ھەۋزىخان ئۆز بەختىنىڭ ئارىسىغا نېمىنىڭدۇر يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى، قانداقتۇر بىر ئەندىشە كېچە-كۈندۈز يۈرىكىنى سىقاتتى، پات-پاتلا چۈشى بۇزۇلۇپ قالاتتى، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئاشۇ نامەلۇم نەرسىنىڭ ئۆز بەختىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن، ئۆمۈرلۈك داغدا قېلىشىدىن قورقاتتى. ئادەم مۇرادىغا يەتكەندە رىسقىمۇ تۈگەرمىش. بەك قاملىشىپ كەتكەن ئىش چوقۇم بۇزۇلارمىش... خۇدا ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلا. ھەۋزىخان ھەر قېتىملىق ناماز، دۇئالىرىدا چىن ئىخلاسى بىلەن شۇنى تىلەيتتى.

ئەمما... ئابدۇللا تۇرۇپ-تۇرۇپلا جىمغۇر، سوغۇق، يات ھەم سۇرلۇك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى. ھەۋزىخان ئابدۇللانىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈشتىن ئىككى كۆزى كور بولۇپ قېلىشنى ياكى ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرەتتى. چۈنكى ئۇ ئابدۇللانى ھېلىھەم جېنىدىن ئەتىۋار كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئۇنىڭ پۈتۈن سەزگۈ ئەزالىرى قۇلىقىغىلا مەركەزلىشەتتى. قاچانكى ھويلا ئىشىكى تاراقشىپ، تونۇش ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندا گۈلقەقەلىرى ئېچىلاتتى. كۆلۈپ، يۈگۈرۈپ ئابدۇللانىڭ ئالدىغا چىقاتتى، قولىغا سۇ بېرەتتى، ئۇنىڭ يوغان قوللىرى بىلەن ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل قىزغۇچ يۈزىنى، بويۇن-باشلىرىنى يۇيۇشىغا، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن غىزا يېيىشىگە قاراپ تويمايتتى. ئابدۇللا ئېغىلدا، ھويلىدا ياكى ئۆگزىدە ئىشلەپ يۈرگەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك جىمجىت ئەگىشىپ يۈرەتتى. بەزىدە ئابدۇللا شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، خىرىلداپ كۈلگىنىچە ئۇنى بېلىدىن قۇچاقلىۋالاتتى، كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈۋېلىپ ئۆيگە ئەپكىرىپ كېتەتتى...

ئەمما... ئۇ ھازىر گويا ئۆيدە ھەۋزىخاننىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيدۇ، سەزمەيدۇ. ياكى بىلىشنى، سېزىشنى خالىمايدۇ. ھەۋزىخانغا كۈنلەپ-كۈنلەپ گەپ قىلمايدۇ.

* *

ئۆيدە بۇغداي ئۇنى ئۆزۈلۈپ قالغىلى خېلى كۈنلەر بولدى. ھەۋزىخان قوناق ئۈگرىسى بىلەن سىنقماقنى ئېتمۇۋېرىشتىن زېرىكتى. شۇڭا، ئابدۇللانىڭ قولى بوشىشىنى

ساقلاپ تۇرماي، ئېشەككە بىر تاغار بۇغداينى ئارتىپ تۈگمەنگە ماڭدى. ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى چىغىر يول كەنت سىرتىغا، يېقىندىلا ئېقىپ ئۆتكەن چوڭ سىزنىڭ ئىزى قالغان سايلىقتا چىققاندىن كېيىن كېڭىيىپ تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ يوق بولۇپ كېتەتتى. ھەۋزىخان ئۆستەڭنى بويلاپ ماڭدى، سەل نېرىدا بەش - ئالتە ياشلاردىكى ئىككى كىچىك بالا سۇ ئېقىتىپ كەلگەن شاخ - شۇمبا، دەرەخ يىلتىزلىرىنى تىرىۋاتاتتى. ئاق ياغلىق ئارتقان بىر ئايال ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئېگىشىپ بىر نېمىلەر قىلىپ يۈرەتتى. ھەۋزىخان كىچىكرەك، چىرايلىق ئوغۇل بالىغا زەڭ قويۇپ قاردى. ئۇ ئۆز بالىسىنىڭمۇ ئەنە شۇنداق چىرايلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

دۆڭدە چوقچىيىپ تۇرغان كونا تۈگمەن يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىناتتى. تۈگمەن يېقىن بولسا كېرەك، تۈگمەننىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى تام بويلاپ قويۇلغان يوغان كۆتەكتە ئۈچ - تۆت خوتۇن ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەۋزىخاننىڭ قوشنىسى مۆھتىرەمخانمۇ بار ئىدى. تۈگمەن ئىچىدە قېرى تۈگمەنچى بىلەن ئۈچ ياش يىگىت قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويغان ھالدا ئۇخلاپ يېتىشاتتى. تۈگمەنچى بولسا، سۇنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى بېسىشقا ئۇرۇنۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا رۇستەم داستانىنىڭ جەڭ قىسىملىرىنى سۆزلىمەكتە ئىدى. يىگىتلەر ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھەۋزىخاننىڭ تاغىرىنى تامغا يۆلەكلىك تاغار - خالتىلارنىڭ يېنىغا تىزىپ قويغاندىن كېيىن يەنە جايىغا بېرىپ يېتىشتى. ھەۋزىخان سەل ئىككىلەنگەن ھالدا ئاللاغا، ئايال- لارنىڭ يېنىغا چىقتى.

— ھەممىلىرى ھارمىغايلا.

— ھارمىسلا، ئۆزلىرى ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا؟

ئاياللار ئورۇنلىرىدىن سەل - پەل مىدىراپ ھەۋزىخانغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىشتى. ئەمما، ھەۋزىخاننىڭ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلگەن پاراڭ قايتا ئۇلانمىدى. ئارىدا خېلى- غىچە ئوڭايسىز جىم-جىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بىر ئايال زاغرا نان يەپ ئولتۇراتتى. ھەۋزىخاننىڭ ئاشۇ ناندىن يېگۈسى كەلدى. ئايالغا قاراپ - قاراپ قويدى-يۇ، سوراشتىن ئۇيالدى.

— ئاڭلىساق، ھەمرا بىلەن كۆڭۈللىرى يېقىن ئىكەن، — دەپ خىڭىلداپ گەپ باشلىدى بىر ئايال، — ئۇ ھىدىقا① دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىمىز بارتى...

ئۇ ئاغىچا يۇغۇچتەك قورۇق، بۇرنىنىڭ يېرىمىنى سىفىلىس يەپ كەتكەن ئايال ئىدى. ھەۋزىخاننىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتتى:

— ھەمراخاننىڭ بۇزۇقلۇقىنى ھەر قايسىلىرى بىلىشىدىكەنلىغۇ، تىل قىسىنچىلىق- لىرى بولمىسا، گەپنى ئۆزىگە دېيىشسىلە. مەن خەۋەرچىلىكنى ئەپلەشتۈرەلمەيمەن.

— بۇزۇق بولماي نېمىدى ئۇ! ئارىباغقا كەلگەندىن بېرى كوسۇك ئىتتەك سو- كۇلداپ ھېچكىمنىڭ ئېرىنى ساق قويمىدى.

— ئېرى بار خوتۇنغا كەلسە - كەلمەس قارا چاپلىشىۋەرمىسىلە بولارمىكىن، گەپ-

---

① ھىدىق - خوتەن شىۋىسى بولۇپ، بۇزۇق سېسىق مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com

نى قىلغان بىلەن ھۆددىسىدىن چىقماق تەس...

ئاياللار تۇشمۇتۇشتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— مانا مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، بۇلتۇر قوناقلىقتا...

— مېنىڭ ئاشۇ مۆلۈك ئېرىمنىمۇ بوش قويمىدى ئۇ قېرى قانجۇق.

— ئېسىت، ھەسەن ئاخۇن ئالتۇنغا بەرگۇسىز ئادەمتى، ئاشۇ بۇزۇقنىڭ دەردىدە شوۋىچى بولۇپ قالدى...

ھەۋزىخان قوپۇپ كەتمەكچى بولغانىدى، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى. گەپ - سۆزسىز ئولتۇرغان مۆھتىرەمخان مەسخىرە ئاھاڭدا سۆز ئېچىپ قالدى:

— باشقا ئادەمغۇ بىر نۆرى، ئەرلىرى ئابدۇللاخۇننىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىغا بىر زەڭ قويۇپ باقسىلا.

ھەۋزىخان پېتىنى بۇزماي ئولتۇردى، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۆتكۈر بىر خەنجەر سانچىلىپ بولغانىدى.

— قايسى كۈنى ئېتىزلىقتا ئوت ئوتاۋاتسام، نېرى قاتتىكى جىگدىلىكتىن بىر ئەر بىلەن بىر مەزلۇم كىشىنىڭ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاستا ماراپ باقسام، كىم دېمەيلا، ئابدۇللاخۇن بىلەن ھەمراخان! تووا ئابدۇللاخۇن ئۇنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ تۇتۇۋاپتۇ، ئۇ بىر تۇرۇپ قېيداپ قالغاندەك قىلىدۇ، بىر تۇرۇپ ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ، ئىككىلىسى خۇددى بىر - بىرىنى يەۋېتىدىغاندەك قارىشىدۇ. چەتتە قاراپ تۇرۇپ يېرىلىپ كەتكۇدەك بولدۇم، شۇنداقمۇ تۇزكورلۇق بولامدىغان، خەق سېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتەرسۇنۇ، سەن قوپۇپ خەقنىڭ بېشىغا نىجاسەت تۆك...ھېلىقى يوغان سېرىق ئىتىمنى «ئالە پاچاقتىن» دەپ كۇشكۇرتۇۋىدىم، ئىككىسىنىڭ ئاللا تووۋىسىنى چىقاردى، تازا. ھى، ھى، ھى...ھا، ھا، ھا...

ئاياللار ھەمراخاننى ئىت ئەمەس، ئۆزلىرى تالاپ يۇخادىن چىققاندەك بولۇپ كۈلۈشتى.

— ئابدۇللاخۇنمۇزە...ھېچكىمگە كۆز سالماي يۈرگەندەك قىلاتتى، ئەسلى...

ھەۋزىخان تامنى تۇتۇپ تەستە ئورنىدىن تۇردى، ئىشەكنى ھەيدەپ ئۆيىگە قايتتى.

*                *

كۈن غەربكە قىيسىيىپ، ئاستا - ئاستا يىراقتىكى قۇملۇقنىڭ كەينىگە چۆكۈپ كەتتى، ئەتراپ گۇگۇم پەردىسىگە ئورالدى. ئاسماننىڭ قۇياش پېتىپ كەتكەن بۇرجىكى خۇددى ئوت كەتكەندەك قىزارغانىدى. ئۇ يەردە توپ - توپ قىزىل بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى.

قاراڭغۇلۇق، سىياھدەك قاپقارا، باش - ئۇچى، چېكى يوق قاراڭغۇلۇق. يەر - جاھان ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېتىپ قالغانىدى.

كېچە تەڭ بولغاندا، يەرنىڭ تېگىدىن ئاياغ تىۋىشى كەلدى ۋە بارغانسېرى كۈچەيدى، ئۇ ھەۋزىخاننىڭ قولاق تۈۋىدە توغرىراقى تومۇر - تومۇرلىرىدا ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ قوللىرى بىلەن قولىقىنى ئېتىۋالدى، تۈگۈلۈپ كىچىككىنە بولۇپ كەتتى، قولىقىنى مىڭ ئېتىۋالغىنى بىلەن بەربىر ئىدى. ئابدۇللا بەكمۇ خۇش ۋاق، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە كىرىپ كەلدى. كۈپتىن سۇ ئېلىپ غورتۇلدىتىپ ئىچتى.

— ھەۋزىخان! — دەپ بوشقىنە چاقىردى - دە، سادا چىقمىغاندىن كېيىن كۆرپە بىلەن تەكىينى كۆتۈرۈپ ئۆگزىگە ئۇخلىغىلى چىقىپ كەتتى.

ھەۋزىخاننىڭ يۈرىكىگە بىر خەنجەر سانجىلىق. ئۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىنىماي قوچۇيدۇ. ھەۋزىخان ئازابتىن ئېڭرايدۇ، لاغ - لاغ تىترەيدۇ.

ئابدۇللانىڭ ئادىتى مۇشۇ. ھەر كۈنى تەڭ كېچىدە كېلىدۇ - دە، كۆرپە بىلەن تەكىينى ئېلىپ ئۆگزىگە چىقىپ كېتىدۇ. كۈندۈزلىرى ھەۋزىخان ئالدىغا ئەكىلىپ بەرگەن ئاشنى نېمە يەۋاتقىنىنى بىلمەيلا يەيدۇ. كۆزلىرى، لەۋلىرىدە خىيالىي بىر كۈلكە، تەگسىز بىر خۇشلۇق ئوينايدۇ.

بىر كۈنى ھەۋزىخان ئابدۇللاغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ھەمراخانغا نېمە بولدىكىن، قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدىغان بولۇپ كەتتى...

ئابدۇللا دىڭگىدە چۆچۈپ، ھەۋزىخانغا ئەلەڭلەپ قارىدى. يۈزلىرى ئېسىلىپ قىپ-زىل بولدى، كۆزلىرىنى ئىتتىك ئەپقېچىپ يوچۇن بىر ئاۋازدا:

— ئا...ئانىسىنىڭ ئۆيىگە...كەتتىمىكىن... — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

ھەۋزىخان ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— ئابدۇللاخۇن، ئىككىمىز قانداق ئېلىشىپ - تېگىشكەن، ئەسلىرىدە بارمۇ؟

— ھەئە...

— ئابدۇللاخۇن، پەشلىرىگە ئېسىلغان كۈنۈمدىن تارتىپ ھالا بۈگۈنگىچە يۈزلىرىنى يەرگە قارىتىدىغان بىرەر ئىش قىلدىممۇ - يا؟

— ياق...

— بىرەر كۈن ئىسسىقسىز قويدۇممۇ، ياقىلىرىنى كىر قىلىپ قويدۇممۇ ياكى سىلىگە قاپاق تۈرۈپ باققان يېرىم بارمۇ؟

...........

— ئەمىسە ماڭا نېمىشقا قاپاق ئاچمايلا؟ نېمىشقا مېنىڭ يېنىمدىن ئەرۋاھنى ياندىدىغاندەك يانداپ ئۆتۈپ كېتىلا؟ مەن سىلىنىڭ ھالال جۈپتىلىرى، كۆيۈپ - پىشىپ ئالغان خوتۇنلىرىغۇ؟ ئۆتكەن ئىشلارغا سالىۋات، مەنمۇ نەگە باردىڭىز، نەدە تۇردىڭىز دېمەي، سىلىمۇ ئېيتمىسىلا، لېكىن تاماشا مۇشۇ يەرگىچە بولسۇنمىكىن، بولمىسا...

— بولمىسا قانداق قىلىۋېتەرسەن؟

— سىلى كۆرسەتكەن تاماشىنى مەنمۇ كۆرسىتەلەيمەن!

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، يەنە ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى، شوتا ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا

دا ناله قىلغاندەك غىڭشىلداپ كەتتى. ھەۋزىخان سۇپىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ تىترە-ۋاتتى، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن قولىنى چىشلەيتتى. ئەمما قوللىرىنىڭ ئاغرىقىنى سەزمەيتتى، ئۇ ھېلىلا ئاڭلىغان سۆزلەرگە ھېچ ئىشىنەلمەيتتى. ئۆزىنى خۇد-دى بىر يامان چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سېزەتتى. ئويقۇدىن ئويغىنىشى بىلەنلا بولارنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بۇ چۈش ئەمەس ئىدى.

ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەممىنى سېزىپ يۈرگەن بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە پىلىلداپ تۇرغان: «بەلكىم ھەممىسى يالغاندۇ، چۈشەنمەسلىكتۇ» دەيدىغان كىچىككىنە ئۈمىدمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا: «بۇ گەپلەر يالغان» دېگەن بولسىلا، ئۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قالغان بولار ئىدى. ئەمما، ئابدۇللا ئۇنداق دېمىدى، يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى ياكى ئەمدى ئۇ يولغا ماڭمايمەنمۇ دېمىدى. پەقەتلا «قولۇڭ-دىن كەلگىنىنى قىل» دېدى. ئاھ، خۇدا! نېمە تارتقۇلۇقتۇ، بۇ! بىچارە ئانا قىزىنىڭ بېشىغا مۇشۇ كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى بىلەمتىكىن، دۇنيادا ئانا كۆڭلىدەك تۈيغۇن نەرسە يوق ئىكەن... ئۇ يېقىندا كۆرگەن چۈشىنى، دادىسىنى، ئاكىلىرىنى ئويلىدى. دەردىنى ھېچكىمگىمۇ ئېيتالمايدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيادا ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈدىغان بىرەر كىشىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزىنىڭ نەقەدەر يالغۇز، يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىچ-ئىچىدىن ھېس قىلدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇ يەنە كىمگىمۇ ئىچ-باغرىنى تۆكەلەيدۇ؟ ئابدۇللاغىمۇ؟ ئابدۇللاغا ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى ئېيتسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ ئابدۇللانى بالا ئارقىلىق ئۆزىگە باغلىۋېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئابدۇللانىڭ بۇرۇنقىدەك شەرتسىز، ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي يەنە بىر قېتىم دادىسىنىڭ ئالدىغا كېتىدۇ. ئۆزى-نىڭ ھامىلدار بولغانلىقى، ھەتتا بۇ دۇنيادا ئۇلار ئىككىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئاپىرىدە بولغان بىر كىچىك جان بار ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمايدۇ.

ئۇ ئەمدى ئابدۇللانى قايتۇرۇۋالالامسۇ؟ ھەمراخاندا بار چىراي، خۇلق ئۇنىڭدا يوقمۇ؟ ئۇ لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتى.

*

سۇپىدىكى داق كىگىز ئۈستىگە چاپلىشىپ ياتقان ھەۋزىخان ھەر كۈنكى ئاۋازنى يەنە ئاڭلىدى.

يەرنىڭ تېگىدىن كېلىدىغان بۇ ئاۋاز، ئابدۇللانىڭ يالىڭاياغ پۇتلىرىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرىكىنى جىغىلداتتى. ئۇنى ھەر كۈنكىدىن ئۆتە قورقۇنچ، ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. بىراۋنىڭ ئىشىكنى سىيلاشتۇرۇپ ئاچقان ئاۋازى، زەنجىرنىڭ بوشقىنە شىرىقلىشى، ئىشىك-نىڭ غىچىلدىشى...

ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاشتى، ھەۋزىخانىنىڭ يېنىدا تېخىمۇ ئاستىلاپ يەنە يې-راقلاپ كەتتى. شوتا غىچىلداپ ناله قىلىپ توختاپ قالدى. ئەتراپ بىردىنلا چەكسىز

جىمجىتلىقتا چۈمدى. ھەۋزىخان گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان كۆكرىكىنى كۈچ بىلەن بېسى-
ۋېلىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، شوتىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ تامدىكى سايىسىگە قا -
راپ بىر پەس تۇردى. يوتىسىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى بىر - بىرىدىن
چۇۋۇپ يەلكىسىگە سېلىندۇردى، ئىلگىرى ئابدۇللا ئۇنىڭ چاچلىرىنى چۇۋۇپ ئويناشنى
ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سىيلايتتى، يۈزىگە، لەۋ-
لىرىگە سۈرەتتى، ئاھ...ئەمدىچۇ؟

ھەۋزىخان شوتىنى غىچىلداتماسلىقتا تىرىشىپ، بالداقلىرىغا ئاستا دەسسىدى.

ئۆگزە ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. بىر ياقتا قاتار قىلىپ تىزىلغان يېڭى ئورۇل-
غان بېدىلەردىن چۈچمەل خۇش پۇراق كېلىپ تۇراتتى. ھەۋزىخان كۆرپە ئۈستىدە
پۈت - قوللىرىنى كېرىپ ئۇخلىغان ياتقان ئابدۇللانىڭ يېنىغا تىز چۆكتى؛ قوللىرىنى
مەيدىسىگە ئېلىپ ئۇنىڭ چىرايىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تەلمۈردى.

ئۇ ئۇخلاپ ياتىدۇ. تۇرۇپ - تۇرۇپ يېنىككىنە خورەك تارتىپ قويىدۇ، لەۋلىرىدە
ئۆزگىچە بىر خاتىرجەملىك، بەخت جىلۋىلىنىدۇ. ئوچۇق ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان
يۇغلۇق كەڭ كۆكرىكى كۈچلۈك نەپىسىگە ئەگىشىپ دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم چۈشىدۇ.
بىلەكلىرى خۇددى بىرسىنى قۇچاقلاشقا تەييارلانغاندەك ئىككى ياققا تاشلانغان، يېرىم
يۇمۇلغان بارماقلىرى ئۆزىچە قىمىرلاپ قويىدۇ. بىر ۋاقىتلاردا مۇشۇ قوللار ئۇنىڭغا
تەۋە ئىدى، ئۇنى ئۇستىخانلىرىنى سۇندۇرۇپ قويغۇدەك دەرىجىدە چىڭ قۇچاقلايتتى،
كۆتۈرۈۋالاتتى. ئەمدى بولسا باشقا بىرىنى قۇچاقلايدۇ، بەلكىم كۆتۈرۈپمۇ ئالىدىغاندۇ...

ھەۋزىخاننىڭ كۆز ياشلىرى بۇلاق بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى، ئىسسىق كۆز يېشى ئۇنىڭ
ئاغزىغا، بوينىغا ئېقىپ كىرەتتى. ئۇ جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئاستا ئابدۇللانىڭ يېنىغا
سۈرۈلدى. قوللىرى بىلەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە، لەۋ-
لىرىگە سۈركىدى. ئەمما، ئابدۇللا خۇددى بىر پارچە تاشقا ئوخشاش قىمىر قىلماي ياتاتتى،
ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشلىرى، ئەركىلىتىشلىرىگە پەرۋامۇ قىلمايتتى...

* *

ھەۋزىخان ھەپتىدىن بېرى چېكىپ تەييارلاپ قويغان بوغجۇمىسىنى كۆتۈرۈپ
ئىشىكتىن نەچچە قېتىم چىقتى، بىرنەچچە قەدەم ئالا - ئالماي، خۇددى بوينى ئارقىسىدىن
باغلانغاندەك يەنە كەينىگە قايتتى.

قوناقنىڭ ئوتىنى كىم ئوتايدۇ؟ مالغا ئوتىنى كىم ئالىدۇ؟ تۈگمەنگە تاشلاپ
قويغان ئۇگۈتنى كىم ئەكىلىدۇ؟ ئېتىزلىقتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا
كىم ئىسسىق تاماق ئېلىپ چىقىدۇ؟

ئۇ بەختلىك كۈنلىرى ئۆتكەن ئاشۇ ئۆيىدىن يامانلاپ كەتكۈسى يوقلۇقىنى
ئەنە شۇنداق باھانىلەر بىلەن ياپماقچى بولاتتى، تۇرۇپلا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغىنى-
چە ئابدۇللانىڭ مۇزدەك چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خورلۇقنى ئىچىگە سىغدۇ -

رالماي ئالدىغا قاراپ تېز - تېز مېڭىپ كېتەتتى. مېڭىپ - مېڭىپ قەدەملىرى بارغانسېرى ئاستىلايتتى، پات - پات كەينىگە بۇرۇلۇپ قارايتتى. ھېچكىمنىڭ قارىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، چوڭقۇر بىر خورسىنىپ قەدىمىنى تەستە يۆتكەشكە باشلايتتى... ئاھ، خوتۇن كىشى! ئېرىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلغان خوتۇن كىشى خۇددى شېخىدىن ئايرىلغان ياپراق، يىپىدىن ئۈزۈلگەن لەگلەك، جاڭگالدا توپىدىن ئايرىلغان قوزا. ئۇنىڭ دەردىنى، ئاچچىق ھەسرىتىنى بېشىغا كەلمىگەن ئادەم مەڭگۈ ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ.

ھەۋزىخان يول بويىدىكى ئېرىق لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. بوغجۇمىسىنى بىر يانغا قويۇپ، قوللىرىنى سۇغا تىقتى. قويۇق ئۆسكەن قىياق، پاقا يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ ئۆتۈدىغان بۇ سۇ شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدىكىن، ئېرىق ئاستىغا تىنىپ قالغان سارغۇچ يېشىل مۇخ قاپلىغان لاي - لاتقىلار، ئۇششاق رەڭدار تاشلار، غۇژمەك - غۇژمەك، قاپقارا، قىلدەك ئىنچىكە يىلتىزلارغىچە مانا مەن دەپ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شوخ، غەمسىز سۇ ئۇششاق - ئۇششاق دولقۇنلارنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنچە چاچرىتىپ مەنزىلىگە ئالدىرايتتى. كۆچى يەتكەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يولىدا ئېلىپ ماڭاتتى. غولىدىن ئايرىلغان بىر تال شاخ ئېقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇچى تەردپىدىكى يۇمران، كىچىككىنە يېشىل يوپۇرمىقىدا قانىتى زەخىملەنگەن ئالتۇن رەڭلىك خانقىز ئولتۇراتتى. ئۇ قاناتلىرىنى دىرىلدىتىپ پەرۋاز قىلىشقا تەمشىلەتتى، مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن ھەريان ئۆمىلەپ، بۇ غايەت زور ئېقىمنىڭ كۈچىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى. شاخ بولسا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. خانقىزنى پاناھىغا ئالغان يوپۇرماق تىترەيتتى، سىلكىنەتتى...

ھەۋزىخاننىڭ قۇلىقىغا قىلدىن ئىنچىكە، ئارانلا پەرق ئەتكىلى بولىدىغان زەئىپ نالە - پەرياد ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ سەكرەپ قوپۇپ، ئېقىپ كېتىۋاتقان شاخنى سۇزۇۋالدى. خانقىز ئۇنىڭ قوللىرىدا ئۆمىلەشكە باشلىدى، ھەۋزىخان بارماقلىرىنى كېرىپ جىممىدە تۇردى. ئۇ ئۇچۇپ كېتەلەرمۇ؟ ئەگەر ئۇچۇپ كېتەلىسە، ئابدۇللا مېنى ھېلەھەم ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر ئۇچۇپ كېتەلمىسە...

خانقىز ئۇنىڭ باش بارمىقىغا چىقتى، باش بارمىقىنىڭ ئۇچىدىن كەينىگە قايتىپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى، يەنە كەينىگە قايتتى. چىمەلتەك بارمىقىنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز ۋىلىلداپ تۇرىدىغان سۈپسۈزۈك قاناتلىرىنى كېرىپ ھاۋاغا يېنىككىنە كۆتۈرۈلدى.

ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ! ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ!

ھەۋزىخاننىڭ قەلبىدىكى غەزەپ، خورلۇق پاك - پاكىز يوقالدى، ئۇ ۋۇجۇدىنى ئورىۋالغان خۇشاللىقتىن خۇددى يوقىتىپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، بىردىنلا كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، يۈرىكى سىيلىپ تېنىنى سوغۇق تەر باستى. ئۇ تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ ئاغزىغا بىر نەرسە سالمىغانىدى. ئۇ بىر تۈپ جىگدىنىڭ يىرىك قوۋزىقىغا پېشانىسىنى تىرەپ تۇرغىنىدا قورسىقىدىكى بالا تەۋرەپ كەتتى، بۇ تۈنجى قېتىملىقى ئىدى. ھەۋزىخان ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ھالدا تېخى دۇنياغا كەلمىگەن پەر-

زەلتىنىڭ ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ، ئۇنىڭ جان - جەھلى بىلەن ئۆزىنىڭ بېقىنلىرىغا تېپىۋاتقان قىزغۇچ، كىچىككىنە پېتىنى، مەھكەم يۇمۇلغان مۇشتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

*     *

ئاشۇ كۈنى سەھەردە پادىچى بالا قويلارنى كەنت سىرتىغا ھەيدەپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ئاسمانىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن قاندەك يامراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاجايىپ بىر قىزىللىقنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇدى. بۇ قىزىللىق ھەر كۈنكى سۈپسۈزۈك ۋە پاك قىزىللىق ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇددى يىراق ئۇپۇقتا جان تالىشىپ ياتقان بىر گىگانت ئادەمنىڭ تومۇرىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قانغا ئوخشاش ھەش - پەش دېگۈچە ئاسمان بېتىنى قاپلىدى. بىر پەستىلا پايانسىز قومluق، ئېتىز - باغلار، دېھقان ئۆيلىرى، ياغاچ دەرەخلىرى تامامەن توق قىزىل قان رەڭگىگە كىردى. تالاڭى قۇياش قۇملۇقنىڭ نېرىسىدا پەيدا بولۇپ نەيزە بويى ئۆرلىگەنگە قەدەر بۇ قىزىللىق يوقالمىدى. شۇ كۈنى نۇرغۇن كىشىلەر پادىچىغا ئوخشاش ساراسىمە ئىچىدە قېلىشتى. مەسچىت ئىمامى ئۇنىڭغا ئاخىر زاماننىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ بىشارىتى، دەپ تەبىر بەردى. ئەمما، كىشىلەر بىلەن تەڭلا ئويغانغان ھايات تەشۋىشى ئۆزىدىن باشقا ھەممىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا قادىر ئىدى، دەرۋەقە، ئۇزۇن ئۆتمەي ھايات يەنە ئىزىغا چۈشتى.

چۈشلۈك غىزاغا قويىقان ھەۋزىخان قازانغا ئۇششاق توغرالغان قۇيرۇق ياغ بىلەن چامغۇرنى تاشلاپ تۇۋاقنى ياپتى - دە، بايىلا يۇغۇرۇپ قويغان خېمىرنى يېيىشقا باشلىدى. ھەربىر ئېگىلگەندە ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچى مۈرىسىدىن ئارتىلىپ ئالدىغا چۈشۈۋالاتتى. بىلەكلىرىگە چوڭ كېلىپ قالغان كۈمۈش بىلەيزۈكمۇ تاراقلاپ ئاشتاختىغا ئۇرۇلاتتى. ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، بىلەيزۈكلىرىنى چىقىرىپ، كات ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئارقىسىغا يېنىككىنە چايقىلىپ چاچلىرىنى كەينىگە تاشلىۋېتىپ يەنە سۈپۈرگىغا ئېگىلدى. قەغەزدەك نېپىز يېيىلگەن خېمىرنى نوغۇچ بىلەن ئەپچىل قاتلاپ، قولىغا ئاش پىچىقىنى ئالدى. ئۇ ئۇزۇن، ئىنچىكە، ساپلىرىغا سۆڭەكتىن خىلمۇخىل نەقىش ئويۇلغان پىچاق ئىدى، ئۇلار تاغدا تۇرۇۋاتقان چاغدا ئابدۇللا ئۇنى بىر قويچىدىن سوراۋالغانىدى، پىچاقنىڭ ئاشتاختا ئۈستىدىكى رىتىملىق ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ خېمىر چاچتەك كېسىلىشكە باشلىدى. ھەۋزىخانىنىڭ خىيالى بولسا بۇ يەردە ئەمەس، ئابدۇللانىڭ ئاخشامقى سۆزلىرىنى تەكرارلايتتى:

— ئاشۇ چاغدا مېنىڭ كۆزۈم قارىغۇمىدىكىن، ھەمراخان كۆز ئالدىمدا يۈرسە، قانداق بولۇپ ئۇنى ئەمەس سېنى ئالغان بولغىيدىم؟ سەن مېنى موللىغا ئوقۇتۇۋالغانمىدىڭ - يا؟...

ھەۋزىخان ئۇنىڭ گېپىگە كۈلدى، يۈرىكىدە قاينىغان يىغا ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۈل-

كە بولۇپ چىقتى، ئەمما، ئىچى زەھەردەك ئاچچىق زەردابقا تولدى. كېچىدە يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ چىقتى، كىرپىك قاقمىدى. ئارىلىقتا ئازغىنە كۆز يۇمغان بولسىمۇ، قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتتى، ئاشۇ قاپقاراڭغۇ ئۇزۇن كېچىدە ئۇ ئابدۇللا بىلەن نائىنساب ھەمراخاندىن ئۆچ ئېلىشنىڭ خىلمۇخىل پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئەتىگەندە ھەمراخان بىلەن بولسا، ياخشىلىقچە، بولمىسا يامانلىقچە گەپلەشمەكچى بولۇپ بېرىۋىدى. ھەمراخانىنىڭ مۆرىمەس ئېرى ئۇنى ئانىسىنىڭكىگە كەتكەن دەپ ئۆيگە كىرگۈزمىدى.

ھەۋزىخان چۆپنى كېسىپ بولۇپ بېلىنى رۇسلىشىغا، كىمدۇر بىرى ھويلىغا پالاقشىپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ھەۋزىخان، ۋاي ھەۋزىخان، خەقلەر بۇرنىڭىزنىڭ ئاستىدا تاماشا قىلىۋاتسا، نېمىش قىلىپ ئولتۇرىدىغانسىز! بولۇڭ دەيمەن، بولۇڭ! ئابدۇللاخۇن ھېلىقى بىرنېمە بىلەن چۆنەكلىكتە...

ھەۋزىخانىنىڭ كۆز ئالدىدا چاقماق چېقىلغاندەك، خىيالىدا نېمىدۇر بىر نەرسە گۇرسۇلدەپ يىقىلغاندەك بولدى، نېمىلەردۇر قاراسلاپ سۇنۇپ ۋەيران بولدى، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى. ئۇ خۇدىنى يوقاتقان ھالدا سىرتقا قاراپ يۈگۈردى، قولىدا ئاش پىچىقىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. پىچاق سېپىنىڭ بارماقلىرىغا پېتىپ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئارقىسىدا پالاقلاپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن مۆھتىرەمخاننى، دوقمۇشتىكى كالتە تامدىن ماراپ تۇرغان روزىمەتاخۇننى كۆرمەيتتى.

ياپيېشىل ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆي تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ يانمۇيان ئولتۇرغان ئابدۇللا بىلەن ھەمراخان مانا مەن دەپ كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ بىر تەرىپىنى ئۆي، قالغان تەرىپىنى سوقما تام ئوراپ تۇرىدىغان خالى جاي ئىدى. ھەۋزىخان نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىغان بولغىيدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ياناتتى، كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر چۆشەتتى، پۇت-قوللىرى سېزىلمەس تىترەيتتى. خىيالىدا بولسا چەكسىز غەزەپتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇ ئۇلارغا بىر نەچچە قەدەم قالغاندا، ئىشىنىڭ چىڭىغا چىقىپ قېلىشىدىن قورققان مۆھتىرەمخان ئارقا تەرەپتىن توۋلىدى:

— ئابدۇللاخۇن! ھوي، ھەمراخان! جېنىڭلارنى ئەپقېچىڭلار...

ئولتۇرغانلار سەكرەپ قوپۇپ كېتىشتى، ئابدۇللا كەينىگە قاراپ سەل تېڭىرقىغاندەك قىلدى-يۇ، دەرھال ھوشىنى يىغىپ ھەمراخانىنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئالدى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. سوقما تامغا لەپپىدە سەكرەپ چىقىپ بولۇپ، ھەمراخاننى تارتىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆزىنى تامنىڭ نېرىسىغا ئاتتى. ھەمراخان ئۇياق-بۇياققا يۈگۈرۈپ تامغا ئېسىلىپ بېقىپ چىقالمىغاندىن كېيىن، قوللىرى بىلەن بېشىنى توسۇۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. ھەۋزىخان ھەمراخانىنىڭ چېچىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاق يالتىراپ كەتتى، جىرقىراپ چىققان قان تامغا،



ھەۋزىخاننىڭ يۈزىگە، قوللىرىغا چاچرىدى. ھەمراخان ئاستا بېشىنى بۇردى، ئۇنىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇن سارغۇچ كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان چانقىدىن چىقىپ كېتىدىغانىدەك يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى ئىققىدە ياشقا تولغانىدى. لەۋلىرى نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغانىدەك ئېچىلدى - يۇ، سۆزلەشكە ئۈلگۈرمىدى. پۈتۈن بەدىنى لاسسىدە بوشاپ، تام تۈۋىگە يىقىلدى. قولىدىكى پىچاقنى يەنە كۆتۈرگەن ھەۋزىخاننىڭ كۆزى قورقۇنچتىن ئالايغان ئاشۇ يات ھەم جانسىز كۆزگە چۈشكەن ھامان، ئېلىشىپ قالغانىدەك پىردىنلا جېنىنىڭ بارىچە چىرقىرىۋەتتى. پىچاقنى قان بىلەن بويالغان كۆكات ئۈستىگە تاشلاپ ئارقىسىغا يۈگۈردى.

* *

ئاسماننىڭ قەرىدە غايەت زور بىر پارچە يالقۇندەك لوغۇلداپ ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش يەر - جاھاننى تونۇردەك قىزىتىشقا باشلىدى. زېمىن قۇياش ئاستىدا ھالسىرايتتى. ئۇنىڭ باغرىدىكى بارچە مەۋجۇدات ئىسسىقتىن تۇنجۇقۇپ بوشىشىپ كەتكەنىدى. باغلار ۋە ھويلىلاردىن نە قۇشلارنىڭ قانات قېقىشلىرى، نە نارەسىدىلەرنىڭ كۈلكىسى ئاڭلانمايتتى. سۈيى قۇرۇپ كەتكەن ئېرىقلار چاك - چاك يېرىلغان، قەدەمدە بىر ئۈچراپ تۇرىدىغان قېرى ياڭاق دەرەخلىرى يوغان ياپراقلىرىنى مەيۈس ساڭگىلىتىشقانىدى.

ئارىباغنىڭ باغلىرى ئارىسىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ چۆل باغرىغا ئىچكىرىلەپ كەتكەن، چوغدەك قىزىپ كەتكەن سەھرا يولىدا بىر ئايال كۆزىنى يەردىن ئالماي كېتىپ باراتتى، يالاڭباشتاق، قاپقارا چاچلىرى كۆزلىرىنى توسۇغان، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتارغانىدى. چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان، چۈش كۆرۈۋاتقان كىشىنىڭكىدەك كۆزلىرى كى-

www.uyghurkitap.com

شنى ئەيمەندۇرەتتى، يۈزىدە، كۆڭلىكىنىڭ ئالدىدا قېتىشقان قاپقارا قان داغلىرى كۆز-
گە چېلىقاتتى.

«دادام...بىچارە دادام...»

خىيالىدا شۇ سۆزلەرنىلا تەكرارلايتتى، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئارقىسىدا پەقەت پايانسىز
بوشلۇق، قايغۇنىمۇ، شادلىقنىمۇ، ئازابنىمۇ سەزمەس بولۇپ كەتكەن چەكسىز بىخۇد-
لۇقلا بار ئىدى. باش ئۈستىدە قۇياشنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن قىزدۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ،
كۆل رەڭ چۆلنىڭ ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداپ يېنىۋاتقانلىقىنىمۇ، ئۇشۇقىغىچە كېلىدىغان
توپىنىڭ پۇتلىرىنى كۆيدۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ، يۈز - كۆزىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، قان
يۇقىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئاغزىغا قۇيۇلۇۋاتقان تەرنىڭ ئاچچىقى، قاڭسىقىنىمۇ سەزمەيت-
تى. گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى: «دادام...بىچارە دادام...» دەپلا پىچىرلايتتى، ئەم-
ما نېرۋىسى، سەزگۈ ئەزالىرى بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە دەھشىتىنى چۈشىنىشتىن
يىراقتا ئىدى. شۇ ھالەتتە قانچىلىك ماڭىدىكىن بىر ئايمۇ، بىر كۈنمۇ، ئۇ بۇنى بىل-
مەيتتى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىنىڭ يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىدىغان كېسەكلىك تاملىرى-
نى، باغلىرىنى، ھەمراخانلارنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى ئۈچ تۈپ ياڭاق دەرىخىنى كۆرمەيتتى.
ئۇتتۇرىلىرىغىچە ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن تونۇش يولنى، ئىككى ياقتىكى پەسىلدە
بىر ئۈستىباش يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغان ئېتىزلارنى، ئۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولغىنىدىن
قولىدىكى قاپىقىنى يەرگە تاشلىۋەتكەن قوشنا ئايالنى، يۈگۈرۈپ قېچىشىۋاتقان بالىلارنى
سەزمەيتتى، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى جۇۋازخانىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان جۇۋازنىڭ مۇڭ-
لۇق غىچىلدىشىنى ئاڭلىمايتتى.

بىر چاغلاردا ئۇ يىقىلىپ-قوپۇپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاقباش دادىسىنى، دادىسى-
نىڭ ئارقىسىدا قورقۇمسىراپ تۇرغان ئۇششاق بالىلارنى، جىيەنلىرىنى كۆردى، يۈگۈرۈپ
دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئاتتى.

— جېنىم دادىكا، ئەقىلسىز قىزلىرىنى باققانلىرىغا رازى بولسىلا، ماڭا رازىلىق
بەرسىلە! مەن تەنتەكلىك قىلىپ قويدۇم، ئادەم ئۆلتۈردۈم...

بوۋاي قىزىنىڭ قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپلا ھەممىنى چۈشەن-
دى. قېرى بېشىغا كەلگەن چىدىغۇسىز دەرد - ئەلەمدىن، يالغۇز قىزىدىن ئايرىلىپ قې-
لىش دەھشىتىدىن يۈرىكى سەكپارە بولدى. ھەي، ئىست! ياش ۋاقىتلىرى بولسىدى،
قىلغان سۆزنى ئاقتۇرۇدىغان، دەسسىگەن يېرىنى تىترىتىدىغان دەۋرلىرى بولسىدى، بى-
قۇل بولۇپ ئالدىدا ياتقان قىزىنى ھېچكىمگە تاك ئېتىپ چەكتۈرمىگەن، ھېچقاچان
خار قىلمىغان بولاتتى، ئاھ قېرىلىق، ئاھ، بىۋاپا ئالەم...

* *

زىنداندا ياتسام
كۆرۈندى ئاسمان.

گۇناھىمنىڭ بار - يوقى،
يارىمغا ئايان.

(خەلق قوشاقلىرىدىن)

ھەۋزىخان گۇندىخالىدا ياتقىلى ئۈچ كۈن بولىدى. ھەۋزىخاننىڭ ئاكىلىرى ئارد - باغچە يەردىن ئۈچ قېتىم كېلىپ، ئۈچ قېتىم ياندى. ھەۋزىخان ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا پەنجىرىگە قاراپ بىر ئولتۇرغانچە مىدىر - سىدىر قىلمىدى، ئاغزىغا بىر چىشلەم نان، بىر يۇتۇم سۇ ئالمىدى. قېرى گۇندىپاي ھەر قېتىم كىرگىنىدە ئالدىنقى قېتىمقى ئۇماچ ياكى زاغرىنىڭ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاغزىنى كالچايتىپ ھىجىيىپ ئاتتى - دە، يېڭى ئېلىپ كىرگىنىنى قويۇپ قويۇپ، كونىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا قىلمىغان ئەسكىلىكى، كىرمىگەن گۇندىسى قالمىغان، ئاخىر بىر يۇرتلۇقنىڭ شەپقىتى بىلەن گۇندىپاي بولۇپ، 20 نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئادەمنىڭ جېنىنى قوشقاچچىلىك ھېسابلىمايدىغان، قانغا خۇمار بولۇپ كەتكەن نى - نى كاللا كېسەرلەرنى، خۇدانىمۇ ئالدايدىغان قاغدالما، كاززاپلارنى، جادۇ ئاستىدىمۇ كۆلۈپ تۇرىدىغان نى - نى مەرد - مەردانىلارنى، ئېتى ئەركەكچە بولغان بىلەن، خوتۇن كىشىچىلىك جىگىرى يوق توخۇ يۈرەكلەرنى كۆرگەن، كۆرۈۋېرىپ يۈرىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن. تۈنجى قېتىم ئادەم ئۆلتۈرگەن گۇناھكارنىڭ تۈرمىگە سولانغان دەسلەپكى كۈنلەردە مەست - ئەلەس بولۇپ قالىدىغانلىقى، ھەپتە، ئون كۈنلەرنى يېمەي - ئىچمەي، زۇۋان سۈرمەي ئۆتكۈزۈدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. بولۇپمۇ، خوتۇن خەق مۇنداق ئىشنى قىلىپ قويسا ھالى نېمە بولماقچى. شۇنداقتىمۇ، مۇشۇنداق بىر چوكان قانداقسىگە ئادەم ئۆلتۈرەلىگەندۇ؟ ئۇنىڭ بۇ يولغا مېڭىپ قېلىشىغا قانداق بىر دەھشەتلىك كۈچ سەۋەبچى بولغاندۇ؟ پاھ، ئۇ تولىمۇ ئاجىز كۆرۈنىدۇ، كاساپەت ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىسىلا مەيلىتىغۇ؟

گۇندىپاي ئۆزى بىلەن سۆزلەشكىنىچە چىقىپ كەتتى. تۈرمىنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىغا گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى چۆكۈشكە باشلىدى. بىر چەتتىكى سامان تۆشەكنىڭ ئۈستىدە چاشقانلار چىرىلدىشىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. رۇجەكتىن ئۇدۇل چۈشكەن بىر پارچە سارغۇچ يورۇقلۇق جىمىمدە تۆكۈلۈپ ئولتۇرغان ھەۋزىخاننىڭ ئاقارغان چىرايىغا چۈشۈپ ئۇنى خىيالىي بىر تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان ئاجايىپ يوغان قاپقارا كۆزلىرىدە، بىردىنلا ئۆسۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرىدە، ئۇمچىيىپ قالغان چىرايلىق ئەمما قانسىز لەۋلىرىدە شۇنداق بىر دەرد - ئەلەم باردەكى، ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن كىشى گۈزەللىك بىلەن قايغۇنىڭ مۇنداق ئاجايىپ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان دەھشەتلىك بىر نەرسىدىن قېتىپ قالغان، ياقىسىنى چاك ئېتىپ پەرياد چەككەن، مەجنۇندەك قاقاقلاپ كۈلگەن ياكى ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يۈز - كۆزىنى قانغا بويىغان بولاتتى.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. رۇجەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر پارچە ئوچۇق ئاسمانمۇ قارامتۇل رەڭگە ئۆزگەردى. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭدا يېگانە، يۇيۇلغاد -

www.uyghurkitap.com



دەك پاكىز، تىترەپ تۇرغان كىچىككىنە بىر تال يۇلتۇز پەيدا بولدى. پاھ، ئۇ ھەۋزىخانغا نەقەدەر تونۇش، نەقەدەر يېقىن-ھە!

ھەۋزىخان كىچىككىنە قىز ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئاشۇ يۇلتۇز ئۇنىڭ تۇغۇلغىنىدىن مارايتتى. ئۇنىڭغا شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىساتتى، تاكى ئۇ ئۇيقۇغا كەتكۈچە ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇراتتى. ئانىسى ھەر ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ، دەيدىغان. ھەۋزىخان بۇ كىچىكىنە يۇلتۇزنى ئۆزىنىڭ يۇلتۇزى دەپ بىلەتتى. ھەمراخاننىڭ يۇلتۇزى بولسا چوڭ، نۇرلۇق ئىدى. ھەممىدىن بۇرۇن ئاسماننىڭ قەرىدە پەيدا بولاتتى، ئەتىگەنلىرىمۇ ھەممىدىن كېيىن غايىپ بولاتتى... ھەمراخان ئەمدى يوق، ئۇ ئەمدى ئاخشاملىرى ئاسماندىن ئۆز يۇلتۇزىنى ئىزدىيەلمەيدۇ... ئۇنىڭ يۇلتۇزىچۇ؟ ئېقىپ كەتكەندىمۇ؟

ھەۋزىخاننىڭ كۆكسىدە بىر يېرى چىممىدە قىلىپ قالدى. شۇ ھامان ئىسسىق بىر نەرسىنىڭ ئىككى مەڭزىنى بويلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى، ئاچچىق، شورلۇق بولۇپ ئاغزىغا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ يىغلاۋاتاتتى، ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۇنجى قېتىم ياش چىقىشى ئىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئاغزىدا بىر نەرسىنىڭ تەممىنى ھېس قىلىۋاتاتتى، ئۇ بىردىنلا ئۇتتەك تەشنالىق ھېس قىلدى. ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قاراپ، ھېجىر تاۋاقتىكى سۇنى كۆردى-دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. تاۋاقنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋېلىپ، سۇنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. سۇنى ئىچىپ بولغۇچە قاپاقلىرى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ، بەدىنى ئاستا قىڭغايدى. قولىدىكى ھېجىر تاۋاق يەرگە چۈشۈپ ئىككى پارچە بولدى...

ھەۋزىخان يەڭگىل بولۇپ ئويغاندى. كۆڭلىدە نە قورقۇش، نە ئازاب، نە قايغۇ يوق. پەقەت قىسمەت-تەقدىرگە كۆنۈپ بۇ دۇنيادىن ئۈمىد ئالاقىسىنى ئۈزگەندىن كېيىنلا بولىدىغان بىر ئازادىلىك، سوغۇققانلىق بار. «بۇ دۇنيا شۇنچىلىك ئىكەن-غۇ، ئۇنىڭ تارتىشقۇدەك يەنە نېمىسى بولسۇن. مېنىڭ روھىم ئۆلۈپ بولدى، مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، ئارام ئالاي، ھېچبىر بەندە قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئاشۇ مەنزىلگە، ئۆلۈمنىڭ ئىللىق، قاراڭغۇ، تىنچ قويىنىغا بالدۇرراق يېتىپ باراي... ناھايىتى كەلسە، جادۇنىڭ بىسى تېنىمگە پاتقان ۋاقىتتىلا جېنىم قىينىلار، بەلكىم ئۇنى سېزىشكىمۇ ئۈلگۈرمەسمەن. بېشىم بىر نەچچە غۇلاچ يىراقلىققا دومىلاپ كېتەر، كۆزلىرىم بۇ ئالەمگە قىيمىغاندەك ئوچۇق پېتى قالار... ياق، كۆزۈمنى يۇمۇۋالاي، قانداقلا بولمىسۇن يۇمۇۋالاي. كىشىلەر ئەتراپىمنى ئورىۋېلىپ: ‹ئىست، ئەجەب چىرايلىق چوكان ئىدى، ۋاقىتسىز كەتتى› دېيىشەر، بۇ چاغدا روھىم ئاللىقاچان ئۇ ئالەمگە، ئانامنىڭ، ھەمراخاننىڭ يېنىغا بېرىپ بولار... راستىنلا روھ ئۆلمەمدىغاندۇ؟ راستىنلا مۇنكىر-نەكىرلەر سوراققا تارتامدىغاندۇ؟ ھېلىمۇ ئېسىمدە، كىچىكىمدە ھېلىقى ئاچچىقى يامان كوسا موللىدىن: ‹موللام، دۇنيادىكى ھەممە ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغان تۇرسا، مۇنكىر-نەكىرلەر يەنە نېمە ئۈچۈن بەندىلىرىنى سوراققا تارتىدۇ؟› دەپ سورىدىم. موللام مېنى: ‹كۇپۇرلۇق قىلدى› دەپ بەك خاپا بولۇپ، دەررە بىلەن

ئۈرۈپ ئالقانلىرىمنى قاپىتىشۇەتكەن، شۇ چاغدا ھەمراخان يۈگۈرۈپ چىقىپ موللىنىڭ
پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ: «جېنىم موللام، ھەۋزىخاننى ئۇرمىسىلا، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئۇر-
سىلا...» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالغانىدى. يىغلىغانىدىمۇ شۇنداق قاتتىق ۋارقىراپ يىغلىغانىدى.
موللام مەسە كىيىگەن پۇتى بىلەن ئۇنى بىر تېپىپ يىقىتىشۇەتكەن، ئۇ يەنە ئۆمىلەپ
قوپۇپ موللامنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋالغان...
ئانام ھەمراخاننى «بىر تال قىزىمنىڭ ھەمراھى» دەپ ياخشى كۆرەتتى. ھەمرا-
خانسىز كېلىدىن غىزا ئۆتمەيتتى، كۈندە كۆرۈپ تۇرمىسا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.
بىر قېتىم دادام ماڭا قىزىل تاۋاردىن كۆڭلەك ئېلىپ كەلگەندە، ئانام ھەمراخانغىمۇ
ئالغاچ كەلمەپلا، دەپ دادامغا خاپا بولغانىدى. ئاھ خۇدا، قىز بالا نېمىشقىمۇ چوڭ بو-
لىدىغاندۇ؟ نېمىشقىمۇ...»

* *

يەنە ئۈچ كۈن ئۆتتى. يەنە شۇ بۇلۇڭدا يۈزىنى تىزىغا يېقىپ ئولتۇرغان ھەۋ-
زىخان خىيالىدا قېرى دادىسى، ئاكىلىرىنى كۆرەتتى، ھەربىر ئېغىز سۆزى، ھەرىكىتىنى
خىيال ئەينىكىدىن ئۆتكۈزەتتى. «بىچارە دادىكام، تۆت كۈندىلا بۆلەكچە قېرىپ كېتىپتۇ.
ماڭا قاراپ تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ، يىغىدىن باشقىغا ئاغزى كەلمەيدۇ. «سېنى بۇ يەردىن
ساق - سالامەت ئېلىپ چىقمىسام كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ، يەرلىرىمنى، بېغىمنى، تاغدىكى مال-
لىرىمنى، ئۆي بىساتلىرىمنىڭ بارىنى سېتىپ بولسىمۇ سېنى ئامبالدىن تىلىۋالىمەن،
يامىنى كەلسە ئادەم يىغىپ بۇ گۇندىخاننى كۆككە ئۇچۇرۇۋېتىمەن، قارچىغىدەك ئاكى-
لىرىڭ بار، ئارىباغنىڭ نى - نى ئەركەكلىرى بار، غەم قىلماڭ قىزىم...» دەيدۇ.
بىر گۇناھكار قىزلىرىنى دەپ ئارىباغلىقلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسىلە بولمايدۇ.
مەن ئۆلۈمگە لايىق، يۈرىكى ئۆلۈپ بولغان ئادەممەن. ھايات يۈرسەممۇ ئايىغىم ئاستى-
دىكى زېمىنغىمۇ، ئىنسانغىمۇ پايدا يوق، ھېچكىمگە زەررىچە خۇشاللىق بېغىشلىيالماي-
مەن. كىشىلەر مېنىڭ سايەمدىن چۆچۈشىدۇ، نارەسىدىلەر مېنى كۆرسە ئەرۋاھنى كۆر-
گەندەك قورقۇپ قېچىشىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم مەندىن نومۇس قىلىدۇ... ئاھ، ماڭا
دوزاخ راۋا.
ئوبدان دادىكا، يەرلىرىنى، باغلىرىنى، تاغدىكى مال - ۋارانلىرىنى، ئۆي بىساتلى-
رىنى قىزىلگۈلدەك نەۋرىلىرى ئۈچۈن ساقلاپ قويسىلا، شۇنداق قىلسىلا، جېنىم دادىكا.
مەن ئۆز جېنىمغا ئېچىنمايمەن، ھەمراخانغىلا چىدىمايمەن. مېنى دېسىلە مەن ئۆلگەن-
دىن كېيىن نامىزىمنى چۈشۈرسىلە، توي ئورنىدا چىقارسىلا، مېنى ئانامنىڭ يېنىغا
قويسىلا، ھەمراخاننىمۇ ئاچتۇرۇپ مېنىڭ يېنىمغا قويدۇرسىلا، ھەمراخان بىلەن تاش
ئورنىمىز، سالاسۇنىمىز بىر بولسۇن، ئىچ ئورنىمىز بۆلەك بولسۇن...
كىچىك ئاكام «ئابدۇللا دېگەن پەسەندىنى يەر چىشلەتمەي قويمايمەن،» دېۋىدى،
يۈرىكىم سۇ بولادى. ياق جېنىم ئاكا، مەن سىلىنىڭ ئابدۇللا ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

ئايرىلىپ قېلىشلىرىنى خالىمايمەن، ئۇ ئۇنىڭغا ئەرزىمەيدۇ. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن پىچاقنى تارتىۋالالايتتى، ھەمراخاننىڭ جېنىنى ساقلاپ قالالايتتى، ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، ھەمراخاننى تاشلاپ قاچتى، ھەمراخان ئۆلدى، مانا مەنمۇ جېنىمدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىمەن، ئۇ ئەسلىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى... ئۇ يەنە نى - نى خوتۇنلارنى، ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان قىزلارنى ئالدايدۇ. ئۇلارنىمۇ ماڭا ئوخشاش ئوتتىن ئېلىپ سۇغا، سۇدىن ئېلىپ ئوتقا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى، ھۆسنىنى، ياشلىقىنى تۈگىتىپ يەنە يېڭىلىرىغا كۆز تىكىدۇ. تاكى كۈچ - قۇۋۋىتى قۇرۇپ تامامەن مادارىدىن كەتكۈچە ئەنە شۇنداق ياشايدۇ. كۈچ - قۇۋۋىتى قۇرۇپ تۈگىگەن ئاشۇ كۈندىن تارتىپ ئۇنى خوتۇنلارنىڭ قىساسى تۇتۇشقا باشلايدۇ. قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا، بارلىق گۇناھكار بەندىلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا، ئۇلاردىن رەھىم - شەپقىتىڭنى ئايىما، بەندە ئەنە شۇنداق نەرسە، سەن ئۇنى شۇنداق ياراتقان...»

ھەۋزىخان نېمىشقىدۇر تۇنجى ئېرىنى، ئۇنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىنى، قىپقىزىل تۇرۇم-تۇرۇم بولۇپ تۇرىدىغان يوغان بوينىنى، ئېيىق تاپىنىدەك قوللىرىنى ئەسلىدى. ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈنلەردىن ئۇنىڭ خۇشال بولىدىغانلىقىنى، ھىجىيىپ تۇرغان ساقال باسقان، ساپسېرىق چىشلىق ئاغزىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تېنى شۈركەندى. كۆڭۈلسىز خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە بىر تەرىپىگە ئۆرۈلۈۋىدى، بېقىنى ئاستىدىن چاشقانلار چىرىلدىشىپ قېچىپ چىقىشتى.

كۆزى ئەمدىلا ئىلىنغان ھەۋزىخان ئىشىكنىڭ غىچىلدىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئىشىك ئېچىلىپ يېپىلدى. قاراڭغۇلۇقتا كىمدۇر بىرىنىڭ تېز - تېز نەپەس ئالغان تىۋىشى ئاڭلىناتتى. ھەۋزىخان شاققىدە ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى.

— كىم؟ كىم؟

ئىشىك تۈۋىدە قارىيىپ كۆرۈنگەن سايە شىپ - شىپ قىلىپ يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ھەۋزىخان سايىگە كۆزلىرى تېلىپ كەتكۈدەك تىكىلىپ قارىدى. بىرەر جاۋاب كۈتۈپ جىممىدە تۇردى. نېمىشقىدۇر قورقمىدى. ئۇ ئەمدى يەنە نېمىدىن قورقاتتى. كۆڭۈل توختىتالماي تۇرغان ھەۋزىخان ئادەمنىڭ پەريادىغىمۇ، ھايۋاننىڭ ئىڭىششىغىمۇ ئوخشايدىغان ئاجايىپ بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى. بۇ ئېڭراش يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىككىنچى قېتىم بۇ ئاۋاز تېخىمۇ ئوچۇقراق ئاڭلاندى:

— ھەۋزىخان! مەن...

بۇ ئابدۇللانىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھەۋزىخان، مانا مەن ئالدىڭغا كەلدىم، مېنى تىللا، ئۇر، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەت، يۈزۈمگە تۈكۈر... تۆت كۈن بولدى، سارىڭ ئىتتەك كېچىلىرى زىنداننىڭ تاملىرىنى پۇراپ يۈردۈم، ساڭا ئىككى ئېغىز گېپىمنى قىلىۋالاي دەپ... ھەۋزىخان، جېنىم ھەۋزىخان، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار، ئۆلۈمگە مەن لايىق... — ئابدۇللا يىغلامسىراپ ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزغىنىچە ھەۋزىخاننىڭ ئالدىغا تىز چۆكتى، — مەن سېنىڭدىن ئايرىلالمايمەن ھەۋزىخان، يادىڭدىمۇ؟ ئىككىمىز قانداق كۆيۈشكەن... ئىككىمىز نېمىدې-

گەن چىرايلىق ئۆتتۈشكەن! بىزگە يامانلارنىڭ كۆزى تەگدى، مېنى قارا باستى... جېنىم هەۋزىخان، گەپ قىلغىنا، بىر ئېغىز گەپ قىلغىن. ئىككىمىز يەنە قېچىپ كېتىلى، تېخىمۇ يىراققا، ئادەمزاتنىڭ ئايىغى، ئۇچار قاناتنىڭ قانىتى يەتمەيدىغان يەرلەرگە كېتىلى. ماڭا ئىشەنگىن هەۋزىخان، مەن ئەمدى...

هەۋزىخان ئۈنچىقمايتتى، مىدىر - سىدىر قىلمايتتى. قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىلىۋاتقان قىلىچ بىسىدەك يالتىراق، مۇزدەك سوغۇق بىر نەرسە ئابدۇللانىڭ يۈرىكىگە سانجىلاتتى ۋە ئۇنى لاغ - لاغ تىترەتمەكتە ئىدى. ئابدۇللا ئۈممىدسىزلىنىپ يىغلىۋەتتى. ئولتۇرغان يېرىدە بېشىنى قوللىرى بىلەن چاڭگاللىغىنىچە كىچىك بالىدەك ئېزىلىپ - ئېزىلىپ يىغلىدى:

— ئاھ خۇدا، خام سۈت ئەمگەن بەندەڭگە شۇنچىمۇ رەھىمسىزلىك قىلامسەن! مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن، قانداق قىلىمەن...

ئاسماننىڭ شەرقى ئاقىرىشقا باشلىغاندا ئىشىك شىرىقلىدى. قېرى گۈندىپاي هاسىراپ - هۆمىدەپ كىرىپ، يەرگە چاپلىشىپ هوشىدىن كەتكەندەك ياتقان ئابدۇللانى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئىشىك يەنە يېپىلدى، قۇلۇپنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىن ئەتراپنى يەنە گۆردەك جىمجىتلىق قاپلىدى.

ئەتىگەنلىك غىزانى ئېلىپ كىرگەن گۈندىپاي هەۋزىخاننىڭ ئاخشامقى ئورنىدا قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى.

قارىغاندا، هەۋزىخاننىڭ ئازابلىرى تېخى چېكىگە يەتمىگەنىدى. ئابدۇللانىڭ يوقلاپ كېلىشى ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەن، قاتمۇ قات قار - مۇزلار قاپلىغان كۆڭۈل دالاسىدا قانداقتۇ بىر نەرسە ئاستا مىدىرلاپ باش كۆتۈرۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. قار - مۇزلار ئارىسىدىن كىچىككىنە، ئىللىق بىر ئېقىم شىرىلداپ ئېقىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئىككى قىرىدا سارغۇچ يېشىل مايسىلار قايتا بىخ سۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. يۇلتۇزلۇق ئاسمان، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن ئېتىز، باغلار، چۆللەر... بىر پەستىلا ئۇنىڭ نەزەرىدە شۇنچە گۈزەل، شېرىن، ئايرىلغۇسىز بولۇپ ئۆزگەردى. ئۇنىڭ قەلبى هەسرەت، پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلىنىشقا، ئۆلۈم ئۆزىنىڭ بارلىق دەهشىتى، سۈرى، رەھىمسىزلىكى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بورانىدا قالغان ياپراقتەك تىترىتىشكە باشلىدى. ئاھ خۇدا، مەن تېخى ياش ئىدىم، بۇ دۇنيانىڭ هېچقانچە خۇۋلۇقىنى كۆرمىسىدىمغۇ، ۋۇجۇدۇمدا يەنە بىر جان ئىگىسى چوڭ بولۇۋاتىدىغۇ (خۇددى هەۋزىخاننىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيغاندەك بالا يەنە مىدىرلىدى)، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مېنىڭ هەققىم يوق، ئۇ ئابدۇللانىڭ. مېھرى - شەپقەتلىك خۇدا! ماڭا رەھىم قىل، ئاشۇ بالام ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىل، ئۇ گۇناھسىز، پەرىشتىدەك پاك، سەن ئۇنى ئاپىرىدە قىلدىڭ، ئەمدى يورۇق ئالەمگە كۆز ئاچقۇزغىن. مەن بالام ئۈچۈن ياشىسام دەيمەن، ئۆلۈشنى خالىمايمەن...

نەدىندۇر بىر يەردىن مۇزدەك سوغۇق يەنە بىر ئاۋاز رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنى ئاگاھلاندۇراتتى:

ياق، ياق، ئۇنىڭ بىر قاتىلىنىڭ بالىسى بولۇپ تۇغۇلغىنىدىن تۇغۇلمىغىنى ياخشى. بۇ ئالەمدە ئۇ بەختسىزلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. سەنمۇ شۇنداق بۇ دۇنياغا لايىق ئەمەسسەن. سەن چۆل - چۆل بولۇپ كەتكەن ئەينەكنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى، كۈلى كۆككە توزۇپ بولغان ئوتنى قايتا تۇتاشتۇرماقچى، ساداقتىن چىقىپ كەتكەن ئوقنى قايتۇرۇۋالماقچىمۇ؟ ئۇ سېنى ئەركىلىتىۋاتقاندا، ئۇ ئۇخلاپ ياتقاندا، ئۇ غىزا يەۋاتقاندا سەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئاشۇ دەھشەتلىك چۈشنى، ئاشۇ قېتىپ قالغان كۆزلەرنى ئەسلىمەي تۇرالامسەن؟ جادۇدىن قۇتۇلۇپ قالارسەن، پۈتۈن جاھاننىڭ ھەتتا باغرىڭنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىڭنىڭ سەندىن يىرگىنىشى، سەندىن نەپرەتلىنىشىدىن قورقمامسەن؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن كۆيدۈڭ - پىشتىڭ، ساراڭ بولدۇڭ. ئاشىقلىقىڭنى ھاياتىڭنىڭ مەقسىتى قىلدىڭ، ئۇ يولدا ھېچنەرسىدىن باش تارتمىدىڭ، ئەمما مەقسىتىڭگە يېتەلمىدىڭ، ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟ بەندە ئەنە شۇنداق تۇراقسىز، ئىشەنچسىز، ئۇنىڭ مۇھەببىتى تېخىمۇ ئىشەنچسىز، ئۇ تۇماندەك تىترەپلا تۇردۇ. بارمىكىن دېسە يوقتەك، يوقمىكىن دېسە باردەك، زادى قولغا چىقمايدۇ. ئۇنىڭدىن چىرايلىق لىباسلارنى توقۇغىلى، ئۇنى تۇلپار قىلىپ مىنگىلى بولمايدۇ. ئۇنى لىباس قىلىپ كىيگۈچى كۆيۈپ كۈل بولماي قالمايدۇ، ئۇنى تۇلپار قىلىپ مىنگۈچى تەگسىز ھاڭغا غۇلاپ كەتمەي قالمايدۇ.

ئىنسان قەلبى كۆزگە كۆرۈنمەس تارغا ئوخشايدۇ. ھەر قانداق بىر كۈچ - قار - بورانمۇ، غۇر - غۇر شامالمۇ، بىر تال كۆز ياپرىقىمۇ ئۇنى تىترىتەلەيدۇ. ئۇ تىنماي تىترەپ، تەۋرىنىپ، بەزىدە بوغۇق، بەزىدە زىل، بەزىدە قايغۇلۇق، بەزىدە شاد سادا چىقىرىدۇ. ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھۆكۈمران بولالمايدۇ.

ئىنسان كۆڭلى گوياكى قۇش، ئۇنىڭ ماكانى پايانسىز ئاسمان، ئاسماندا پەرۋاز قىلالمىغان، بۇلۇتلار ئارىسىدا ناخشا ئېيتالمىغان قۇش — يۈرىكى ئۆلگەن قۇش. ئۇنى قەپەسكە سولىۋالغاندىن نېمە پايدا...

......

«جېنىم بالام، گۇناھكار ئاناڭنى كەچۈرگىن» ھەۋزىخان خۇددى تېخى تۇغۇلمىغان پەرزەنتىنى باغرىغا باسماقچى بولغاندەك، قوللىرىنى قورسىقى ئۈستىدە گىرەلەشتۈردى، گويا پەرزەنتىنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقاندەك كۆڭلەك ئىچىدىكى خېلىلا تومپىيىپ قالغان قورسىقىنى چوڭقۇر بىر مېھىر بىلەن سىلاشقا باشلىدى.

* *

ۋاقىتسىز كىرىپ كەلگەن گۈندىپاي سامان تۆشەكتە بۇلۇڭغا قاراپ تۈگۈلۈپ ياتقان ھەۋزىخاننى مۈرىسىدىن كۈچەپ تۈرتتى:

— ھەي، ھەي! ھەۋزىخان؟ چاققان بولسۇن، ئامبال سەندە گەپ سورايدۇ، مەن ساڭا دېسە، ئۇبدان ئاڭلىسۇن، سەندە ئامبال خوجامغا يالۋۇرسۇن، دادام قېرى دېسۇن...

گۈلدىپاي ھەۋزىخاننىڭ قوللىرىنى باغلاپ، ئۇنى گۈلدىخانا ھويلىسىدىن ئېلىپ چىقتى. ئۇلار بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە سېپىلنى بويلاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، يوغان قارا ئىشىكلىك بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. گۈلدىپاي مىلتىقىغا تايىنىپ تۇرغان ياپما قاپاق بىر چېرىككە تۈز تىلدا بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلىۋىدى، ئۇ ھەدەپ باش لىڭشىتىپ ھەۋزىخانغا قاراپ ھىجايغىلى تۇردى. ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىدە ئالدى تەرىپى سۇۋاقلىق پەنجىرىلىك ئوخشاشلا قارا ئىشىكلىك ئۆيلەر بار ئىدى. تۆردىكى بىرىنىڭ ئالدىدا يەنە ئىككى چېرىك پوستا تۇراتتى. گۈلدىپاي ھەۋزىخاننى كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ ئاغزى ئېچىلىپ قالغان چېرىكلەرنىڭ ئالدىدىن تۆردە ئېگىز شىرەدىن باشقا نەرسە يوق يوغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، ھەۋزىخاننى شىرەنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، يالغۇز قالغان ھەۋزىخاننى ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل قورقۇنچ ئورىۋالدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى، تىترەكنى كۈچ بىلەن باسماقچى بولاتتى - يۇ، باسالمايتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراشقا پېتىنالمايتتى. تويۇقسىز ئىشىكتە تۇرغان ئىككى چېرىك پۈتلىرىنى شاقىلدە قىلىپ جۈپلەپ، تىك تۇرۇپ كىمدۇر بىرىگە ھۆرمەت بىلدۈردى. بىرىنىڭ شىپىلداپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ھەۋزىخاننىڭ يېنىدىن قارا لاتا خەي، ئۇزۇن قارا تاۋار چاپان كىيگەن بىرى شىرە تەرەپكە ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى.

— ئارىباغلىق ھەۋزىخان سەن بولامسەن؟

ھېچقانداق سۈرى يوق، سەل ياسالمىراق بۇ ئاۋاز ھەۋزىخاننىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچنى بىردىنلا تارقىتىۋەتتى.

— ھە، مەن بولىمەن.

— گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، مەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل.

— ئۆلۈمگە لايىق ئىكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن.

— ئەگەر...

ئامبالنىڭ ئاۋازى بىردىنلا ئۈزۈلدى. چاياندەك سېرىق چىرايىدىكى پىچاق بىلەن تىلىپ ياسىغاندەك كۆزلىرىدە، تېرىسى تارتىشىپ تۇرىدىغان جاۋغايلىرىدا ئايرىم چاغلاردىلا غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان سىرلىق بىر كۈلكە پەيدا بولۇپ، سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن - ئۇزۇن چىشلىرى ھىڭگىيىپ كەتتى.

— مەن سېنىڭ داڭقىڭنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئۆزگەرگەن خۇشامەت ئاھاڭىدا، — سەندەك چىرايلىق ئايالنى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قول بارسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە داداڭمۇ ماڭا كۆپ يالۋۇردى... شۇڭا مەن سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالاي دەۋاتىمەن، لېكىن بىرلا شەرت بار...

ئۇ خىرىلداپ سەت كۈلدى. قوللىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ شىرەنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، خېيىنى شىپىلداتقىنىچە ھەۋزىخاننىڭ يېنىدا بىردەم ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغاندىن كې -

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇر بىلىك
www.uyghurkitap.com

يېمەن، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ توختىدى. ھەجىمىپ تۇرۇپ خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىردەم تىكىلدى. ئارقىدىن خۇددى چىرايىدەكلا سېرىق، تېرىسى تارتىشىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن تىرناقلىق قولىنى ئۇزىتىپ ھەۋزىخاننىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈردى. ئەمما ھەۋزىخاننىڭ كۆزلىرىنى كۆرەلمىدى. پەقەتلا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تۇسۇپ تۇرغان كۆل لېۋىدىكى مەجنۇنتالدەك ئۇزۇن ھەم قويۇق كىرپىكىنى يېقىندىن كۆرۈپ «كىرپىك دېگەنمۇ مۇشۇنداق ئۇزۇن بولىدىكەنە» دەپ ھەيران قالدى. ھەۋزىخاننىڭ يەرگە قارىۋېلىشىنى تارتىنچاقلىق دەپ چۈشىنىپ، ئۆز - ئۆزىدىن مەمنۇن بىر ئاھاڭدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— شەرت شۇكى، مەن سېنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالىمەن. چوڭ تەتەيگە ئۇقتۇرماي شەھەردىن ساڭا ئايرىم ئۆي ئېلىپ بېرىمەن... ئەگەر ئاردىباغدا تۇرۇۋېرىمەن دېسەڭمۇ ئىختىيارىڭ...

ئۇ سۆزلىگەنچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. سەل ياۋايىلىقى چىقىپ تۇرغان بۇ سەھرا گۈزىلى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان لەززەتلىك مىنۇتلارنى ھېلىتىنلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قىن - قىنىغا سىغماي كەتتى. ئۇ ئۇنىڭ ياق دەپ قېلىشىنى، ئۆزىدەك بىر كاتتا، شەپقەتلىك ھۆكۈمرانىنىڭ مەرھەمىتىنى رەت قىلىۋېتىشىنى ئەسلى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

— قانداق، رازى بولارسەن؟ ماڭا كىچىك خوتۇن بولساڭ ھەددى - ھېسابسىز راھەت كۆرىسەن، سەنلا ئەمەس، داداڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى راھەت كۆرىدۇ...

— ياق، مەن رازى ئەمەس، مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇڭ.

ئۇ تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن دىڭگىدە چۆچۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى، خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ نېمە، دېگەندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھەۋزىخانغا تىكىلىپ قالدى. ئىككىنچى قېتىم تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىغاندىن كېيىنلا قۇلىقىغا ئىشىنىپ، كۆڭلىدىكى ھەيرانلىق، گاڭگىراشنىڭ ئورنىنى چەكسىز قەھر - غەزەپ ئىگىلىدى ۋە بۇ قەھر - غەزەپ بارغانسېرى كۈچىيىپ ئالدىدا جىممىدە تۇرغان بۇ ئايالنى دەسسەپ چەيلىۋەتكۈسى، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كەلدى.

— ۋۇي سېسىق خوتۇن، سېنى ئادەم كۆرۈپ...

ھەۋزىخان ئەمدى كۆزلىرىنى يەردىن ئېلىپ ئۇنىڭغا تويپتوغرا قاراپ تۇراتتى. بۇ ئاجايىپ گۈزەل ھەم غەمكىن كۆزلەر ئۇنىڭغا ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىكار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغانىدى.

ئۇ دەرھال شىرەنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. گۇندىپاينى چاقىرىپ ھەۋزىخاننى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، يوغان بىر پارچە ئاق قەغەزنى ئالدىغا يېيىپ ئۇنىڭغا موي قەلەم بىلەن: «قەتلى قىلىنسۇن» دېگەن خەتلەرنى يازدى، ئارقىدىن موي قەلەمنى تاشلاپ بېشىنى قوللىرى بىلەن چاڭگاللىدى.

دۇنيانىڭ ئاخىرقى كۈنى — زامانى ئاخىر يېتىپ كەلدى. شۇنداق، بۇ زامان ئاخىرى ھەۋزىخان ئۈچۈن ھاياتلىق، مۇھەببەت، قايغۇ ۋە شادلىقتىن ئىبارەت ھەممە ئاخىرلاشقان كۈن.

ئۇ ئەتىگەندە گۈلدەستەپايغا پۇل بېرىپ، بىر قۇتا ئۇپا بىلەن بىر سىقىم ئوسمائەكىرگۈزدى، ئوسمىنى ھىجىر تاۋاقنىڭ كەينىگە سىقىپ بولغاندىن كېيىن، پاختىلىق جىلىتكىسىدىن ئازراق پاختا سۇغۇرۇۋېلىپ پەلكۈچ ياسىدى. يانچۇقىدىن كىچىككىنە ئەينەكنى چىقىرىپ ئاخىرقى قېتىم قارىدى. ئاھ، ئاشۇ قاشلار، كۆزلەر، ئاشۇ لەۋلەر راستىنلا چىرىپ كېتەرمۇ؟ قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ كېتەرمۇ؟

ھەۋزىخان ئالدىرىماي ئوسما قويۇشقا باشلىدى. ھەۋزىخانىنىڭ ئاخىرقى بىر ۋاقلىق غىزاسىنى ئېلىپ كىرگەن، قېرى گۈلدەستەپاي: «بۇ ئايال قورقۇنچتىن ئېلىشىپ قالدىمۇ، نېمە؟» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆمرىدە ھېچبىر مەھبۇسقا مۇنداق ئىچىنمىغان، ئۇنىڭ قەلبى ئېچىنىش تۇيغۇسىدىن مۇنداق لەرزىگە كېلىپ باقمىغانىدى. ئەگەر شۇ تاپتا ھەۋزىخان ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويغان بولسا، ياكى ياش تۆكۈپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئىلتىجا قىلسا، ئۇ ھەۋزىخان ئۈچۈن بېشىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ھەر قانداق خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان بولار ئىدى. ئەمما، ھەۋزىخان ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئوسمىنى قويۇپ بولۇپ، ئۇپا سۈرتتى، چېچىنى تارىدى، بوغجۇمىسىدىن ئانىسى ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بەرگەن قارا ئەتلەس كۆڭلىكى بىلەن مەخمەل جىلىتكىسىنى ئېلىپ كىيدى. بېشىغا قارا چۈمبەلنى ئارتىپ قىبلىگە قاراپ تىز چۆكتى. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى نامىزى ئىدى.

* *

شۇ كۈنى پېشىن ۋاقتىدا، بويىنغا تاقاق سېلىنغان ھەۋزىخان بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنىڭ خارابە كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان ئاياللار ھۆر-ھۆر يىغلىشىپ، دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەرنى ئەڭ ئەشەددىي سۆزلەر بىلەن قاغاشتى. ئەرلەرنىڭ ھاياجىنىمۇ ئاياللارنىڭكىدىن قېلىشمىدى. ئۇلار مۇشۇنداق ياش، گۈزەل بىر ئايالنىڭ جادۇ ئاستىغا كېتىۋاتقىنىغا چىدالماي يېرىلغۇدەك بولۇشتى. ھەممىلا ئىشقا قىزىقىدىغان ئۇششاق باللار بولسا، ھەۋزىخاننى يالاپ ماڭغان چېرىكنىڭ ئارقىسىدىن چاڭ توزۇتۇپ يۈگۈرۈشەتتى، ۋارقىرىشاتتى. ئۆزئارا كۈسۈرلىشىپ قانداقتۇر كەپسىزلىكلەرنى قىلىشاتتى. چېرىكلەر مىلتىقلىرىنىڭ پاينىكىنى كۆتۈرۈپ قوغلىغاندا، ئۆزلىرىنى ئىككى ياقتىكى كىشىلەر توپىغا ئېتىشاتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە پەيدا بولۇپ كەپسىزلىكنى باشلايتتى. ئۇلارنىڭ گۆدەك قەلبى بۇگۈنكى بۇ پاجىئەنى، بۇ دۇنيادىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى چۈشىنىشتىن تېخى يىراق ئىدى.

* *

قىش ئۆتۈپ، يېڭى بىر باھار كەلدى. تەبىئەت ئاردىباغنىڭ ئايىغىدىكى تاشلىق سايغا تۇتىشىپ كەتكەن قەدىمىي قەبرىستانلىقنىمۇ مەخمەلدەك يېشىل ئوت - چۆپلىرى

(ئاخىرى 64 - بەتتە)

uyghurkitap.com

ئوسمانجان ساۋۇت

# سۆيگۈ كۈيلىرى

## (ياشلىق خاتىرىلىرى)

1

بىر سۆزۈڭدىن ئۆلۈپ جاھاندا،
بىر سۆزۈڭدىن تىرىلدى تېنىم.
بىر سۆزۈڭدىن يېنىپ ئارماندا،
بىر سۆزۈڭدىن جۇش ئۇردى قېنىم.

بىر كۈن باھار باغرىدا كۈلسەم،
بىر كۈن قۇچار مېنى قەھرىتان.
بىر كۈن شادلىق ئىلكىدە يۈرسەم،
بىر كۈن يۈردۈم مەيۈس - پەرىشان.

ئىككى قۇتۇپ دوزاخ ۋە جەننەت،
گاھ ئۇنىڭدا، گاھ بۇنىڭدا مەن.
خوشۇڭ تۇتسا تۈگەيدۇ دەھشەت،
خۇيۇڭ تۇتسا كۆيۈدۇ چىمەن.

تىترەپ تۇرار شورلۇق بۇ قىسمەت،
نىچۈن ماڭا قالدىڭىن قونۇپ.
ئۆتەرمەنمۇ ئەمدى شۇ ئىسكەت،
يۈرىكىمنى پىراقتا يۇنۇپ؟

2

تاڭ ئېتىپ، تاڭ پېتىپ ئۆتىدۇ ئەمما،
بىر تىنىق بۇ دۇنيا، بىردەم بۇ ھايات.
يەشمىسەك ئالەمدە بىرمۇ مۇئەممما،
كەتمەمدۇق ئارماندا، بولمامدۇق بەربات؟

دۇچ كەلدۇق چاپما-ۇ چاپ ھايات يولىدا،
ئوخشاشتۇر ئەقلىمىز، ئوخشاش تەققىمىز.
كەچسەكمۇ ھاياتتىن قىسمەت قولىدا،
بەختتىن كېچىشكە يوقتۇر ھەققىمىز.

بىر تىنىق بۇ دۇنيا، بىردەم بۇ ھايات،
ئۆتكەن شۇ ئەسىلار قايتماس كەينىگە.
يىللاردىن پۇچۇلسا تېنىمىز، ھەيھات،
يانمايدۇ پەرىشتەم مەڭگۈ ئەينىگە.

قالتىس بىر ھوقۇق بار بىزلەردە ھازىر،
يۇتالماس ئۇنى ھېچ ياۋۇزلار پەيلى.
ئالەمدە بىر بەخت سۆيۈش بەختى بار،
خاھ سۆيگىن، خاھ سۆيمە ئەركىڭدۇر مەيلى.

3

ئوڭۇم بولسا ئەگەر چۈشلىرىدم،
ئىشەنمەيتتىم مەڭگۈ كۆزۈمگە.

ئىشەنمەيتتىم شۇنچە مول بەخت،
تەۋە بولسا پەقەت ئۆزۈمگە.

ئوڭۇم بولسا ئەگەر چۈشلىرىم،
مۇنچە دەھشەت بولمايتتى دۇنيا.
مىڭ كۈنگە تەڭ بىر كۈن دەردىنى،
قانلار يۇتۇپ تارتمايتتىم گويا.

ئوڭۇم بولسا ئەگەر چۈشلىرىم،
بولماس ئىدىڭ مۇنچە باغرى تاش.
بولماس ئىدىڭ مۇنچە بىپەرۋا،
بولماس ئىدىڭ مۇنچىلىك بىباش.

ئوڭۇم بولسا ئەگەر چۈشلىرىم،
بولماس ئىدىم مۇنچە پەرىشان.
ئىبرىمەس تۈك سىياھ كىرپىكلەر،
قىلالمايتتى باغرىمنى نىشان.

ئوڭۇم بولسا ئەگەر چۈشلىرىم،
بولماس ئىدىم مۇنچە بىچارە.
چەكمەس ئىدىم ھەردەمدە ھەسرەت،
ئويغاندىم ئاھ، ئەمدى نىچارە.....

4

چۈشلىرىمدە ھەمىشەم ئۇ بار،
بۇ چۈشلەرگە بولىمەن ھەيران.
ئۇخلايمەن ئۇ باغرىمدا باھار،
ئويغىنىمەن بولىمەن ۋەيران.

ھەر ئاخشىمى شۇ چۈش، شۇ ئەھۋال،
ئويغىنىشتىن قىلىمەن ۋايىم.
كېچىلەردىن قورقمايمەن ئەمما،
كۈندۈزلەردىن قورقىمەن دائىم.

ئۇ باغرى تاش سۆيگۈ بەرمىسە،
سەن چۈشلەرنى بەردىڭ خۇدايىم.

ئۇ بىر توسۇن — بىر ئاساۋ بولسا،
سەن يېتىنچان بولدۇڭ مۇلايىم.

يالغۇزلارنىڭ يارى خۇدايىم،
ئۇ بىر توسۇن، سەن بىر مۇلايىم.
بىر سەۋداغا قىلدىڭ مۇپتىلا،
چۈشلىرىمدىن ئايرىما دائىم.

5

(كۆڭلۈمگە)

سېنى دەپ يۈرەكنى پارە ئەيلىدىم،
تۈنلەردە ئۇيقۇسىز زارە ئەيلىدىم.
ئۇ سېنى سۆيدۇ دېدىم يالغاندىن،
دىمەككى ھىيلىدىن چارە ئەيلىدىم.

قاغىدىم سېنى كۆپ بىلمىدىڭ ئەمما،
ئۇ ئۇچۇن مەيداندا قالساڭمۇ تەنھا.
مەن سېنى ئۇنىڭدىن ئايرىيالمىدىم،
ئۇيال دەپ مىڭ قېتىم سۆكۈپمۇ ھەتتا.

قىلدىڭ سەن ئۇنى ھەق، مېنى بىر بەندە،
تۈگىمەس بىر دەردكە بولدۇم پەيۋەندە،
كۆزۈمنى قادىدىڭ ئۇنىڭ كۆزىگە،
ئەلكۈنىڭ ئالدىدا بولدۇم شەرمەندە.

ئەجەپمۇ ئاراملىق بىر يىگىت ئىدىم،
بەس ئەمدى ئارامغا قوي چېكىت دېدىڭ.
سەرىنمەس كىشىنىڭ چاپتىڭ كەينىدىن،
شۇڭلاشقا مەن سېنى لالما ئىت دېدىم!

6

قانداق كۈن بولدىكىن قانداق بىر رەڭلىك،
ئۇچراشتۇق، ئۆرتەندىم، ياندى بۇ دۇنيا.
ھەيرانىمەن ئارىدا يوقالدى تەڭلىك،
تەڭرى ۋە بەندە بوپ ئايرىلدۇق گويا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ قىزىق قىسمەتكە رازىدۇرمەن ھەم،
بۇ كۆنمەس يۈرىكىم كۆنەر ھەممىگە.
بىز سالغان ئىمارەت بولسۇن مۇستەھكەم،
بەرمەيلى بىز ئۇنى ھېچبىر بەندىگە.

شەبنەمدۇر بۇ ئۆمۈر، شەبنەمدۇر ھايات،
كەتسە ئۇ، كېلەلمەس ھېچكىممۇ باشلاپ.
بىر نۇرلۇق مەنزىلدە قاققاندا قانات،
كەتمىگىن سەن مېنى تۈنلەرگە تاشلاپ.

بىزنى دەپ ئېچىلغان گۈل كۆپ چىمەندە،
ھۆسنىنى كۆرەلمەي سولدۇرماقتىمىز.
يول بېرىپ دەھشەتلىك قەدىم ئېۋەلگە،
دىللارنى ھەسرەتكە تولدۇرماقتىمىز.

ئاجايىپ ھېسلاردا باقتىم جاھانغا،
بىر ئاتەش ئۇيۇققا كەتتى يېتەكلەپ.
ئۆرتىنىپ ياشايمەن ئەمدى جاھاندا،
دېمەككى بەختىممۇ كېتەر چېچەكلەپ.

7

قارىچۇقى نۇر، قارىچۇقى ئوت، قارىچۇقى ئۇيۇق كۆزنەكلەر،
قارايمەن سىلەرگە ئۆتسەملا.
سىلەردە بار گويا ياشلىقىم قالغان كۆزلەكلەر،
يالقۇنى ئۆچەر پەقەت ئۆلسەملا.

قارىچۇقى ئاي، قارىچۇقى تاڭ، قارىچۇقى ئوتقاش كۆزنەكلەر،
قارايمەن سىلەرگە ئۆتسەملا.
سىلەردە بار گويا ياشلىقىم قالغان كۆزلەكلەر،
يالقۇنى ئۆچەر پەقەت ئۆلسەملا.

قارىچۇقى گۈل، قارىچۇقى ھۆل، قارىچۇقى گۈلباغ كۆزنەكلەر،
قارايمەن سىلەرگە ئۆتسەملا،
دەيمەن دېلىغۇل بولماستىن سىلەر بەرگەن ئۆرنەكلەر،
ئويناقىي كۆزلەرنى كۆرسەملا.

قارىچۇقى ئوق، قارىچۇقى چوغ، قارىچۇقى جاھان كۆزنەكلەر،
قارايمەن سىلەرگە ئۆتسەملا.
سىلەرگە تۆكۈمەن مېھرىمنى ھېچكىمگە بىر تۆكمەستىن،
زېمىندا ئەگەر مېھىر تۆكسەملا.

قارىچۇقى ياز، قارىچۇقى ناز، قارىچۇقى ئاسمان كۆزنەكلەر،
قارايمەن سىلەرگە ئۆتسەملا.
قانات يازسائىلار سۆرلەنگەن ئارمان چېچەكلەر،
ئىنگەئىلار يېنىغا چۆكسەملا.

8

يالقۇن بولۇپ يانىدۇ دىلدا،
ئاشۇ ئاخشام ئاشۇ تولۇن ئاي.
بويىنۇم مېنىڭ باغلاقلىق قىلدا،
ئۇنى تارتىپ تۇرىسەن تىنماي.

ئاشۇ ئاخشام ئاشۇ تولۇن ئاي
نۇرغا چىلاپ قويدى دۇنيانى.
بىز تام تەشسەك قاراڭغۇ بولماي،
ئۇستىمىزگە تۆكتى زىيانى.

سەن باغرىمدا تۇرىسەن تىترەپ،
قوش كۆرۈنۈپ ئاسمان ۋە زېمىن.
تاڭلار تىلغا كىرىشتى سۆزلەپ،
دەل - دەرەخلەر ياڭراتتى كېمىن.

ئون توققۇزغا كىرگەن پەيتىمىز،
ئون توققۇزغا كىردى دۇنيا ھەم.
شۇ ئون توققۇز بولدى بەلگىمىز،
ئون توققۇزنى سۆيدۇم پەرىشتەم.

ئون توققۇزغا كىرەلمەيدۇ ئاي،
لەۋلەردىن ھەم ئىچەلمەس شاراب.
بىز ئايلانساق بىر تەنگە، ئايھاي،
ئولتۇردۇ پەقەتلا قاراپ.

ئاشۇ ئاخشام، ئاشۇ تولۇن ئاي
ئۆز قەدرىڭنى بەردى قولۇڭغا.
سۆيۈشلەرنى ئۆگەندىڭ ئوڭاي،
بەخت چىراغ تۇتتى يولۇڭغا.

ئاشۇ ئاخشام، ئاشۇ تولۇن ئاي
يېڭى كۈندىن ئوقىدى داستان.
باغاشلىدى بىزنى نۇرغا بايى
يېڭى يۇلتۇز يېپيېڭى ئاسمان.

ئاشۇ ئاخشام ئاشۇ تولۇن ئاي
ئاخشا بولۇپ ياڭرايدۇ تىنماي....

9

مەن سېنى يوقاتتىم يۇلتۇزلۇق تۈندە،
ئەتتىمۇ سېنى ئۇ مەندىن تاندۇرۇپ.
يېلىندىم ئۈنىڭغا مۇڭلۇق بىر ئۈندە
ئاڭغىچە،
بەرگەن دەپ سېنى ياندۇرۇپ.

مەن سېنى يوقاتتىم يۇلتۇزلۇق تۈندە،
قايسىڭلار چاقچىپ بولدۇڭلار بەسىر؟
سادامۇ بەرمەيسەن شېرىن بىر ئۈندە،
ئۈنتۈشنىڭ ئىلاھى قىلدىمۇ ئەسىر؟

مەن سېنى يوقاتتىم يۇلتۇزلۇق تۈندە،
تىنمىدى بىردەممۇ قەلبىمدە تەۋرەش.
ئاسمانغا قارايمەن پەرىشان كۈندە،
كۆچلۈككەن
كەمدىكى ئەپسۇن ۋە تەۋرەش؟

مەن سېنى يوقاتتىم يۇلتۇزلۇق تۈندە،
يۇلتۇزمۇ، ئۆزۈڭمۇ بولدۇڭلار غايىب.
يادلىسام شۇ چاغنى ھەسرەتلىك ئۈندە،
پەريادلار سالىمەن ئاچچىق ئاجايىپ.

مەن سېنى يوقاتتىم يۇلتۇزلۇق تۈندە،
ۋە بەلكىم يۇلتۇزدىن تېپىپ ئالارمەن.
ئاۋازىڭ ئاڭلانسا مەيىن بىر ئۈندە،
پەريادسىز، شادىمان ياشاپ قالارمەن.

10

(ھېكمەت ئاجايىپ)

چاراسلاپ يانغاندا چاراس كۆزلىرىڭ،
چاراسلاپ يانىمەن ئۆرتىنىپ ھەرئان.

www.uyghurkitap.com

كەشتەڭگە جور بولار باھار سۆزلىرىڭ،
خىياللار ئىلكىدە بولىمەن سەرسان.

كەچمىشكە قايتىمەن يوققا ياراشقان،
دەسلەپكى قەدەمگە قادىلىمەن جىم.
دەيمەنكى ئۆزۈمگە: يولدىن ئاداشقان
تەقدىرمۇ يا مەنمۇ، ئېيتچۇ زادى كىم؟

تەقدىرنىڭ بويىنغا قادىلار شۇدەم،
بويۇنتاۋ: بويسۇنماس قىزىل ئىرىنقىم.
ھەق يولۇم يوقالغان سېنىڭدە نىكەم،
ھەق شۇڭا شەنىڭگە ھەرنە قىلمىقىم.

ئۆزۈمگە كېلىمەن، يەنە چاراسلاش؛
ئولتۇرۇپ كېتىمەن بارماقنى چىشلەپ.
باشلىنىپ كېتىدۇ جاننى تاراشلاش،
سەن يەنە كېتىسەن كەشتەڭگە ئىشلەپ.

ئىشەنسەم بولارمۇ يۇلتۇز پالىغا،
بىر رەممال دېگەنتى ئوتتۇر يۇلتۇزۇڭ.
دۈشمىنىڭ كۆمۈپەيكۇم، ۋايدۇر ھالىغا،
دېگىنىڭ كېلىدۇ نۇرلۇقتۇر يۈزۈڭ.

راست بولسا جۆيلۈشلەر، راست بولسا
چۈشلەر،
راست بولسا بېشارەت، راست بولسا غايىب.
چاراسلاپ يانغان شۇ چاراس كۆز يۇلتۇز
ماڭلايغا قونسا گەر ھېكمەت ئاجايىپ.

تەلەيلەر تايىنسىز دۇنياغارايىپ
بولسىمۇ ئەجەبمەس ھېكمەت ئاجايىپ.

11

سەن تىلسىم، سەن ئەپسۇن، سەن بىر
مۆجىزە،
يادىڭسىز يۈرمىدىم جاھاندا بىردەم.
يۈمسامىلا كۆزۈمنى ئۆزگە مەنزىرە،
تۇرىسەن ئالدىمدا نۇر بوپ مەلىكەم.

ئېيتىمەن ھەممىنى شۇ چاغدا ساڭا،
ئېيتالماي يۈرگەن بىر گەپلىرىمنى ھەم.
ئېيتىمەن، بۇ ئېيتىش شېرىندۇر ماڭا،
ئېيتىمەن شادلىغۇ دەردلىرىمنى ھەم.

ھەربىر ئوي، ھەرقەدەم شەنى ئىچۇك دەپ،
سورايمەن سېنىڭدىن رايىش تۇرۇپ راي؟
ھە دېگەن ئوي، قەدەم كېتىدۇ گۈللەپ،
ياق، يوقات دېگىنىڭ ئاچالماس چىراي.

بىر سىنىما بولغىنى ياخشى يۈرەكتە،
ئۇچۇچان ئويلارغا بولغىلى ھەكەم.
ئايلىنىپ تۇرىمەن ھامان سەبىيگە،
تاغلارنى تاش بىلىپ كۆتۈرەر يەلكەم.

سەن تىلسىم، سەن ئەپسۇن، سەن بىر
مۆجىزە،
يادىڭسىز يۈرمىدىم جاھاندا بىردەم.
يانماقچى جانلارغا مەن ھەم ئەندىزە،
يانغىنى جېنىمنىڭ ھەممىدىن كۆركەم.

12

مىڭ قىلسام ۋەسلىڭدىن چىقمىدى ئېۋەن،
چاقىنغان نىگاھىتا باقتىم ساماغا.
كۆيلىدىم: سۆيگىنىم لېۋەندۇر لېۋەن،
ئېگىمدا كائىنات چۈشتى ساماغا.

قول بولغاپ كەتسەڭمۇ بەزىبىر چاغدا،
ھىممىرىپ قېشىڭنى ئەزۋەيلىسەڭ ھەم.
ئېۋەن دەپ ئۇلارنى قالمىدىم داغدا،
خۇمارلىق يۈرىكىم سوقتى خاتىرجەم.

زەن سېلىپ كېلىمەن روشەن زىنغىرلاپ،
زىيادىن پۈتۈلگەن قامەتسەن پۈتۈن.
بىرلىرى ئاي دېدى سېنى پىچىرلاپ،
ئاي بىلەن ياۋلاشتىم پەقەت شۇ ئۈچۈن.

تېگى يوق دەپ يۈرسەم ئالەمدە سېنى،
تەگداشلىق تاجىنى قالداق كىيسۇن ئاي.
كۈلدىم: ئۆزىدىن چوڭ چىقتى دېغى،
يەنە سەن يېڭىدىڭ ئامرىقىم ئايھاي!

1989-يىل ئاپرېل ئۈرۈمچى

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

# تەنھالىقتىكى دىل بايانلىرى

## ئىللىق قاراشلار

مېھىر نېمە، سۆيگۈ نېمە، بىلمەيتتىم
تال چىۋىقنى سۇرۇپ يۈرگەن چاغلاردا.
يالاڭ ئاياغ قوغلار ئىدىم كېپىنەك
كەڭ دالىدا، چىمەنزارلىق باغلاردا.

گۈل بەرگىدەك قىزىل رەڭلىك ھالىسىلە
كۆزلىرىمگە باردى ئاستا سىڭدىلىپ.
ئۇماققىنا سەبىي، ئىللىق قاراشقا
ئۇچراپ قالدىم، كەتتىم ھەمدە بېرىلىپ.

نەۋ باھارنىڭ جىلۋىسىدەك تۇيۇلۇپ،
چەكسىز ھېسقا چۆمدۈرەتتى ئۇ قاراش.
تەنلىرىمنى تىترىتەتتى نازلىنىپ،
غۇنچىلارنىڭ كۈلۈشىدەك يېتىرقاش.

شەيئىلەرنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى،
ئاڭلىرىمغا سىڭىپ كەتكەن تۇيغۇدىن.
مېھىر نېمە، سۆيگۈ نېمە، ھېس قىلدىم،
ئاستا-ئاستا ئويغانغاندەك ئۇيقۇدىن.

بەدىلىگە جان بەرگۈدەك قاراشلار،
بالىلىقىم تاپقان تۇنجى سۆيگۈم سەن.
ئىللىق تەپتىڭ، ئوتتەك تەپتىڭ ئۆچمىسۇن،
ھەم بىرىنچى، ھەم مەڭگۈلۈك گۈلۈم سەن.

## ئايدىڭ لىرىكىسى

سالقىن شامال ئارىلايدۇ ھېسلاردەك،
كۈمۈش نۇرلار جىلۋىلەنگەن باغلارنى.
جۇلالايدۇ زەڭگەر رەڭلىك ياپراقلار،
لۆشىدا كۈيلەپ شېرىن چاغلارنى.

شەپەرەڭلەر ئاندا-ساندا پەر قېقىپ،
چىملىقلاردا سوزايلىنىپ ياتىدۇ.
يىراقلاردىن دولقۇن بېرىپ يۇرتلارغا
شوخ ئېقىنلار ئاي قۇچاقلاپ ئاقىدۇ.

چېكەتكىلەر چىرىلدايدۇ توختىماي،
ئۇيقۇ باسقان مايسىلارغا ئارام يوق.
نۇر لەپىلگەن ئاق يوللارنىڭ چېتىگە،
رەت-رەت ئورمان توسۇپ بەرمەس نۇر
يورۇق.

تۇيغۇلارنى يۇلتۇزلاردەك ياندۇرۇپ،
لەلەردىندۇر كېلەر مۇڭلۇق ناخشىلار.
ھالسىزلىنىپ جەسۇرلۇقى كۆزلەرنىڭ،
ئېڭەك يۆلەپ قالار نازۇك بىر قوللار.

خىياللارنى ئاۋۇندۇرۇپ ئاق كېچە،
كىرپىكلەرگە ئارام بەرمەس بىدارلىق.

خىلۋەتتىكى جۈپ گەۋدىلەر پىچىرلاپ،
ئايرىلىشقا تىلىشىدۇ ئامانلىق.

## چۈش ئۆگزەڭدىن بوشلۇق پەرىسى

تۈن سەلكىنى ھۇرۇپ كوچىدا،
تەۋرەتكەندە كۆلەڭگىلەرنى؛
خالاپ قالار ئىزگۈ تۈيغۇلار
كۆڭۈل سۆيگەن گۈل پەرىلەرنى،

ئاقۇش خىرە يالغۇز ئاياغ يول،
دائىم گۇۋاھ بىر تىپىشماقا.
بىرخىل كۈيدە ئىسقىرتىپ ھامان،
كىلەر ھەر كۈن يىگىت بۇياققا.

ئۇ ئايغىمۇ قىلماس ئىتىبار،
يۇلتۇزلارغا سالماس ھەم نەزەر.
خىياللىرى كۆزى قادالغان
بىر ئۆگزىدە ئازادە ئۈزەر.

شۇ ئۆگزىدە بار بىر دىلرابا
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزلۇق تەڭرىسى.
ئۇ كۈيلەيدۇ پەقەت بىر كۈينى،
«چۈش ئۆگزەڭدىن بوشلۇق پەرىسى».

## ئاددىي ئورۇندۇق

خىيالىمدا جەننەت سۇپىسى
بىلىنەتتى ئۇندىنمۇ ئارتۇق.
بىز ياندىشىپ قۇرۇشقان سۆھبەت،
ئاشۇ ئاددىي، ئاددىي ئورۇندۇق.

ئاشۇ ئاددىي، ئاددىي ئورۇندۇق
تۈيغۇمىزنى قىلغانتى ھاپاش،
ئىقبال ئۈچۈن پىلانلىساق يول،
نۇر تۆكەتتى بىز ئۈچۈن قۇياش.

نۇر تۆكەتتى بىز ئۈچۈن قۇياش
مەنزىلىمىز قالغاندا پارلاپ.
قۇچۇشقاندا ئىنتىزار لەۋلەر،
تاۋۇشىنى قالغان كىم ئاڭلاپ!؟

تاۋۇشىنى قالغان كىم ئاڭلاپ!؟
ھەممە بىزگە تىلەيدۇ ئۇتۇق.
ئۇتۇقلارنىڭ تۈنجى پەللىسى،
ئاشۇ ئاددىي، ئاددىي ئورۇندۇق.

## رومان

بەدىئىيلىكتە يەتكەن چېكىگە
بىر مەن ئۈچۈن يارالغان رومان؛
جىلۋىگەرلىك بابىدا نادىر،
ئاق پەرىشتەم — ئۆزۈڭسەن ھامان.

ھەرپلىرىڭ سۈركىلىپ دىلغا،
ئىختىيارسىز ياندۇرار مەشئەل.
كەلگۈسىمگە كىتەمەن ئۈزۈپ،
قۇرلىرىڭدا ھاسىل بولۇپ سەل.

بەتلىرىڭدە ۋاپا-ساداقەت
ئوقۇپ تىخى قىلمىدىم تامام.
«مەڭگۈ...» دىگەن ئۈندەش سۆزۈڭدىن،
تىرىلىدۇ مېنىڭ لىرىكام.

## تىرىلگەن تۈيغۇ

گۈمران بولغان تەگسىز خىياللار،
سەن تەرەپكە ئىنتىلەر غەمكىن.

كۆزلىرىمگە چىلىقتىلىق يەنە،
تۈنجى كۆرگەن چېغىمدەك تەمكىن.

ئۆلگەن ھېسلار چۆمۈپ باھارغا
نامىلىق بىلەن بىخ ئۇردى نازۇك.
سەن تەرەپكە تۇغۇلدى يوللار،
«ئۇھ» سىنىشلار ئۈزۈك ۋە ئۈزۈك.

تاغ كەينىگە مۆكۈنگەن قۇياش،
سەن يولۇڭغا كېتىسەن راۋان.
گەۋدەڭ بىلەن كۆرۈنمەس يىپتا
كۆزلىرىمنى چېكىپ جانىجان.

## كەلمە ئىزدەپ خۇش پۇراق گۈللەر

(بىر ئاپتورغا چاقچاق)

كۆكۈل ساناپ ئايدەك خۇشپېئىل
تۇرالغۇمغا كەپسەن يىراقتىن.
تەركىب ئايرىش ماڭا نە ھاجەت،
شۇنى كۈتكەن تۇرسام ئۇزاقتىن.

ئۆيۈمدە يوق لۆم - لۆم ئورۇندۇق،
لايدا ئەتكەن سۇپا بار پەقەت.
پۇچۇق كىگىز گىلەم ئورنىدا،
مىراس بولۇپ قالغان شۇ ئوقەت.

مەن ھەزىلگە ئەزەلدىن ئامراق،
چاقچاق بىلەن قۇرغىن بەداشقان.
تەلەپ قىلما لالە رەڭلىك چاي،
قاڭسىق مەيدىن قۇيار ساھىبخان.

مەست بولايلى ئىچىپ قانغۇچە،
رىئاللىققا ئايلانسۇن خىيال.
كەچمىشلەردىن پۈتەيلى داستان،
كۆلكىلەردىن ياساپ مىڭ رويال.

باغلىرىمغا باشلىسام سىنى،
لالە - رەيھان كۆلگەنتى سەرخىل.
چىرايىڭدا ئۆزگىچە شادلىق،
گۈللىرىمگە بوپ قالدىڭ ئىجىل.

خۇشتار بولساڭ بولغىن مېھمىنىم،
ھەزەر ئەيلە سىلىشتىن ئۈزۈپ.
مەيلى يارنىڭ مىلى نە ھاجەت،
دوستلىقىمىز كەتمىسۇن تۈزۈپ.

كەلمە ئىزدەپ خۇش پۇراق گۈللەر،
ئىزدەپ كەلگىن مېنى دەپ پەقەت.
جەننەت پەيزى سۈرۈپ ئۆتەيلى،
قاڭسىق مەيدىن ئىچىپ تا ئەبەت.

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# ئىلھام قەترىلىرى

ئارمانلىرىم

ئارمانلىرىم يۇلتۇزلىرىنى
كۆك سەتھىگە چاچىمەن تۈندە.
تەلۋىلەرچە باغاشلاپ نۇرنى
ماكان تۇتۇپ ياشايمەن كۈندە.

تەقدىرىدىن غالىب يۈرىمەن،
نۇر مىسالى ئۆچمەن بىر كۈن.
كۆك سەتھىدىن ئاققان يۇلتۇزدەك
يەر قەھرىگە كۆچمەن بىر كۈن.

تۇپرىقىمنى باسسا باغرىغا
چوققىلىرى كۆك سۆيگەن تاغلار.

ئارمانلىرىم بىلىخ سۈرۈپ ئۈندا،
چېچەكلەيدۇ، پايانسىز باغلار.
مەن ياشايمەن رەڭدار چېچەكنىڭ
تاڭ نۇرىدا جىلمىيىشىدا.
مەن ياشايمەن ئەۋلاد كۆزىنىڭ
ئارمانلارنى چاقنىتىشىدا.

## ئاتەش نەپەسلەر

1

نىگاھتىن ئوق ئۈزدۈڭ، تەگدى كۆكسۈمگە،
پىراقىنىڭ قۇچىقىغا ھوشسىز يىقىلدىم.
ساچىڭ ئارقانىدا سۆرىدىڭ مېنى،
بوسۇغاڭ ئۆزرە بەند بوپ بىقىندىم.
پىغانىم ئەيلىدى باغلارنى خازان،
ئاھىم گۈلشەنىدە يىغلىدى بۇلبۇل.
گەر بەرسەڭ ۋاپانىڭ جامىدا زەھەر
روھىم كۈلەر ئىدى بولۇپ قىزىلگۈل.

2

ئەگىپ يۈرەر بىر تېۋىش مېنى،
ئۇ ئەلەممۇ ۋە ياكى شادلىق.
پىچىرلاشلار كىرەر قۇلاققا،
خىيال شۇنداق ئۇچقۇر قاناتلىق.
سەن يوق دىلبەر بۇدەم يېنىمدا،
سەن يۈرىكىم خانىدانىدا.
بىر نىگاھتىن سېنىڭ پىراقىڭ،
بولغانىكەن يۈرىكىمگە جاھ،
پىچىرلاشلار كەتمەس قۇلاقتىن
ئىزدەر كۆڭۈل خىلۋەت بۇلاقتىن.

3

باغلار جىمجىت سۈكۈت ئىچىدە،
چۈشلىرىدە جىلمىيار بۇدەم.
يامغۇر چۈشتى ياپراق يۈزىگە،
گۈل لېۋىگە كۈلكە بولدى جەم.
چۈشلىرىنى سۆزلەر گۈل ـ گىياھ
تامچىلارنى باغرىغا تېڭىپ:
شامال سىلىكىپ ئۆتتى گۈللەرنى
ۋۇجۇدىدا كۈلدەشلىك يېڭىپ.
تامچا سىڭدى يەرنىڭ كۆكسىگە
ھۆسن قوشتى گۈللەر ھۆسنىگە.
ئۇچتى شامال قەلبى مىلىڭ پارە،
ھەسرەت يۈكىنى ئارتىپ ئۈستىگە.

## نىگاھلار

نىگاھلار قۇچاقلىشار نىگاھ بىلەن،
كۆڭۈللەر سىرلىرىنى ئەيلەپ بايان.
سۆيگۈلەر گۈل تۇتىدۇ نىگاھلاردىن،
نىگاھلار قۇچىقىدا سۆيگۈ پىنھان.
قىبقىلسا ھەر دەقىقە بوستان كىرپىك،
نىگاھلار دىل تەكتىدە چاقار چېقىن.
سۆيگۈلەر قانچە پىنھان تۇتۇلسىمۇ،
كۆزلەرنىڭ قاراقىدا ياسار ئېقىن.
نىگاھسىز يۈرەك تارى چېرتىلمەيدۇ،
نىگاھسىز ھايات غەمكىن، كۆزلەر ئەما.
نىگاھلار تىلغا ئەلچى، دىلغا ئەلچى،
نىگاھتىن سۆيگۈ تاپار ھايات مەنا.
ھەر نىگاھ نۇر تارىتار قۇياش مىسال،
سۆيگۈنىڭ تېگى بىلسەڭ تۇ جى نىگاھ.
نىگاھتىن يۈرەكلەرگە تۇتاشقان ئوت،
ئەيلىگەي سېنى سۆيگۈ تەختىدە شاھ.

## يۈرىكىم تەكتىگە سىڭگەندۇر بەلكى...

سابا ئەللەي ئېتەر، چىمەنلەر مۈگدەر،
لەززەتلىك چۈشلەر قۇچىقىدا مەس.
ياتىمەن ياپىپېشىل تۆشەك ئۈستىدە،
قەلبىمدە دۇنياغا سۆيگۈ ۋە ھەۋەس.
گۈللەرنىڭ شاخلىرى قالدى قىمىرلاپ،
سابالار سۆيۈشتىن ئويغاندى بەلكىم.
چۆچۈپ ئويغاندى ھەم سايرىدى بۇلبۇل
تەبىئەت تىڭلايدۇ، جۇشقۇن كۈينى جىم.
بىر يۇلتۇز سىرغىدى سامادىن شۇئان
كۆزۈم قارىچۇقىدا شۇ يۇلتۇز ئەكسى.
بىلمەيمەن يۇلتۇز بوپ جانانىنىڭ ئىشقى
يۈرىكىم تەكتىگە سىڭگەندۇر بەلكى.

**تەلئەت قادىرى**

# ئېزىقتقان ئىلاھ ناخشىلىرى



تەلئەت قادىرى 1961 - يىلى 11 - ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ تىجەن يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1979 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەندىن بۇيان، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ 1982 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە «بېغ» ناملىق شېئىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى ۋە «قىزىلسۇ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 150 پارچىگە يېقىن شېئىرى ۋە بىر پارچە داستانى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ نەچچە شېئىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، كوللېكتىپ توپلاملارغا داستان، شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئەنە شۇ بىر قاتار ئۇتۇقلىرى بىلەن 1987 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان.

## روھ ۋە ناخشا

ئۇنچىلەر چاچرىما كىرپىكلىرىمگە،
بۇ مېنىڭ روھىمغا ئاسىيلىق ۋە يات.
ياشايمەن تەقدىرگە چىداشلىق بېرىپ،
چۈنكى مەن ياش تۆكسەم بولىمەن بەربات.

بەخش ئەتكەن جىسمىمگە بۇ چىدام روھنى،
روھىمدەك چىداملىق بۇ چىدام زېمىن.
تاپىمەن چاقماقتەك سوقۇلۇپ پارلاش،
قالسىمۇ قورشاۋدا ئەقىل ۋە زېھىن.

## گۈگۈمدىكى بوغۇق بىر سادا...

ئولتۇرىمىز ھارغىن ئورمان لېۋىدە
كەچكى ئۇيۇق گۈگۈمغا بۆلۈنۈپ.
قالغانىدى شاۋقۇنلىرى ئورمانىنىڭ
قېرى سۆكۈت ئەللىيىدە ئۇزۇلۇپ.
......

پىچىرلاشماس ئىدۇق ئوماق ۋە تاتلىق،
ھەم سۆيۈشمەس ئىدۇق قىزغىن ۋە ئوتلۇق.
كېزىپ يۈرەر ئىدى سۈرگۈن روھىمىز
شۈكۈنغاندەك تۈن قوينىدا يوروقلۇق.

كېلىپ قالسا كۆكۈم باسقان ئورماندىن
ئازغان قۇشنىڭ ئۈنى - بوغۇق بىر سادا.
بۇلۇتلاردىن قاڭقىپ كەتكەن چاقماقتەك،
غايىب بولۇپ كېتەر ئىدى ئۇ يانا.

## دۈئەلدا

چاقىرغاندا سۆيگۈك بىر كۈنى
مېنىڭ بىلەن ئۇنى دۈئەلغا.
بىز ئۇچراشتۇق —
ۋەھشىي رەقىبلەر،
جەڭ مەيدانى — قەلبىڭ بويىدا.

تەقدىم قىلدىڭ مۇھەببىتىڭنى
شۇ دۈئەلدا رەقىبىم ئاڭا.
بىراق، بىلسەڭ شۇ كۈندىن بېرى
تەقدىم قىلدىڭ تالانتنى ماڭا.

## ساڭا پەقەت مەنلا كىتابخان

سۆزۈپ ئالدىم دېڭىزدىن ھاياتنىڭ
تۈنجى غەۋۋاس بولۇپ، سېنى سەدەپتەك.
ۋە ياراتتىم سەندە گۈزەل سۆيگۈلەر،
ئۇپۇقلاردا دولقۇنلىغان شەپەقتەك.

سەنمۇ قوزغاپ ئالدىڭ گويا باھارنىڭ،
تاشقىنىدەك دەھشەت تۇيغۇ - ھاياجان.
يازدىم سېنى شېئىر قىلىپ ئامرىقىم،
بىراق، ساڭا پەقەت مەنلا كىتابخان.
......

## ئەسەبىي سۆيگۈ

تىلەيدۇ قەلبىمنىڭ بوسۇغلىرىدا،
قانچىلەپ سەرگەردان سۆيگۈ - مۇھەببەت.
ۋە لېكىن ئۇلارنى تەلۋىلىك بىلەن،
قوغلايمەن سۆيگۈمگە يولاتماي پەقەت.

قوغلايمەن قەلبىمدىن چەكسىز يىراققا،
چۈنكى، بۇ زېمىنغا پەقەت سەن خاقان.
ئۇلارنى قەلبىمگە باستۇرسام ئاياغ
سەن ئۈچۈن دوزاخقا ئايلىنار جاھان.

## بىراق شۇ چاغ يەنە بىر ئاققۇ...

سەن باھارنى تۇغقان زېمىنمۇ،
سۆيۈملۈكۈم گۈزەل پەرىزات.
ئوخلاپ قالدى تىنىقلىرىڭنى
گۈل بەرگىدىن پۇراپ كائىنات.

يېشىل دۇنيا ساقىپ كۆزىڭدىن
قوندى كۆكۈم باسقان ۋادىغا.
سالدى باھار چېچەكلىرىنى
قارىچۇقلىرىڭ بۇلۇت يادىغا.

ئاق قۇلىرى كېلىپ باھارنىڭ
كۆزلىرىڭگە ئالدى چۆمۈلۈپ.
بىراق، شۇ چاغ يەنە بىر ئاق قۇ
كۆكۈم ئىچرە قالدى كۆرۈلۈپ.

## سامان يولىدىكى سودا

كېتىپ بارسام سامان يولىدا
ئەنجۈر ئېلىپ لىق بىر سېۋەتتە؛
ئۇچراپ قالدى شىلەپە كىيگەن
تۇرپانلىق بىر يىگىت بىر چەتتە.

شۇلداق قىلىپ ئەنجۈرلىرىمنى
ساتقانىدىم ئاشۇ يىگىتكە.
يالغىنىمدا بىراق ئۆيگە مەن
شېئىر تولۇپ قاپتۇ سېۋەتكە.

## مەن ۋە ئىلاھ

مەن ئىلاھنىڭ ھېكايىسى «ھايات»تا
يارىتىلدىم بىر پېرسوناژ قىلىنىپ.
پەرق ئەتمەي ئاق - قارىنى ۋە لېكىن
قالدىم گۈزەل قارىمىقىنغا ئېلىنىپ.

ئۇنتۇپ ھەتتا بۇ دۇنيادا ھەممىنى،
سۆيگۈك ئۈچۈن تۇتسام قىلىچ سېپىنى،
چۆچۈپ كەتتىم تۇرغىنىمدا سۆيۈپ سەن،
تار كوچىدا كىمدۇ...
باشقا بىرىنى.

تەقدىرىمنى ھەل قىلدىمۇ ئاشۇنداق
شۇنچە ئاسان، ئاھ، ئاپتورىم — شۇ ئىلاھ؟
بولامدىكىن ھايات دېگەن يا شۇنداق،
قارىماققا گۈزەل، ئەمما سەن سىياق؟

غەيرەت غوپۇرى

# ئىچىمدىكى ئوتلار

## ئۈستى يېپىق دېڭىز

يەر شارىنىڭ يىراق چېتىدە،
بىر دېڭىز بار بالىدەك ئوماق.
پىلانېت بار ئۇنىڭ تېنىدە،
مەدەنىيەتكە كەلسەك يېقىنراق.
ئۈستى يېپىق قۇم دېڭىزى ئۇ،
شاۋقۇنلىرى كۆمۈش قوڭغۇراق.

## سۈكۈتتىكى جەڭگىۋارلىق

تەنھالىقىنىڭ ناخشىسىسەن خىياللىرىم،
ئۆركىشىگلار يارىتىدۇ ئۆلمەس ئەسەر.
قەبرىلىرىم گۈزەللىكى سىلەر بىلەن،
سىلەر بىر ئوت مەن ئەبەدى بىر سەمەندەر.
ھايات ئۈچۈن سۈكۈت بىلەن خىيال سۈرسەم،
تۇغۇلىدۇ بولۇپ شۇندا قەلبىم كەپتەر...

## سايا ھەتتىكى پاجىئە

گۈللۈك باغ ئىچرە ئايلىنار شامال،

گۈللەرنىڭ لېۋىدىن تۆكۈلەر ئەتىرە.
بىر جۈپ ياش كۈلۈشۈپ يۈرەر گۈلشەندە،
سۆيگۈلۈك مېھرىدىن تامىدۇ قەترە.
چوغلىرىقنى ئۈزۈپلا ئالدى ئىككىسى،
ئاھ، چوغلۇق سولاشتى كۆڭۈل كۈلگەندە...

## قوش باھار ھەققىدە ناخشا

باھار بىلەن كۆرۈشتۇم ئاھ تۇنۇگۈنلا،
ئون سەككىز ياش بويلىرىدا قۇچاقلىشىپ.
يېشىل ھايات كوز - كوز قىلىپ كەتتۇق يۈرۈپ،
ئاشىقلارنىڭ تىلى بىلەن ئامراقلىشىپ.
باھار يەنە كېلىۋەردى كەڭ دالامغا،
كۆكلەملىرىم كەتتى ئاستا تۇپراقلىشىپ...

## ئاق دالىلار ياسىغانچە ئالەمگە

ئاق دالىلار ياسىغانچە ئالەمگە،
ئاستاغىنە ئانا يەرنى ئاۋايلاپ.
ئاپئاق قارلار تۆكۈلمەكتە ئاسماندىن،
كىرەلىشىپ بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىڭىپ كېتەر تۇپراققا ئاق ئەتىردەك،
مەن قالىمەن بوۋاقلارغا ۋارقىراپ ...

## سۆيگۈ ناخشىسى

قىزىلگۈلنىڭ بەرگى ساقىپ چۈشمەكتە،
دىلبەر سېنىڭ يۈرىكىڭدىن پەقەتلا.
چۈنكى ئوخشاپ قالغان ئىدىڭ چوغلۇققا،
كۈز شاملى ئەمدى سېنى سۆيمەكتە.
بۇلبۇلۇڭنىڭ تەقدىرىگە ياغدى قار،
ئاھ ئۈرمىگىن باھار پەقەت يۈرەكتە...

## ئاھ، لېكىن، ماتەملىك ئىشىك غىچىرلاپ

ھالسىراپ كۆرپىدە ياتىدۇ بوۋاي،
كۆزلىرى تورۇسقا تىكىلگەن مۇڭلۇق.
ئىشىكنى قاقىدۇ قارلىق سوغ شامال،
كېلىدۇ تۈڭلۈكتىن يارقىن يورۇقلۇق.
ئۇ كۈلەر مۇقەددەس ئاق نۇرغا قاراپ،
ئاھ، لېكىن، ماتەملىك ئىشىك غىچىرلاپ.

## ئۇ يىراق ئۇپۇقتا پىلدىرلىغان كۈن

ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلمەي پالدۇرراق،
كۆمۈلگەن قەدرىنى تاپالماي يۈرۈپ.
بوۋايغا ئايلاندى ئۇ سەبىي بوۋاق،
ئۇ يىراق ئۇپۇقتا پىلدىرلىغان كۈن،
شۇ تەرق ئىنسانىنى قىسىپ كەلدى تۇپراق!

## تاش بىلەن تۇپراق

يېشىل دېڭىز دولقۇنلىغان يەر،
ئېسىل تۇپراق ۋە شۇنچە مۇنبەت.
تاشلار ھۆكۈم سۈرگەن جىرادا،
چىققان ئۈنۈپ شىۋاقلار پەقەت.
يېشىل چۈشنى كۆرسەت ئورمانچى؟
بۇ يەرگىمۇ كېرەك مەدەنىيەت...

## قەبرىستانلىق

قەبرىلەرنى باسسا سۈكۈت كۈگۈملاردا،
مۇڭلۇق يۈرەك ئاچچىق-ئاچچىق كۆز ياش تۆكەر.
ناخشا تۇۋلاپ ئۆتۈپ كېتەر سەبىي بالا،
قەبرىلەرگە ناخشىلارنى تۆكۈپ كېتەر.
يول بويىدا تۇرار جىمجىت قەبرىستانلىق،
تۈمەن كۆز ياش، تۈمەن ناخشا ئۆتۈپ كېتەر.

## يىللار

يىللار مېنى يېتىلىدى كوز-كوز قىلىپ،
گاھ پۈتلىشىپ، گاھ يىقىلىپ، ماڭدىم يولدا.
ئاپىرارىكىن قاي پەسىلگە سورايمەن كۆپ،
ئارخىپلىرىم يىرتىلماقتا قوللىرىدا.

## مۇڭلۇق ناخشا

ئۇ يىغلاپ سۆزلەيدۇ يۈرىكى ئارمان،
ئاھ سېنىڭ خىيالىڭ نەدە سەرگەردان؟
ئويلىسام ئانامنى يىغلايدۇ ئاسمان،
ئاھ مېنىڭ يەنىلا ھالىم پەرىشان!

## كۆكتىمۇ بار ئۆرۈك باغلىرى

چېچەكنى كۆردۈم ئەتىگەن،
ئاقىرىپتۇ شەرق تاغلىرى.
چوقۇم بەرگى ئۈششۈپ تۆكۈلگەن،
كۆكتىمۇ بار ئۆرۈك باغلىرى...

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

## مەگزىمنى سۆيگىنى كۆزۈمدىكى ياش

ئۇن كېچە، قاپقارا كىيىنگەن جاھان،
پەنجىرگە باقاتتىم، يۇلتۇز خىيالى.
ئۇردىن بىر بىشارەت بەرمەيتتى ئاسمان،
تەسەۋۋۇر ئۆزىنى شۇ ئۇر ۋىسالى.

قىرلانغان ياستۇقتا قولۇمنى باستىم،
يا خىيال زوقىدا، يا چۈش ئەۋجىدە،
سامادىن نۇر چۈشتى (تۇرۇپ قالدىم جىم)،
نۇرانە پاياندازــ بىرلىيانت مەۋجىدە.

كۆرۈندى سىپايە بىر قىزدىل توپلىي،
دۇردانـە ئېتەكلەر مىگىپ مەن تامان،
يۈزىنى يوشۇرغان ئاق گاز روملى،
ھەرەمگە يول ئالغان توي قىزى سىمان.

قىز يۈزىـن ئاچمىدى، ئاسمان ئاچتى يۈز،
تەلۋىدەك تەلمۈرۈپ پەنجىرگە باقتىم.
ئاپئاق قار دىسيارى بوپتۇ تالا ـ تۈز،
كۆزۈمگە ياش ئالدىم تۆگەپ تاقىتىم.

دەل شۇ چاغ كۆرۈندى قىزدىل توپلىي ھەم،
ئاق ئېتەك، ئاق پەلتۇ، ئاق رومال، ئاق يۈز.
تۈنجى قار ئۈستىگە تىز تاشلاپ قەدەم،
قىراۋ كىرپىكلەردىن چاقناپتتى جۈپ كۆز.

قىز چىراي ئاچمىدى ئۇچقان شىۋىرغان،
ئىچىگە ھەتتاكى غەرق بولدى قۇياش.
تۇمانلىق ئىستەكلەر ئۆزى بىر تۇمان،
مەگزىمنى سۆيگىنى كۆزۈمدىكى ياش...
.......................................

## شۇنچىلا ھەسرەتنى يۇتۇپ كەتتى قۇم

مەجنۇنتال چىچىنى سالغاندا سۇغا،
ئۆسكىلەڭ چۆپلەردە تىترەپ كەتتى ياش.
ئاي ئۆزىنى تاشلىغان چىغى بۇلاققا،
كۆزىنى ئاچالماي ئەندىكتى قۇياش.

ئاي سۇغا غەرق بولدى لەيلەپ بىر زامان،
قۇياشمۇ بۇلۇتتىن كىيدى ئۈستىباش.
يامغۇرغۇ ياغمىدى، ئەمما نەم جاھان،
تەپچىگەن قەترىلەر تىزغان ھەتتا تاش.

شۇنچىلا ھەسرەتنى يۇتۇپ كەتتى قۇم،
كۆز ياشلار، يامغۇرلار، كەلكۈنلەرنى ھەم.
بەلكىدۇر كۆز يېشى ئەرزىمەس ئۇقۇم،
ۋە ھەتتا تارىخچى تەۋرەتمەس قەلەم.

شۇ قۇملۇق سەھرادا يىغلار نەچچە نەي،
شۇ مۇڭنى قۇملۇقتا ئۇچۇرار شامال.
يىغلايدۇ ساتارلار، ئەمما ئىچىپ مەي،
مۇڭلانماي مۇڭ سازىن ئادا قىلار چال.

دەريادا قۇم ئاقار، قۇملۇقتا دەريا،
كۆزۈمنىڭ يېشىغا قەلىمىم تۇتاش.
قۇملارنىڭ يىغىسىن يازغۇچە ئەمما،
نەملەنگەن قۇملارنى قۇرۇتار قۇياش.

ۋە بەلكى قۇملارنىڭ تەكتىدە ھېكمەت،
مىڭ نوملۇق مىڭ ئۆيدىن ھەسسە تىلسىم.
قۇملارغا چۈشكەندە زېھنىم سوڭغى رەت،
جاي تۇتۇپ قۇملاردا قېپقالار جىسمىم...

### ساھىلدا

ئۆركەشلەپ سوقىدۇ قىرغاققا دېڭىز،
بەئەينى لەك مىڭلاپ قولان ھەيۋىتى.

ئەڭ نەپىس، ئەڭ كۆركەم، ئەڭ ئىللىق، ئەڭ سالا(ۋ)
ئەڭ يارقىن، ئەڭ سۈزۈك، ئەڭ ئەۋرىشىم تەن.
پانۇستەك كەۋدىسى، ئۇندا قىلار ناز
مۇقەددەس بىر مەشئەل، مۇلايىم، لەۋەن...

ئۇ ئالتۇن سۇمرۇقمۇ ئەمەس ئەلۋەتتە،
دېڭىزدىن يا ئەرشتىن كەلگەن پەرىزات.
گۈل ـ گىياھ، كرىستال، كەڭ تەبىئەتتە،
يوق مۇنچە گۈزەللىك نازۇك ھەم سۇمبات.

ئۈركەشلەپ قىرغاقتا سوقىدۇ دېڭىز،
بەئەينى شائىرلىق ئىلھامى سىماب.
ساھىلدا سوزۇلۇپ ياتار يالاڭ قىز،
سۆيۈشۈپ قىزارغان لەۋلەر ئوخشىغان.

خىلۋەتتە، يالىڭاچ سوزۇلۇپ ياتار،
ئاسمان ـ يەر دېڭىزغا ئۇ باغرىدىن ئېچىپ،
تىزۋېنلەپ چۈشكىلى كۈنمۇ ئالدىرار،
ئالدىرار دولقۇنلار، بوژغۇنلار چېچىپ...

قۇمساڭ ئەم ساھىلنى يالاپ قايتار تېز،
دەمدىلا قىرغاقتا كېلىپ شەپقىتى.

تىك تۇرغان قىياغا سوققاندا ئۇچقۇن،
چاپچىغان ئۈركەشمە ياسايدۇ قىيا.
ھاڭ تاشلار ئالدىدا دولقۇنلار قاچقۇن،
قايتقان سۇ قىيانى قۇچاقلار يانا.

ھاۋامۇ سۈپ ـ سۈزۈك، ئۇپۇق سەتھىدە
كۆرۈنمەس بوراندىن، يامغۇردىن نىشان.
يەر باغرى قۇمساڭ ئەم قىرغاق كۆكسىدە،
يالتىراپ ياتاتتى بىر نەرسە شۇئان.

ئۇ قۇياش شولىسى يا ئالتۇن بېلىق،
دولقۇنلار ساھىلغا تاشلىغان ياقۇت؟
يا بىر توپ نىلۇپەر، يا بىر زەر قېيىق،
ۋە ياكى بېلىقچى ياققان گۈلخان — ئوت؟

ئابلىمىت تۇردى

# كۆلكىلەرگە ئورالسۇن ئالەم

## كەل ئامرىقىم كۈلەيلى بىر مەھەل

كەل ئامرىقىم، كۈلەيلى بىر مەھەل،
كۆلكىلەرگە ئورالسۇن ئالەم.
قايغۇ، ئازاب بىردەم ئۇنتۇلسۇن،
خۇمارىمنى قاندۇرغىن لالەم.

كەل ئامرىقىم، كۈلەيلى بىر مەھەل
شادلىقىمىز بولسۇن چىن ئورتاق.
ئېچىرقىغان دەردلىك سۆيگۈمىز،
بىر ـ بىرىگە ئاچسۇن كەڭ قۇچاق.

كەل ئامرىقىم، كۈلەيلى بىر مەھەل،
لەۋلىرىڭدىن كەۋسەرگە قېنىپ.
قىسقا شادلىق ئالدى كۆپ بەدەل،
كەل بۇياقتا شادلىقنى ئېلىپ.

## كۆردۈم

بىزگە تونۇش قەدىمىي يولدا
كۆلەڭگىنى كۆردۈم ئاھ، لېكىن...
ئېيتالمىدىم تونۇش ناخشىنى
بۇرۇنقىدەك ئەركىن ۋە تەمكىن.

غايىب بولدۇڭ بىراقلا ئاھۇ،
غازاڭلارغا يىقىلدىم شۇدەم.
تاپالمىدىم شۇنىڭدىن بېرى،
نەگە كۆچتۈڭ گۈزەل مەھبۇبەم.

## ساهىبخان

شەپەق قىزى، تاڭ قىزى
چىللاپ كەلدىم كەپەمگە.
تەلىپىمنى رەت قىلماي،
خۇش خۇي چىققىن مەپەمگە.

بوۋام ساڭا ياسىغان،
بۇ مەپىنى تۇنۇگۇن.
بىزەكلىدىم گۈل چېكىپ،
سېنىڭ ئۈچۈن مەن بۈگۈن.

شەپەق قىزى، تاڭ قىزى،
چىللاپ كەلدىم كەپەمگە.
سېنى كۈتۈپ تۇردۇم مەن،
قوش ئالقىنىم كۆكسۈمدە.

## مېنىڭ ناخشام

مەن تۇغۇلۇپ قارا چىلان تۇپراقتا
يىغلاپ قاقشاپ يامغۇر بىلەن يۇيۇلدۇم.
زاكىلىنىپ ئەسكى - تۇسكى خاملاردا،
ئەگرى - توقاي سەھنىلەردە چوڭ بولدۇم.

گۈلدۈرماما چاقماق خۇددى كۈي بولۇپ،
هاياتىمنىڭ پىلىكىگە تۇتاشتى.
خۇنۇك ئوبراز يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ،
يۈرىكىمدە غەۋغاس ئىقىن بەت ئاچتى.

## بىر جۈپ ئاشىق سايىسى

بىر جۈپ ئاشىق سايىسى
چۈشۈپ تۇرار بۇلاقتا.
چايقىلىدۇ كۆلەڭگە
سۇ ئىچىدە هەر ياقتا.

بىر جۈپ ئاشىق سايىسى
چۈشۈپ تۇرار بۇلاقتا.
ناز تىنىقتىن سۇ هە دەپ،
ئۆرۈلىدۇ قىرغاقتا.

بىر جۈپ ئاشىق سايىسى
چىرماشقاندا بۇلاقتا،
كۆرۈپ قېلىپ ئاي بۇنى،
بۇلاق قالدى سوراقتا.

قەييۇم سوپى

# شېئىرلار

## لەيلەقازاق

ئۈزۈۋالدىم لەيلىقازاقنى
يۈرىكىمدە يېنىپ ئىشتىياق.
پۇرالىمدىم، قالدۇردى داغدا،
توزۇپ كەتتى بىردەمدە بىراق.

يارنىڭ گۈلى ئوخشىسۇن، دېدىم
لەيلىقازاقنىڭ ئوماقلىقىغا.
ئوخشىمىسۇن، ئۆزۈڭ بار تەگرى
قىسقا ئۆمۈر چاتاقلىقىغا...

## كەل سىردىشايلى

كۈتتۈمغۇ نەچچە كۈننى تەشنالىقتا
بارىمەن دېگەن ۋەدەڭ ئەمدىنىڭ قېنى؟
هۆسنۈڭدەك گۈزەل دەيتتىم هەر سۆزۈڭنى،
ئەزىزلەپ سېغىناتتىم هەردەم سېنى.

ئېيتقىنا سېنىڭ ۋەدەڭ يالغانمىدى؟
ۋە ياكى مەندىن كۆڭلۈڭ قالغانمىدى؟

قەلبىمگەدە مۇھەببەتتىن ئېچىلغان گۈل
تامچىسىز قېلىپ ياكى سولغانمىدى؟!

قىيىنما ئەي دىلبىرىم،
سالما دەردكە
ئۇرمىغىن خەنجىرىڭنى قەلبىمگە سەن.
مەن سېنى قەدىرلەيمەن ئۆمرۈم بويى،
قۇش بولۇپ قونغان ئىدىڭ بەختىمگە سەن.

سولمىسۇن، سۆيگۈ گۈلۈڭ غۇنچىلىسۇن
بەرگىمگەدە تامچە بولۇپ ياتىمايمەن.
كەل جانان،
كەلگىن تېزرەك سىردىشايلى،
كۆرۈشكە سېنى شۇنچە ئالدىرايمەن.

## هەي يۇلتۇزلار

باغلىق كوچا، باراقسان كوچا
گۈزەل يارنىڭ ئۆيى بار كوچا.
تەلمۈرىمەن كۈندۈزلىرى مەن،
يۇلتۇز قاچان كۆزىنى ئاچار؟

يۇلتۇز بولۇپ چاقنىغان ھامان
قىز چىقىدۇ قولىنى سىلكىپ.
تەبەسسۇمى جىلۋىسى بىلەن
تولۇن ئاينى خىجالەت قىلىپ.

شىلدىرلىغان ئېرىق بويىدا
مەن قارايمەن قىزنىڭ يولىغا.
كېلىدۇ ئۇ، ئاچىمەن قۇچاق
تۇتقۇزىمەن گۈللەر قولىغا.

دەيمەن شۇڭا: ئوماق يۇلتۇزلار
ئۆچمەي بىر پەس يېنىپ تۇرۇڭلار.
ئەتە چوقۇم ھەممىدىن بۇرۇن،
بۇ كوچىغا مېھمان بولۇڭلار.

---

(بېشى 47 - بەتتە)
بىلەن بېزەشنى ئۇنتۇپ قالمىدى، يول بويىغا بىر-بىرىگە يېقىن جايلاشقان ئۈچ قەبرە باشقا قەبرىلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرسى كونا، ئىككىنچى تېخى يېڭى ئىدى. ئۈچىلىسىنىڭ ئۈستىدە ئېچىلىپ كەتكەن سەبدە، جۇخار، لەيلىقازاقلار-ئارىسىدا كېپىنەكلەر قوغلىشاتتى، ھەسەل ھەرىلىرى غۇڭۇلدىشاتتى. كۆزگە بارغاندا قەبرىدىن يەنە بىرى كۆپەيدى. يېڭى قەبرە بىر نەچچە كۈنگىچە ئەتراپىغا نەم تۇپراقنىڭ ھىدىنى تارقىتىپ تۇردى.

مەسئۇل تەھرىرى: كامىل تۇرسۇن

ئەسئەت ئەمەت

# ئۈچ ھېكايە



ئەسئەت ئەمەت 1966 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاتۇشتا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1984 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈردى.

ئۇ، ژۇرنىلىمىزنىڭ 86 - يىللىق 10 - سانىغا بېسىلغان «مەن»، «سېنىڭسىز» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان، شۇنىڭدىن بۇيان ھەر قايسى گېزىت ژۇرناللاردا ئون نەچچە پارچە شېئىرى ۋە ئىككى پارچە قىسقا ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. ئەدەبىياتتىكى يېڭى ئېقىملارغا قىزىقىپ، ئىزدىنىۋاتقان ياش ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ بىرى. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۇنىڭ يېقىنقى ھېكايىلىرىدىن بىر قانچىنى تونۇشتۇردۇق.

## ئۈچقۇر ئاياغ

ئۇ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى. بۇ يەردىكى غەيرىي پۇراقلار ئۇنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلاشقا باشلىدى. سېستىرالارغا كۈندە ئىككى ۋاق كاسىسىنى تۇتۇپ بېرىش، كۈندە نەچچە سائەتلەپ ئاسما ئوكۇلنىڭ ئاستىدا يېتىش، دورا يېيىش، دوختۇرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئۇنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ كېسىلى يا ياخشىلىنىپ كەتمىدى، يا ئۇنى بىراقلا ھالاك قىلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يەنە تاقەت قىلغۇدەك قىلچە ھالى قالمىدى. ئۇنىڭغا شۇنىسى ھەممىدىن ئېنىقكى، ئۇنىڭ كېرەكتىن چىققان يۈرىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەبەدىي ئەسلىگە كەلمەيدۇ، بۇ ئازابلىق داۋالىنىش كۈنلىرى بولسا ئۇزاققىچە داۋاملىشىشى مۇمكىن. ھاياتتىن ۋاز كېچىشى كېرەكمۇ؟

ئۇنىڭ كەڭ دوقا ماڭلايلىق بېشىنى تۈرلۈك خىياللار چۇلغىۋالغان بولسىمۇ، ھېچ قايسىسىنىڭ تۇتامى يوق، ئەمەلىيەتتە بۇ كاللا قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ قەلبىدىن قەدىرلىگۈدەك بىرەر تۇيغۇ سېزەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىمۇ ئەنە شۇنداق قۇپقۇرۇق، ئەسلىگۈدەكمۇ ھېچ نەرسە تېپىلمايدۇ. قىسقىسى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشىنىڭمۇ، ئۆلۈشىنىڭمۇ ھېچ قانداق ئەھمىيىتى يوق، ئۇ ياشاۋېرىشى، تىرىكلىك ئۈچۈن بىر چەمبەرنى ئايلىنىۋېرىشى مۇمكىن. ئەڭ مۇھىمى، ئەھمىيەت مەسىلىسى، چۈنكى ھېچ كىم ئۇنىڭ ھاياتىغا موھتاج ئەمەس، شۇنداقلا ھېچ كىم ئۇنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ موھتاج ئەمەس. دۇنيادا ياشاش ۋە ئۆلۈشتىن باشقا يەنە بىرەر يول بولىدىغان بولسا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي شۇنى تاللىغان بولاتتى. ئەمما نەدىمۇ بۇ ئىككىسىدىن باشقا چىقىش يولى بولسۇن.

يەنە شۇ بىر خىل رىتىمدىكى ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بۇ ئەلۋەتتە ھېلىقى يىڭنە سانجىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئەمما ھېچ كىشىنى مەنسىتمەيدىغان سېستىرا. ئۇ تاڭ سەھەردىلا ھەممىنى قاقشىتىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدا يۈرەك دېيىدىغان نەرسە بارمىدۇ؟

مانا بۇ ئەتىگەنلىك تەكشۈرۈشكە كىرىدىغان دوختۇر. ئۇ خۇددى «جىنىڭلار مېنىڭ ئالقىنىمدا، بىلەمسىلەر، مەن دېگەن ئەزرائىل» دېگەندەك نەزەر بىلەن كېسەللەرگە بىرمۇ بىر يوشۇرۇن خىرىس قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئىچىدە «ھەي ئاق خالاتلىق بەندىلەر. مېنىڭ سىلەردىن قانچىلىك نەپرەتلىنىدىغانلىقىمنى بىلسەڭلار ئىدى، ئىككىنچى مېنى ئاۋارە قىلمىغان بولاتتىڭلار» دەپ ئويلىدى.

بالىنىستىنىڭ ئىچى تىپتىنچ بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ بارغانچە سەزگۈرلىشىپ كېتىپ بارغان قۇلىقى ئاسما ئوكۇل قويۇش ئۈچۈن ياتاققا كېلىۋاتقان سېستىرانىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدى. ھەي بۇ قۇلاق... ھەر بىر ئاياغ تىۋىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ مېڭىسى «زىڭ...زىڭ» قىلاتتى. نېمە ئۈچۈنكى، ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرى سەزگۈرلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاسما ئوكۇل بىر خىل رىتىمدا چۈشۈۋاتاتتى. «مېنىڭ ئايالىمغىمۇ، بالىلىرىمغىمۇ لازىمىم قالمىدى، ھېچ كىشىگە لازىمىم قالمىدى. ئۇلار مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى خالامدىغاندۇ ياكى ياشىشىمنىمۇ؟ بەلكىم ئۇلار ھېچقايسىسىنى خالىماس» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ دورا ئىچتى. ئەمدى ئۇنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاشقا باشلىدى. ئۇ ئاستا ئوكۇلغا قارىدى، ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. ئۇ داۋاملىق چىدىشى كېرەك. «مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى خالايدىغانلار بولسا ئۆلۈمۈم ئۇلارنى چوقۇم ھاياجانغا سالىدۇ، ئايالىم، بالىلىرىم نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ. ئۇلار مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى كۈتمىسىمۇ مەندىن يەتكۈچە بىزار بولدى. بۇ ماڭىمۇ ئېنىق، كىم بىلىدۇ، مەن ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇلار ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۆزلىرىنى ئازادە ھېس قىلار. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يۈك بولۇپ قالدىم. ئەم-

ما مۇشۇنداق جىمجىتلا ئۆلۈپ كەتسەم ھېچ كىشى پەرۋا قىلمىسا نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق - ھە!»

ئۇنىڭ ئايالى، بالىلىرى كەمدىن - كەم كېلەتتى. ئۇلارنىڭ قىلىشىدىغان ھېچقانداق گېپى قالمىدى. ئۇلار ئاردىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاللىقاچان يوققا چىقتى. بۇنىڭغا تەن بېرىش كېرەك. ئۇ ئايالىنىڭ ئۆز ئايالى ئىكەنلىكىنى، بالىلىرىنىڭمۇ ئۆز پۇشتى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر تەن بېرىدىغىنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى يەككە - يېگانىلىقى.

ئۇنىڭ بۇرنى ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. كۆز ئالدى غۇۋالىشىپ كەتتى. شۇتاپتا گۇگۇگا بوشلۇقتا ئاپئاق ساقاللىق پەرىشتىدەك بىر بوۋاي ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

تەبىئەتنىڭ قانۇنى شۇ. ئادەمنىڭ ئۆلۈشى كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغۇدەك ئىش ئەمەس. دادىسى ئۆلگەن كۈنى ئۇ بىر تامچىمۇ ياش تۆكەلمىگەنىدى. دادىسىنىڭ ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەچكە، بۇ تۇيۇقسىز زەربە ئۇنى بىھوش قىلىپ تاشلىغانىدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، غېرىب ھالدا قەبرىستاندىكى بىر توپا دۆۋىسى ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەيتتى. چىرايى ھەيكەلنىڭكىدەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇ نېمىلەرنى ئويلىيالىسۇن.

مېيىپلىق ھارۋىسى غىچىرلاپ كېتىپ باراتتى، ئەتراپى دوك جىگدىلەر بىلەن قورشالغان، ھاۋادىن جىگدە چېچەكى پۇراپ تۇرىدىغان بۇ كوچىلارنىڭ زادىلا ئايىغى چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئۇ بۇ دۇنيادا ئاشۇ دادىسىغىلا ئىشىنەتتى، ئۇ بولسىلا ئۇنىڭ ئۇچۇن غەم دەيدىغان نەرسە يوق ئىدى. ئۇ تۇنجى تۇيغۇنى تىكەندەك يىرىك ساقاللارنىڭ يۇزىگە سانجىلىشى بىلەن تاپقان، تۇنجى بەختىيارلىقنىمۇ ئەنە شۇ چىرايىدىن ئالغانىدى.

ئۇ دەرۋەقە ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغان چېغىدا ئۆزىنى بىر ھارۋا ئۇستىدە كۆرگەن ھەم بۇنىڭغا ئەجەبلەنمىگەنىدى. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۇچۇن باشقىلاردەك ماڭالمايدىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى.

— ئوغلۇم سەن تۇغۇلۇشىڭدىنلا پالەچ ئىدىڭ؛ قاتتىق ھەرىكەت قىلما. ھەر بىر نورمالسىز ھەرىكەت ھاياتىڭنى تۇزغاقتەك تۇزىتىۋېتىشى مۇمكىن. ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالىسەن. بىزنىڭ توققۇزىمىز تەل. بىزدەك كىشىلەرگە پۇتمۇ ئوشۇقچە نەرسە، پۇت دېگەن يالاڭتۆشلەرگىلا مۇناسىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار پۇت بولمىسا بىر مىنۇتمۇ ياشىيالمايدۇ ھەم پۇت ئانچە ئىشەنچلىك نەرسىمۇ ئەمەس. بۇ ھارۋا ئەڭ بىخەتەر، — بوۋاي يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ ئاشۇ سۆزلەرنى قىلغانىدى، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن مېڭىپ يۈرگەنلەرنى زادىلا مەنسىتمەي قويدى. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بەدىنىدىكى بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدى. ئاياللار ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇ بەربىر ئۇزۇنغىچە ئۆيلىنەلمىدى. قىزلار ئۇنى «مېيىپ» دەپ ياراتمايتتى، بوۋاينىڭ ئوغىسى قاينىدى. «ئۇلار يالاڭ-

www.uyghurkitap.com

تۆشلەرنى ياقتۇرسا كېرەك» دەپ ۋايسىدى. ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ھېچ چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى. «غەلىتە ئىش، ئوغلۇمنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار»

ئۇ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئىدى. ئۇ مەسچىتتە قانچە كۈنلەپ ۋەز ئېيتىپ، ئاخىرى بىر تەقۋادار ئادەمنى قۇدىلىشىشقا كۆندۈردى. داپ ۋە سۇنايىنىڭ ئاۋازى بىچارە قىزنىڭ قۇلىقىغا ماتەم كۈيىدەك ئاڭلاندى. ئۇ ئاچچىق - ئاچچىق يىغلىدى، يىگىت بۇ يىغىدىن ئاجايىپ خورلۇق ھېس قىلدى. «ئۇ مەندەك يىگىتكە تەگكەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولسا بولاتتى» دەپ ئويلايتتى، يىگىت بۇ كىشىلەرنىڭ ئەقىلسىزلىكىدىن ئەجەبلەندى.

ۋاقىت بىر خىل ئۆتۈۋەردى. ئۇ ئاستا - ئاستا مېيىپلىق ھارۋىسىدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. ئۇ تاڭ سەھەردە كۆزىنى ئېچىپ، ئىختىيارسىز ھارۋىغا تىكىلەتتى، ھارۋا ئۇنىڭ ئەركىنى بوغۇۋالغان قورقۇنچلۇق قەپەزدەك، گويا ھالاكەت ئۆڭكۈرىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ مېڭىپ يۈرگەنلەرگە خۇپىيانە ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ بارغانسېرى بۇ ھارۋىدىن قانداق قىلسام ئازاد بولارمەن، قاچانمۇ باشقىلاردەك ماڭالارمەن، دەپ ئاھ ئۇرىدىغان بولدى، بارا - بارا نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ھەسرىتى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ، يۈرىكىنى زەئىپلەشتۈرۈۋەتتى.

— دوختۇر، مەن نېمە ئۈچۈن باشقىلاردەك ماڭالمايمەن.

— چۈنكى سىز پالەچ، تۇغما پالەچ.

ئۇنىڭ مېڭىسىگە كالتەك تەگكەندەك بولدى. نېمە ئامال، تەقدىر شۇنداق تۇرسا.

تام سائىتى «چىك - چاك، چىك-چاك» قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. پات - پات داك - داك قىلغان ئاۋاز ئۇنى خىيال دېڭىزىدىن سۇزۇپ چىقاتتى. ئەمما ئۇ ئاز ئۆتمەي يەنە خىيالغا غەرق بولاتتى.

«شۇنداق، مەن ئوشۇقچە بىر ئادەم، مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم ياكى ھالاكىتىم بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدۇ»

ئۇ تولا ئويلاپ چارچاپ مۈگدەشكە باشلىدى. ياتاق ئىچىدە بوش خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتى، كۆزى، چىرايلىرى تاتىرىپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالغان دوختۇرغا چۈشتى. نېمە بولغاندۇ، ئۇ ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدى.

— سىز ... سىز ... — دوختۇرنىڭ كېكەچلىشىپ كەتكەن تىلى زادىلا گەپكە كەلمەيتتى، ئۇ ئاخىر ۋاقىرىدۋەتتى، — سىز قانداقچە ئۆرە تۇرۇپ قالدىڭىز؟

ئۇنىڭ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىغا ئەقلى يەتمەيتتى، ئۇ ئاڭسىز ھالدا ئايىغىغا قارىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۆرە تۇراتتى. ئۇ كەينىگە ئىككى قەدەم ياندى، ئالدىغا ئىككى قەدەم ماڭدى. پۇتلىرى ئۇنى مەزمۇت كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ پۇتلىرى چاقپەلەكتەك تېز ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. ئۇ پۇتلىرىنى ھېچ تېزگىنلىيەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھايال ئۆتمەي ئۆزىنى شەھەر كوچىسىدا قۇيۇندەك يۈگۈرگەن ھالەتتە كۆردى. ئۇنىڭ تېنىگە كۈچلۈك ۋەھىمە ئولاشتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قېلىشتى. كىنوخانا ئالدىغا توپلىشىۋالغان بىرتوپ يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ يۈگۈرۈشكە چۈشۈشتى، ئەمما بۇ تاش-

پاقىنىڭ تۇشقانىنى قوغلىشىدەك كۆلكى-
لىك بىر ئىش بولۇپ قالدى. يىگىتلەر
خىجىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىس-
قىرتىپ قويۇشتى. ئۇنىڭدىكى قورقۇش
بىر ئاز بېسىقتى، پۇتلىرىنى ئازراق تىز-
گىنلىيەلەيدىغانمۇ بولدى. ئەمدى ئۇ توخ-
تاپ قېلىشنى خالىمايتتى. «يۈگۈر پۇت-
لۇرۇم، قانغۇدەك يۈگۈرۈۋال» ئۇ شەھەر
كوچىلىرىنى ئايلىنىۋەردى. ئۇ زادىلا بۇ
خىل ئايلىنىشتىن زېرىكىدىغاندەك ئەمەس
ئىدى.

كەچ كىردى. دوختۇرخانا مۇخبىرلار-
غا تولۇپ كەتتى. دوختۇر تەنتەنە بىلەن:
— مەن پالەچ كېسەللىكىنى ساقاي-
تىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتىم. بۇ مېنىڭ
بىر ئۆمۈرلۈك ئەجرىمنىڭ مەھسۇلى ...—
دەپ سۆزلەۋاتاتتى. مۇخبىرلار بۇ دەرى-
جىدىن تاشقىرى چەۋەندازنى سۈرەتكە
ئېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايپېتەك بولۇش-
تى، ئاخىر ئۇلار تور تاشلاپ، ئۇنى كو-
چىدىن سۆرۈۋالدى. ئۇنىڭ يۈگۈرۈك پۇت-
لىرى تېخىچە سىلكىنىپ تۇراتتى. ئۇلار
ئۇنى بېسىپ تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن سۈ-
رەتكە ئېلىشتى. ئاندىن ئۆز مەيلىگە قو-
يۇۋېتىشتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ توگىمەس
يۈگۈرۈشىنى داۋاملاشتۇردى، بىنالار ئۇ-
نىڭ يان - يانلىرىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈش-
كە باشلىدى. ئۇ ئاخىر يۈگۈرۈشتىن توخ-
تىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ دوختۇر تەرىپىدىن
داۋالاپ ساقايتىلغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى،
چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى داۋالىغانى-
دى. ئۇ ئۆزىدە بۇ خىل ئىقتىدارنىڭ ئە-
زەلدىن بارلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇ-
نىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل گۇمان چۇلغى-
ۋالدى. «مەن ئەزەلدىن بۇنداق بىۋاس-
سام كېرەك» ئۇنىڭ دىمىغىغا جىگدە پۇ-
رىقى ئۇرۇلدى. كۆزلىرىگە ياش كەلدى.
ئۇ مەھەللىسىدىكى دادىسىنىڭ ئەڭ يېقىن
دوستى ـ سادىق مۇرىتىمنى ئىزدەپ تاپتى.
بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇشىدىن قىلچە
ئەجەبلەنمىگەنىدى.
— مەن ماڭالايدىغان بولدۇم.
— بۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلى-
كى بولسۇن.
— مەن پالەچ كېسىلىدىن ساقىيىپ
قويپتۇم.
— سەن ھېچقاچان ئۇنداق كېسەل
بولۇپ باقمىغان.
— مەن پالەچ ئىدىم، دادام شۇنداق
دېگەن.
— سەن ئۆزۈڭنىڭ قانداقلىقىڭنى
سىناپ كۆرمىگەن.
— مەن دادامغا ئىشىنەتتىم. شۇڭا
سىناپ كۆرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.
— نەدىمۇ شۇنداق ئىش بولسۇن،
سەن ئەسلىدە بىر شوخ بالا ئىدىڭ، دا-
داڭ ساڭا ئىنتايىن ئامراق بولغاچقا، شوخ-
لۇق قىلىپ، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ
قالمىسۇن دەپ سېنى مېيىپلىق ھارۋىسى-
غا ئۆمۈرلۈك بەند قىلىپ قويغان. ئاناڭ
سېنىڭ بوتىلاقتەك قىيغىتىپ ئوينىشىڭغا
بەكمۇ خۇشتار ئىدى. سەن ھارۋىغا بەند
قىلىنغىنىڭدىن كېيىن ئاناڭ تولا يىغ-
لايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ سېنى پالەچ
ھالدا كۆرۈشنى خالىمايتتى. ئەمما داداڭ
بۇ ھالىتىڭدىن بەكمۇ مىننەتدار بولدى،
ئۇ سېنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگى-
نى ئۈچۈنلا مۇشۇ ئىشنى قىلغان، كېيىن
ئاناڭ ئازابلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئوغلۇم،
ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى، ھېلىمۇ مۇ-
رادىڭغا يېتەلەيسەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— مېنىڭ يەنە ياشىشىمنىڭ نېمە
زۆرۈرىيىتى بار. ئۆلۈشۈم تېخىمۇ ئەخ-
مىقانە بىر ئىش. دادا، دادا، بۇ سېنىڭ
نېمە قىلغىنىڭ ھە، مەن بىر ئۆمۈر ھېچ-
نەرسىگە يارىماس بولۇپ سۆرۈلۈپ يۈر-
دۈم. ئۈرغۈن نەرسىلەرنى يوقاتتىم. باش-
قىلارغا يۈك بولۇپ كەلدىم. ئازابلاندىم،
يۈرىكىم كېرەكتىن چىقتى. بۇلارنىڭ ھەم-
مىسى سېنىڭ مېھرىبانلىقىڭدىن بولسا ...
ئەجىبا ... — ئۇ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئە-
سەبىيلەرچە ئاھ ئۇرۇپ ئۆيدىن ئوقتەك يۈگۈ-
رۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۇچقۇر ئاياغلىرى ئۇنى قەب-
رىستاندىكى سۇرلۇك توپادۆۋىسى ئالدىدا پەيدا
قىلدى. ئۇ توپىغا يۈمۈلۈنۈپ داد - پەر-
ياد كۆتۈردى. ئۇ توپىنى سىقىمداپ ئې-
لىپ ئاغزىغا تىقىشقا باشلىدى ...، ئۇ ئاس-
تا - ئاستا سەزگۈسىنى يوقاتتى.

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا يەنە دوختۇر-
خانىدىكى كارىۋاتتا ياتاتتى. مېيىپلىق
ھارۋىسى ئۇنىڭ يېنىدىلا تۇراتتى. بۇ
ھارۋا ئۇنىڭ ئەركىنى بوغۇۋالغان قور-
قۇنچلۇق قەپەستەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ
بولغان ئىشلارنى چۈشۈممىكىن دەپ ئوي-
لاپ مىدىرلاپ باقتى، ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ
كۆردى، پۇتلىرى ئوخشاشلا مەزمۇت ئىدى.
ئۇنىڭ بۇرنى ئېچىشىپ، كۆزىگە ياش كەل-
دى. كۆز ئالدى غۇۋالىشىپ كەتتى. شۇ
تاپتا يەنە گۇڭگا بوشلۇقتا ئاپئاق ساقال-
لىق پەرىشتىدەك بىر بوۋاي ئۇنىڭغا
مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ئاھ دادا! — ئۇ يۈزلىرىنى تاتىلاپ
ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى، — دادا، ھەي
دادا، سەن مېنى كېرەككە كەلمەس تو-
كۇر لالما ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇڭ، مەن
بىر ئۆمۈر كىشىلەرنىڭ دىققىتىگىمۇ ئې-
رىشەلمىدىم. ئۆلمىسەممۇ، ياشىساممۇ بې-
رىبىر لالما ئىتنىڭ تەقدىرىدىن بۆلەك-
نى كۆرمەيمەن، مەن ئەمدى قالدىقمۇ
ئادەم بولالايمەن. ئۇ ھۆركىرىگىنىچە
دوختۇر كۆتۈرۈپ كىرگەن ئاسما ئوكۇلنى
تارتىپ ئېلىپ يەرگە ئاتتى. پۈتۈن دەر-
دىنى دوختۇردىن ئالماقچى بولغاندەك
ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. قاتتىق تەگكەن
بىر مۇشتتىن ئۇ كارىۋاتقا ئوڭدىسىغا
چۈشتى.

— ئالجىپ قالدىڭمۇ؟ — دوختۇر ئۇ-
نىڭ كېلىنى سىقىپ تۇرۇپ ۋارقىردى، —
سېنى داۋالاپ ساقايتىپ قويغانغا مۇشۇن-
داق جاۋاب قايتۇرامسەن؟

دوختۇر ئۇنى بېسىپ تۇرۇپ بىر تال
ئوكۇل ئۇردى، ئۇ خۇدىنى يوقىتىپ ئې-
زىلىپ ئۇخلاپ كەتتى. ئەتىسى ئۆزىنى
باشقا بىر يەردە كۆردى. ئۇ ئەتراپىدىكى
چېچى پاكىز چۈشۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ
غەلىتە ھەرىكەتلىرىدىن ھەيران قالدى.
بىرى، ئۇنىڭ بېشىدا ھىجىيىپ قاراپ تۇ-
راتتى، ئۇنىڭ چىرايى ھەيكەلدەك سۇر-
لۇك بولۇپ، قىلچە ئۆزگەرمەيتتى، ھىڭ-
گىيىپ تۇرغان چىشلار ئۇنىڭ بەدىنىگە
تىتىرەك ئولاشتۇرۇۋەتتى. بۇلۇڭدىن كۆت-
مەك ساقاللىق ۋىجىك بىر قېرى ئۇنىڭ
ئالدىغا ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ نې-
مە ئىش بولۇۋاتقىنىنى بىلمەي چەكچى-
يىپ تۇرۇپلا قالغانىدى.

— ئاھ، مېنىڭ بالام، — بوۋاي ئۇ-
نىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، تاۋۇزنى
شاپىلاقلىغاندەك شاپىلاقلاشقا باشلىدى، —
قېرىنداشلىرىم، مېنىڭ ئوغلۇمنى كۆرۈپ
بېقىڭلار، بالام سەن قاچان تۇغۇلدۇڭ،
ئاناڭ مېنى ئېيتىپ بېرىپتۇ - دە، لېكىن

سەن ماڭا ئوخشىمايدىكەنسەن، ئەمما بۇنىڭ كارى چاغلىق، سەن بولساڭمۇ ماڭا ئوخشىماي قالغىن، بولمىسا خۇدايىم سېنى ئۇردۇ. سەن بۇ دۇنياغا بەكمۇ كېچىكىپ كەلدىڭ، سەن تۇلۇگۇن تۇغۇلۇپ نېمانچە يوغىناپ كەتتىڭ.

شاپىلاق ئۇنىڭ بېشىغا تېخىمۇ قاتتىق تېگىشكە باشلىدى. چۇشۇرۇلگەن بېشى قىزىرىپ، ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ چىدىيالماي قالدى. ئۇ بوۋاينىڭ يۇزىگە كېلىشتۇرۇپ بىر شاپىلاق سالدى.

— كەچىتىم، سەندەك بالام يوق، يوقال، يوقال! — بوۋاي ئارقىسىغا داجىدى، ئاندىن بۇلۇڭغا بېرىپ ياۋاشلىق بىلەن ئولتۇردى.

ھېلىقى ھېجىيىپ تۇرغان ئادەم ئۇنىڭ بېشىدا يەنە شۇ خىلدىلا قاراپ تۇراتتى. ئاياغ تەرىپىدە بىرى ئولتۇرۇپ كارىۋاتنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا چىرايىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان شاپ بۇرۇت بىرى پايپىقىنى غەزەپ بىلەن چايناۋاتاتتى. ئۇ خۇددى پايپاقنى تولۇق يەۋېتىشكە قەتئىي بەل باغلىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چاۋغىيىدىن مەينەت يۇندا ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ پايپىقىنى سۇغا چىلاپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئەمدى يۇمشىدى دەپ ئويلىدى بولغاي، يەنە قەتئىي نىيەتتە چايناشقا باشلىدى.

ئۇ قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، ھەممىنى چۇشەنگەندەك بولدى. «ئۇلار مېنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەپتۇ» ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن، بەدىنى لاغ - لاغ تىترەيتتى. ئۇ ئىشىكنى زەردە بىلەن مۇشتلاشقا باشلىدى. ئىشىك ئېچىلدى. چىرايىدىن شەپقەتسىزلىك يېغىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم قولىدىكى رېزىنكە كالتەكنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ ھەيۋە قىلدى.

— ياۋاش بول ھارامى، ئىشىكنى يەنە مۇشتلايدىغان بولساڭ ئۇشۇقۇڭنى چېقىۋېتىمەن.

— مەن ساراڭ ئەمەس، ئىشەنمىسىڭىز سىناپ كۆرۈڭ، مەن زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم. مېنى چىقىرىۋېتىڭ.

ساراڭلارمۇ «مەن ساراڭ ئەمەس» دەپ ھەرتەرەپتىن ۋارقىراشقا باشلىدى. شاپ بۇرۇتلۇق ئادەم ئاغزىدىكى پايپاقنى يەنە سۇغا چىلاپ قويۇپ كەسكىن بىر ئاھاڭدا:

— دوختۇر خاتىرجەم بولۇڭ، سىز يەنە بىر قېتىم كىرگىچە بۇ پايپاقنى تامامەن يەپ تۈگىتىمەن. بىر تال يىپىنىمۇ قويمايمەن! — دېدى ۋە پايپاقنى يەنە ئاغزىغا سالدى.

دوختۇر شاپ بۇرۇتنىڭ ئاغزىدىكى پايپاقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مېڭىشىغا ئۇ ئىشىكتىن غىپپىدە تىكىۋەتتى، ساراڭلار ئارقىمۇ ئارقا ئىشىككە قاراپ تاشلاندى. ئۇ ئىشىكتىن ئەمدىلا چىقىشىغا كالتەكلەرنىڭ قورشاۋىدا قالدى. كالتەكلەر ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. بېشىغا تۇيۇقسىز تەگكەن رېزىنكە كالتەك ئۇنى بىھوش قىلىپ تاشلىغىلى تاسلا قالدى. ئۇ تۇيۇقسىز چوڭ دەرۋازىنى كۆرۈپ قالدى. دەرۋازا كەڭ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، كۆمۈر بېسىلغان بىر ماشىنا گۈركىرەپ كىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇچقۇر ئاياغلىرى ھەرىكەتكە كەلدى.

ھەش - پەش دېگۈچە دەرۋازىدىن ئارقىدا قالدى. ئۇنىڭ قەدىمى تېخىمۇ تېزلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل ئىلگىرى ياتقان دوختۇرخانىغا قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ باش دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىردى. دوختۇرنىڭ كۆزئەينىكى بۇرنىغا چۈشۈپ قالدى. قاتتىق تەگكەن بىر شاپىلاق ئۇنىڭ كۆزئەينىكىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

— سىز مېنى نېمىشقا سارائىخانىغا ئاپىرىپ قويىسىز. مەن ئالجىمىدىم، بىلەمسىز، مېنىڭ نېرۋام جايىدا، سىز ئۆزىڭىز ئالجىپ قاپسىز.

ئۇنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئۇستەلدىكى گېزىتتىكە بېسىلغان بىر خەۋەرگە چۈشتى. «پالەچ كېسىلى بىلەن 30 نەچچە يىل ھايات كەچۈرگەن ئادەم ساقايغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن ساراڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىر سارائىخانىدا كۆڭۈللۈك ھايات كەچۈرمەكتە»

ئۇ ۋارقىراشتىن توختاپ گېزىتنى سىقىمداپ ئېلىپ يىرتىپ تاشلىدى. «ھەممىسى ئالجىپتۇ، ھەممىسى ئالجىپتۇ» ئۇ ئورۇندۇقتا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. يىغا ئاۋازى كارنىيىدىن بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چىقاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق ساقاللىق خىزىردەك بىر بوۋاي ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۇستەلنىڭ ئۇستىدىكى ئەينەكنى بىر مۇشت بىلەن چۇل - چۇل قىلىۋەتتى.

— دوختۇر مېنىڭ ھارۋامنى ئەكىلىپ بېرىڭ. باياتىن بېرى خۇدىنى يوقىتىپ قويغان دوختۇر دەرھال ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. سەل ئۆتمەي ھارۋىنى سۆرەپ كىردى ۋە نېمە قىلارىكىن دەپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى.



ئۇ ھارۋىسىنى سۆرەپ ئىشخانىدىن ئاستا قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتى. ئۇ قەيەرگە كەتتى؟ نەچچە كۈنگىچە ئۇنى ھېچ كىشى كۆرمىدى. بەزىلەر «ئۇ دادىسىنىڭ قەبرىسىگە باش قويغاندا يۈرىكى يېرىلىپ كېتىپتۇ» دېيىشتى.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ قۇياش غەربكە

قىيسايغان بىر پەيتتە ئۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىدا پەيدا بولدى. ئۇ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئاستا كېلىۋاتاتتى. ھارۋىدا كېپەكلىرى يىرتىلىپ ئېلىۋېتىلگەن يېرىم يالىڭاچ، خىزىردەك بىر بوۋاينىڭ جەسىتى تۇراتتى. ھارۋىنى ئىتتەرگۈچىنىڭ چىرايى مۇردىدەك قېتىپ قالغان بولۇپ، پۈتلىرىدىن باشقا بەدىنىنىڭ ھېچقانداق يېرى قىمىرلىمايتتى. ئۇنى تۇنجى كۆرگەن بىر ئايال «ئۇچقۇر ئاياغ كەلدى» دەپ بىرلا چىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى.

ۋاقىت بىر خىل ئۆتتۈۋەردى. مېيىپلىق ھارۋىسى ھەر كۈنى گۈگۈم مەزگىلىدە بىر قېتىم پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ۋەھىمگە سېلىپ ئۆتەتتى. ھېچكىم بۇ ۋاقىتتا سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، ئۇلار جۈرئەت قىلالىغان بولسا ھارۋىنى ئىتتىرىپ كېتىپ بارغان بىرلا ئادەم ئەمەسلىكىنى، بۈگۈنى چىرايى ئەرۋاھتەك ئۇچقۇر ئاياغ كېپەنلىرى يىرتىلىپ ئېلىۋېتىلگەن بىر بوۋاي سېلىنغان مېيىپلىق ھارۋىسىنى شەھەرنىڭ شىمالىغا ھەيدەپ كەتكەنلىكىنى، ئەتىسى يەنە شۇ ۋاقىتتا، ئاپئاق كېپەننى يېپىنچا قىلىۋالغان بوۋاينىڭ بورىغا يۆگەپ قويۇلغان ئۇچقۇر ئاياغ سېلىنغان مېيىپلىق ھارۋىسىنى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن بولاتتى.

## بوۋاي ۋە تاختا مۈشۈك

ۋاقىت بىر خىلدا ئۆتتۈۋەردى. بوۋاي تاقەت قىلىۋەردى. كۆزلىرى خىرەلىشىپ، بىر نەرسىنى پەرق قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە ئاندىن تاقەت قىلىۋېرىشنىڭ ئەمدى ئورنى قالمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى. ھەي، ئۇنىڭ بارلىق جۈرئىتى پەقەت ئورنىدىن تۇرۇشقىلا يەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، بوۋايمۇ ياش ۋاقتىدا دادىسىنى رازى قىلالمىغانىدى. بۈگۈن رازى بولمىساڭ ئەتە چوقۇم رازى بولىسەن، ھېچ بولمىغاندا رازى بولۇش دەيدىغان نەرسىنىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكىنىڭدە ئامالسىز رازى بولۇشقا مەجبۇر بولىسەن، دەپ ئويلىغانىدى ئۇ. ھەقىقەتەن بۇ بىر ئەۋلادنىڭ بىر-بىرىنى رازى قىلالىشى ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

«بىرلا خوتۇن بىلەن ئۆتكەن تۇرمۇش قانداقمۇ تۇرمۇش ھېسابلانسۇن، — بوۋاينىڭ خىيالى يەنە چېچىلىشقا باشلىدى، — پۈتۈن مەھەللىدە بىرلا خوتۇن ئېلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار كەمسىتىلىدۇ. ئەھۋال شۇ تۇرسا، ئوغلۇمدا نېمە ئامال. ئادەم ياشىغان ئىكەن ھەممىنى تېتىپ بېقىشى كېرەك؛ بۇ بىر تاسادىپىي ئالەم. كىم بىلىدۇ، بايىلا ساق-سالامەت مېڭىپ يۈرگەن ئادەم شۇتاپتىلا قېتىپ قالغاندۇ. ‹چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يەۋال› دېگەن گەپنى چوقۇم ئاقىللار ئېيتقان. بوپتۇ، ئوغلۇمنى خەلقى ئالەم ئالدىدا مەيدىسىنى كېرىپ يۈرەلىگۈدەك قىلىپ قوياي، — بوۋاينىڭ ئوغلىغا بولغان نەپرىتى پۈتۈنلەي بېسىقتى. ئۇ ئوغلىنى يەنە بىر قېتىم ئۆيلەپ قويسىغۇ ھېچ ئىش كەتمەيتتى. ئەمما ئۇنى ۋەھىمىگە سېلىۋاتقىنى

www.uyghurkitap.com

ئوغلىنى ھەر بىر ئۆيلىنگەنىدە بىردىن نەۋرىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئىدى، — يەنە ئويلەپ قويسام ئاشۇ ئوماق ...» ئۇ ئاخىرىنى ئويلاشتىن قورقتى.

ئۇ بۇ خىل مەنتىقىدىن ھەيران ئىدى. ھېچبىر تېگىگە يېتەلمەيتتى. ئەمما ئىشەنمەيمۇ ئامال يوق، چۈنكى ئۇ تۈنجى خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، ئارقا - ئارقىدىن نەچچە قېتىم ئۆيلەندى. ھەر بىر ئۆيلەنگەندە بىردىن بالىسىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ دادىسى، ئۆزى، بالىسى ھەممىسى ئوخشاش باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئىشنى قانداقمۇ تاسادىپىيلىق دېگىلى بولسۇن. «خوتۇن بولسا بالىنى تېپىۋالغىلى بولىدۇ، بۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ نېمە كەپتۇ» بوۋاي كۆڭلىگە تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئەقلىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئوغلىغا 18 ياشلىق چوكاندىن بىرنى ئېلىپ بەردى. ئەمما ئاز كۈن ئۆتمەي ئوغلىنىڭ غەۋغاسى يەنە پەيدا بولدى. بوۋاينىڭ يەنە سەپرايى ئۆرلەشكە باشلىدى. «ھەي شۇ ئوغۇل» بوۋاينىڭ مىجەزى تېخىمۇ چۈسلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى دەسلەپتە «دادامنىڭ دەردىدە ئايالىم بىلەن ياخشى ئۆتەلمىدىم» دېدى. كېيىن ئايالىدىن زېرىكىپ، «ئايالىمنىڭ كاساپىتىدىن دادامنى رازى قىلالمايدىغان بولدۇم» دېدى.

— ئۇنىڭ باھانە - سەۋەبلىرى تولا، ئۇ بىر كاززاپ، قىلغىلى يالغان گەپ تاپالمىغاندىلا ئاندىن راست گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، — بوۋاي غۇدىراپ قويدى. ئۇ ئەمدى بۇ دۇنيالىقنىڭ ئۇزۇن قالمىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. ئوغلىنى كۆرسىلا ئوغىسى قايناپ كېتەتتى. بوۋاي ئاخىرى ياندىكى بىر ئېغىز ئۆيگە كۆچۈپ چىقىۋالدى. ئەمما ئۇنىڭ سادىق مۈشۈكى ھامان ئوغلىنى ئەسلىتىپ، كۆڭلىنى پەرىشان قىلاتتى. ئەگەر ئۇ خۇداغا ئىشەنمەيدىغان بولسا، بۇ كاساپەتنىمۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان بولاتتى. چۈنكى بۇ مۈشۈك چاشقانلارغا پەرۋامۇ قىلمايتتى، ئۆيدىكى گۆشلەرنى يوشۇرۇن يەۋالاتتى. «ھەي بۇ دۇنيانىڭ تىرىك تاپلىرى» بوۋاي ئوغلىنىمۇ، مۈشۈكنىمۇ «تىرىك تاپ» دەپ ئاتايتتى. بوۋاي بەزىدە غەزىپىنى باسالماستىن، «ھۇ تىرىك تاپ» دەپ ئوغلىنى تىللىغاندا، مۈشۈك يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىغا سۈركىلەتتى.

بوۋاي ئۆيدە يانپاشلاپ يېتىپ ئۆڭدەشكە باشلىدى. ياندىكى ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان چۇقان - سۈرەنلەر ئەمدى ئۇنىڭغا تەسىر قىلماس بولۇپ قالغانىدى. «ئايال كىشىنى ئېرىگە يانسۇن دەپ كىم ئېيتىپتۇ، ئايالنىڭ ئۆزىدىمۇ بار» بوۋاينىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئارام تاپقاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوش خورەك تارتىپ ئۇخلاشقا باشلىدى. تۇساتتىن مۈشۈكنىڭ ئاچچىق مىياڭلىشى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. بوۋاي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ مۈشۈككە قارىدى. ئۇنىڭ كەينىدە غۇۋا نەرسىلەر يۈگۈرۈپ يۈرگەندەك قىلدى. بوۋاينىڭ كۆزى ھەقىقەتەن ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. دۇنيانىڭ ھەممە نېمىسى ئۇنىڭ كۆزىگە گۆڭگا كۆرۈنەتتى. بوۋاي خۇنۇك كۆزلىرىنى ھېلىقى نەرسىگە تىكىپ تۇرغاندا، بىر نەرسىنىڭ شالاپلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى،



مۈشۈك بوۋاينىڭ ئېلىپ قويغان ئېشىنى شالاپلىتىپ ئىچىۋاتاتتى.

— يوقال تىرىك تاپ! — ئۇنىڭ ئاۋازى بەكلا قاتتىق چىقىپ كەتتى. بۇنچە ۋارقىرىمىسىمۇ بولاتتى. بۇ بىر تىلسىز مەخلۇق تۇرسا. ئەمما بۇ ۋارقىراش بوۋاينى قېقىلىپ يۆتىلىشكە مەجبۇر قىلدى.

ئىشىك ئېچىلدى. چىرايلىرى ئۆزگەن ئوغلى ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ، بىر نەرسىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. بوۋاي تېخى يۆتىلىۋاتاتتى. ئوغلى دۈمبىسىگە بىر - ئىككىنى ئۇرۇپ قويغان بولسىچۇ كاشكى. بوۋاينىڭ قىمىلداپ كەتكەن گېلى ئاراندا ئەسلىگە كەلدى، ئۇ بايا كۆزىدىن چىقىپ كەتكەن ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋەتتى.

— دادا، سەن ئىككى كۈنلۈكۈڭ قالغان ئادەم. مېنى نېمىشقا قاغايسەن؟

— ئوغلۇم مەن سېنى نەدە قاغىدىم؟

— دادا، راست گەپ قىلىپ باقە، زادى مېنى قاغىمىدىڭمۇ؟

— قاغىدىم، قانداق. هو توخۇنىڭ پوقى، داداڭغا دەيدىغان ياخشى گېپىڭ يوقمۇ؟

ئىشىك ئېچىلىپ يەنە يېپىلدى. بوۋاي ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويسىمۇ بولاتتى. ئەمما «ئۆزۈم ئېقىپ چوڭ قىلغان بالا بىر ئېغىز گېپىمنى كۆتۈرەلمىسە بولامتى» دېگەن ئوي ئۇنى خاتىرجەم قىلدى.

بوۋاي ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇپ، چاشقانلارنى قانداق كۆزدىن يوقىتىشنىڭ خىيالىدا بولۇپ كەتتى. مۈشۈك تېخىچە بىزەڭلىك بىلەن قاچىدىكى ئاشنى يەۋاتاتتى. بوۋاي بۇ مۈشۈككە ئۈمىد باغلاشنىڭ تولىمۇ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەنىدى. بوۋاي تاختا مۈشۈك ياساش نىيىتىگە كەلدى. ئۆزىمۇ بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ تۇراتتى. «قېرىغاندا ئۆزۈڭنى مەشغۇل قىلىدىغان بىرەر ئىشىڭ بولمىسا بولمىغۇدەك»

بوۋاي ياش ۋاقتىدا تاختا مۈشۈك ياساشقا بەكمۇ ماھىر ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا مۈشۈكلەر ئاۋۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بازىرىنى كاساتلاشتۇرغان. «ھەي، مۈشۈكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا خەقنىڭ يەنە مېنى ئىزدىمىگىنىنى كۆرەي. ئەمما مەن ئەمدى ئۇلارغا تاختا مۈشۈك ياساپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى مېنىڭ قالغان ئۆمرۈم بىرەر تاختا مۈشۈك ياساشقا يېتەمدۇ تېخى، ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ تاماق يېمەيدىغان مۈشۈككە موھتاج بولىدىغان چاغلىرىمۇ كېلىدۇ. كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۈشۈكلەرنىڭ نەپسى يوغىناپ كېتىپ، خەققە چاشقاندىنمۇ ئېغىر زىيان سالامدۇ تېخى» ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىكارچى بولۇپ

قېلىشىغا مۇشۇكلەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى
بەردىنبىر سەۋەپچى ئىدى.

بىكارچىلىقتا كۈننى كەچ قىلماق نىمانچە تەس - ھە! ئەمما بۇ ھەپتە ئاھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاي ئىنچىقلاپ، قىيىنىلىپ يۈرۈپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە بىر تاختا مۇشۇك ياسىدى. راستىنى ئېيتقاندا! بوۋاي تاختا مۇشۇك ياساشنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغانىكەن. ھەي، مۇشۇمۇ تاختا مۇشۇك بولدىمۇ، بوۋاي شۇنچە تىرمىشىپ يۈرۈپ چوڭ ھەم قوپال بىر نەرسىنى ياسىغانىدى.

بۇنىڭ تاختا مۇشۇكلىكىدە گەپ يوق. چۈنكى بۇ قىسىدىغان بولسا چاشقاننى ئىككى پارچە قىلىۋېتىدۇ. لېكىن بۇنى بىرەرسى كۆرۈپ قالسا، كۈلۈپ ئۇچىيى ئۈزۈلۈپ كېتەر. بوۋاي باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئىلمىكىگە بىر پارچە قۇيرۇق ياغىنى ئېلىپ، ئۇنى كاتىنىڭ ئاستىدىكى ئادەم كۆرمەيدىغان يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بوۋاي بىرەر زور كەشپىياتنى ئىختىرا قىلغان كىشىلەردەك ئۆزىنى ئىنتايىن ئازادە ھېس قىلدى. سەل ئەپچىلرەك بولغان بولسىچۇ كاشكى، باشقىلارغا بىر كۆرسىتىپ قويغان بولسام، مۇشۇ خىيال بىلەن بوۋاينىڭ كۆڭلى سەل يېرىم بولدى.

تۈنجى تۇتۇلغان چاشقاننى بوۋاي مۇشۇكنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بوش ئاۋازدا دېدى:

— ئالە تىرىك تاپ، ئەزەلدىنلا تەييارغا ئامراق ئىدىڭ، راسا مەززە قىلىپ يەۋال، — بوۋاينىڭ ئىختىيارسىز ھەيىيارلىقى تۇتۇپ كەتتى، — ئالە ئېپسىل پەزىلەتلىك بايۇەتچى.

مۇشۇك ئادەملەرگە ئوخشاش ئاغرىقى يوغان ئېچىپ ئەسنىدى. ئالدىن بوۋايغا قاراپ كۈلدى. مۇشۇك ھەقىقەتەن بوۋاينى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەنىدى. بوۋاينىڭ تېنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. تووا بۇ مەخلۇقنى، مۇشۇك چاشقاننى پۇراپ قويۇپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بوۋاينىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. ئۇ يەردىكى چاشقاننى پىرقىرىتىپ سىرتقا ئېتىۋەتتى. شۇتاپتا بۇ كاساپەتنى تۇتۇۋالغان بولسا... شۇنداقتىمۇ بوۋاي ھەر قېتىم تاختا مۇشۇككە چۈشكەن چاشقانلارنى كۆرگەندە غەلىبە تەنتەنىسىگە چۈمەتتى.

بوۋاي سۇپىدا يانپاشلاپ ياتاتتى. «ھەي رەممەتى ئوبدان مەزلۇم ئىدى» ئۇنىڭ خىيالى ئۆتكەن كۈنلەرگە كەتتى. «دېمىسىمۇ بالا چوڭ قىلىش ئاسان ئىشمۇ» ئۇنىڭ ئايالى بۇ ئوغۇلدىن رازى بولماي ئۆلۈپ كەتكەنىدى. «قىمار ئويناپ ئۆيىنى نەچچە قېتىم يالىڭاچلاپ قويمىدىمۇ، ئۇ ھامان بىر كۈنى چۈشىنىپ قالىدۇ. مەنمۇ شۇنداق بولمىغانمىدىم»

تاختا مۇشۇكنىڭ «تارس» قىلغان ئاۋازى ۋە نەرسىنىڭ تىركىشىشى ئاڭلاندى. بوۋاي ھەيران بولۇپ بۇ ئاۋازنى زادىلا پەرق ئېتەلمىدى. «قېرىغاندا قولاقىمۇ كېرەكتىن چىقىدىكەن، ئىككى تەرەپتە سالپىيىپ تۇرغان بىلەن ئوشۇقچە بىر نېمە بولۇپ قالىدىكەن»

بوۋاي يەنە بىردەم خىيال سۈرۈپ ياتتى. كېيىن تاختا مۇشۇككە قاراپ باقماقچى بولۇپ ئاران ئورنىدىن تۇردى. «ھەي، بىرنەچچە كۈنلۈكۈم قالغاندا تىرىك جانغا نېمىدەپ ئۇۋال قىلىدىغاندىمەن. بۇ ئۆيدە ئۇلار يىگىۋدەك نېمە

بار ئىدى؟ قىزىق، ئېھتىمال ئۇلارنى يوقىتىش بىلەن بولۇپ كەتكەندىمەن»

بوۋاي ئېگىلىپ تاختا مۈشۈكنى كات ئاستىدىن تارتتى. تاختا مۈشۈك ئېغىر ئىدى. بوۋاي ئۆيىمىزدە يولۇقۇپ قالغاندەك ھاڭ - تاڭ قالدى. «ياپىرىم، مۈشۈنداقمۇ يوغان چاشقان بولىدىكەنا، ھېلىمۇ مېنى يەپ كەتمەپتۇ. مۈشۈكنىڭمۇ چاشقان تۇتماي يۈرۈشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەندە. ۋاھ ئۆمرۈمدىمۇ بۇنداق يوغان چاشقاننى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن»

بوۋاي ئۇنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، غۇۋالىشىپ كەتكەن كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. كۆز ئالدى بىر ئاز روشەنلەشكەندەك بولدى. ئۇ كۆزىنى تاختا مۈشۈككە يېقىنلاشتۇرۇپ، تۇساتتىن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى. ھەي قىسمەت، تاختا مۈشۈككە چۈشكىنى چاشقان ئەمەس، ئۇنىڭ سادىق قەدىناس ھەمراھى بولۇپ كەلگەن مۈشۈكى ئىدى.

بوۋايغا بۇ ھىجران ئېغىر كەلدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىش قىلىپ، ئۇ شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. بوۋاي ئۆمرىنىڭ ئەنە شۇ ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە دەقىقىسىدە ئۆيىدە يوغان - يوغان چاشقانلار يۈگۈرۈپ يۈرگەندەك ھېس قىلغانىدى.

## مەڭگۈلۈك ئەقىدىنىڭ ئىزدەنگۈچىسى

ئۇ تەپەككۇرى ئانچە جايىدا ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. تۈنۈگۈنكى ئىش بۈگۈن ئېسىدە قالمايتتى. ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى، ئاتا - ئانىلىرى — ھەممىسى ئۇنىڭ خىيالىدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئادەتتە خىيال سۈرەي دېسىلا كاللىسىغا قالايمىقان نەرسىلەر كىرەتتى. قاچان بولغانلىقى ئېنىق بولمىغان نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ مېڭىسىگە كىرىۋاتقان يېڭىدىن - يېڭى ئەسلىمىلەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ مېڭىسىنى سۆزلەپ بەرگىلىمۇ، چىقىرىۋەتكىلىمۇ بولمايدىغان ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنىڭ ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. سۆزلىسە جۈملىلىرى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتسىز سۆزلەرنىڭ دۆۋىسى بولۇپ قالاتتى. بىر ئىشتىن تەسىرلىنەي دېگۈچە ئەسەبىيلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇنى قاقاقلىتىپ كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ قايرىلماقچى بولسا، بېشى شۇ ياققا قاراپ بۇرۇلاتتى - يۇ، پۇتلىرى ئۇدۇل كېتىۋېرەتتى. ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلىشى كېرەكتىن چىققان بىر ماشىنىنى باشقۇرۇشتىنمۇ مۈشكۈل ئىدى. ئۇ ئاخىرى پۈتۈنلەي چۈشكۈنلەشتى. باشقۇرۇشقا ئەپسىز نېرۋىلىرى ئۇنى ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگىمۇ كەلتۈردى. ئۇ بىر مەزگىل شۇنداقلا ناھايىتى ئۇزۇن زامان ئۆز جىسمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرالماي، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى.

ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر قىز ئۇنىڭغا مۆجىزىدەك تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئىقتىدارى تۇيۇقسىز جانلىنىپ كەتتى، ئۇلار بىر - بىرىگە يانداشقاندىن بۇيان ئۇ ھەددى - ھېسابسىز نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرالايدىغان، قىلمەن دېگەن ئىشقا پۈتۈن جىسمى

www.uyghurkitap.com

چاقماق تېزلىكىدە ماسلىشالايدىغان بولدى. پەرىشانلىق، ۋە ھەممە ھەممىسى غايىب بولدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا توي قىلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ خىل بەخت كىشىگە كەمدىن - كەم نېسىپ بولاتتى.

قىز ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. نۇرغۇن كىشىلەر، ئۇلارنىڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىشىۋاتاتتى.

بىر چاغدا قىز ئويقۇدىن تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتكەن كىشىدەك چۆچۈپ كېتىپ:

— بىز نېمە قىلىپ قويدۇق - ھە. بۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار، چېلىنىۋاتقان مۇزىكىلار بىزگە تەنتەنە قىلىۋاتامدۇ. بۇ بىزنىڭ نېمە قىلغىنىمىز؟ — دېدى.

قىزنىڭ چىرايىنى پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى چۇلغىۋالغان ئاشۇ پەيتتە ئۇمۇ قانداقتۇ مەڭگۈلۈك ئەقىدىگە ئاسىيلىق قىلىپ قويغاندەك ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىپ بېشىنى كۆتۈرگەندە قىز يوق، سازچىلارمۇ، تانسچىلارمۇ، ئورۇندۇق - جوزىلارمۇ قالمىغانىدى. كەڭ بوشلۇق — بايىلا ھەممە ئادەمگە تار كەلگەن بوشلۇق — غېرىبسىنىپ قالغانىدى.

تەكلىپ بىلەن كەلگەن مۇزىكا ئەتىرىتى ئاللىقاچان تارقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئانچە ماسلىشىپ كەتمىگەن غەلىتە ئاۋازلىرى ئۆزىنىڭ دېڭىزىنى يەنە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. جاز دۇمبىقىنىڭ كالتىكى ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك بىر خىل ئەسەبىي رىتىمدا ئۇنىڭ باش سۆڭىكىگە ئۇرۇلاتتى.

ئەمدى ئۇنىڭ قەلبىدە نارازىلىق ۋە نەپرەتنىڭ ئۇچقۇنلىرى لاۋۇلداشقا باشلىدى. «ھەي بۈگۈن بىزنىڭ توي كۈنىمىز ئىدى - دە، بۇ كۈن قالدۇقلىرى ياشلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلمىغان» ئۇنىڭ پەرىشانلىقى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى يىراققا ئېتىۋەتتى. يەنە بىرنى تۇتاشتۇرماقچى بولۇۋىدى، يانچۇقىدا تاماكا يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ تاشلىۋەتكەن تاماكىسىنى يەنە ئېلىپ، پەرىشان چېكىشكە باشلىدى.

«ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرى مېنى خېلى بۇرۇنلا ئەجەبلەندۈرگەنىدى» شۇ توي بىلەن تەڭ قىز ئۇنىڭ نەزەرىدە پۈتۈنلەي سىرلىق تۈس ئالدى. ئەجەبا ھەممە ئىش كۆپۈككە تەك بىردەمدىلا غايىب بولۇپ كەتكەنمىدۇ. ئۇ بۇ ئىشنىڭ بۇ دەرىجىدە تۇيۇقسىز يوققا چىقىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمىدى.

«ۋىسال تېپىشمۇ ئۇنچىلا ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭغا مەلۇم دەرىجىدە بەدەل تۆلەش كېرەك، ئەمما ئۇ بۇ خىل بەدەل تۆلەشنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ئۇ شۇ قىز بىلەن بىللە بولسىلا قەپەستە ياشاشقىمۇ رازى ئىدى. بۈگۈن بىرگە بولسا ئەتە ئۆلۈپ كېتىشكىمۇ رازى ئىدى. ئۇ بولسىلا ئەتىنىڭ نېمە ھاجىتى بار. ئۇ ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتسە قەلەندەر، يېتىمەك، ماكانسىز بولۇپ قېلىشقىمۇ رازى ئىدى. توغرا بۇ دۇنيادىكى بەخت لەززىتىنى ئۆزىدىگە مۇجەسسەملىگەن بۇ ۋۇجۇتنى ئەبەدىي قوغلىشىشى كېرەك. بۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىستىكى.

ئۇنىڭ قەلبىنى يەنىلا بىر خىل مەيۈسلۈك چۇلغىۋالدى.

«ئۇ مېنىڭ نىجاتچىم» ئۇ ئۆزىنى

ئاجايىپ بىر ۋەھىمىلىك تەقدىردىن قۇت- قۇزۇلۇپ قالغان ئادەمدەك سەزمەكچى بول- دى. ئەمما ئۇندداق سېزىم پەيدا قىلالماي بىھۇدىلا ئاۋارە بولدى.

«مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، — دېدى ئۇ، — ئۇ بىر نىجاتچى. ئۇ يەنە كىملەر- نىڭدۇ كېرەكتىن چىققان بەدەنلىرىنى تەڭ- پۇڭلاشتۇرۇشى كېرەك»

مېڭىسىگە كۆچۈپ ئالغان چۇقان-سۈ- رەنلەر ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى ئاجرىتىۋېتى- دىغاندەك قىلاتتى. ئۇ بىردەم ساپ ھا- ۋادىن نەپەسلەنمەكچى بولۇپ سىرتقا چىق- تى. كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىلى



تاسلا قالدى.

كەڭ قورۇدا ئۇ قىزلى بىر توپ ئا- دەم خۇددى ئىنتايىن قىممەت باھالىق سەنئەت بۇيۇمىنى كۆتۈرگەندەك ئېھتىيات بىلەن باش ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ تۇ- رۇشاتتى. پېشقەدەم بىر دىرىژور بىر تال چوكىنى ھەريان شىلتىپ، ئۇلارغا يېتەك- چىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇلار «ئايال» ناملىق ئىنتايىن ئۇزۇن بىر قەسىدىنى زوق-ئىش- تىياق بىلەن ئېيتىۋاتاتتى. يىگىتنىڭ قەلب- بىنى چەكسىز سۆيۈنۈش ھېسسىياتى چۇلغ- غىۋالدى. قىز ھەقىقەتەن تەڭرى تالان- تىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى ئىدى. ئۇ قاپقارا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۆزىگە ئوقۇلۇ- ۋاتقان، قاچان باشلانغىنى ئېنىق بولمىغان، قاچان تۈگەيدىغانلىقىنىمۇ بى- لىپ بولمايدىغان بۇ قەسىدىنى ھوزۇر بى- لەن تىڭشاۋاتاتتى. يىگىت بۇ قىزنىڭ كى- شىلەرنىڭ قولىغا قانداق چىقىپ قالغىنى- نى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ئۆزىمۇ ناخشىغا ئىشتى- ياق بىلەن جور بولدى. قورۇ بارغانسېرى كې- ڭەيدى. ھەر تەرەپتىن ئاياللارنى يېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەنلەر بۇ يەرگە جەم بولدى. بۇ كىچىككىنە توي سورۇنى مەسچىتلەردە بولىدىغان سۈرلۈك كەيپىياتقا تولدى. ھەممە ئادەم چىن قەلبىدىن تەڭرىنىڭ بۇ ئىجادىيىتىگە مەپتۇن بولغان ھالدا ناخ- شىنى زوق بىلەن داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

تۈيۈقسىز قورۇنىڭ ئىچى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. بىر توپ كىشى قېرىپ قاقشال بولۇپ قالغان بىر مومايىنى كۆتۈ- رۈپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى.

— تەڭرى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈ- رەيلى، بۇ ئايالنى تونۇمىسلەر، بۇ ئىنتا- يىن گۈزەل بىر پەرىزات ئىدى. ئۆز زا-

مانىسىدە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىشقى ئوتى بىلەن شائىر قىلىپ يېتىشتۈرگەن. تەڭرى ئۇنى قېرىتىپ كېرەكتىن چىقاردى. ئەمدى ئۇنىڭ جېنىنى ئالماقچى.

نۇرغۇن ئادەملەر ئۇلارغا ئەگەشتى. ئۇركىستىرمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قەستەن ئېيتىپ ماڭدى. تەنتەنىلىك شوئارلار توۋلاندى.

— ئاياللار ياشىسۇن!

— تەڭرى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك!

— ياشىسۇن نازىنىن قىزلار!

— ئاياللار ئۇچۇن جاننى پىدا قىلايلى!

بۇ ئايىغى ئۈزۈلمەس سەپ كەڭ تەبىئەتنى يېرگەندۈرۈۋەتتى. قاتتىق غەزەپكە كەلگەن ئاسمان ئۇلارنىڭ باش-كۆزلىرىگە ھە دەپ تۈكۈرۈشكە باشلىدى. ئەمما ئۇلار ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنىدى. تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن يەرلەر ئۇلارنى ھەر قەدەمدە يىقىتاتتى. ۋال-ۋۇل قىلىپ يالتىراپ چاقماق نۇرى ئۇلارنىڭ رەزگىلىشىپ كەتكەن ئەپتىنى يورۇتۇپ، بۇ كىشىلەردە «يېنىمدىكى ئالۋاستىمىدۇ» دېگەن گۇماننى پەيدا قىلاتتى. بۇ ئادەم دېڭىزى نۇرغۇنلىغان ئەركەكلەرنى يۇتۇپ كەتتى، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ سەپنىڭ ئەڭ مۇقەددەس شېھىتلىرى دەپ ھېسابلاشتى.

ئۇلار كۆتۈرۈپ ماڭغان ئايال ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئۇلارنىڭ قەددىمى تېزلەشتى. ئۇلار كۆتۈرگۈدەك ئاياللار يېتەرلىك ئىدى. ئۇلار گۈگۈم بىلەن بىرقونال-غۇغا چۈشتى. بىر بوۋاي ساقىلىنى تىترىتىپ،

— تەڭرى قەسىرى ئارقىمىزدا قالدىمىكىن دەيمەن. مەن سەككىز يېشىمدا بۇقوشۇنغا كىرگەنىدىم. ئەپسۇسكى، بىز تەڭرى قەسىرىنىڭ قارشى تەرىپىگە ماڭمىغان بولساق شۇ تاپتا ئۆزىمىزنى تەڭرى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا كۆرگەن بولاتتۇق.

ئۇلار تاڭ سۈزۈلمەستە ئۆز مۇساپىسىنىڭ قارىمۇ قارشى تەرىپىگە قاراپ يولغا چىقتى، ئۇلار بۇ چەكسىز دالىدا بىرەرمۇ نىشان تاپالماي ھەر جايدا قاڭقىپ يۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ھېرىپ ھالى قالمىغان بىر يىگىت توكۇر ئىتتەك ئاقساپ، سۆرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ توپتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا قانچە يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ مانا مۇشۇ خىل چىدام بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۇلارنىڭ قارىسىنى يوقىتىپ قويمىدى، ئالدىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ نىشانىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ئۇنىڭ ئۇچۇن بەرىبىر ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچى بولىدىغان نىشانى بار، بۇ ئۇنىڭ بەختىنىڭ ئوڭ كەلگىنى ئىدى.

ئۇركىستىرنىڭ مۇقامى يۈرەكنى تىترىتەتتى. جاز دۇمبىقى يەنە تىنىماي چالىشقا باشلىدى، ئېغىر قۇياش قوملۇققا ئاستا-ئاستا پېتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قاندەك قىزغۇچ نۇرلىرى بىر پەس ھەممە ياقنى قىپقىزىل تاۋلاپ كۆزدىن غايىب بولدى. كىشىلەر ئۈستىگە كۆمتۈرۈلگەن گۈمبەزنىڭ ئاستىدا — بۇ چەكسىز كونسېرت سەھنىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەبەدىيلىك ئەقىدىسى ئۈچۈن ئېلىشماقتا ئىدى.

مەسئۇل تەھرىرى: ئارسلان



گۈلجامال داۋۇت

# سۈكۈت

(ھېكايە)

ئايالىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىكى ئەلبۇمىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئادىل ئەلبۇمنىڭ ھەممىلا بېتىدىن ئورۇن ئالغان قىرقىم چاچلىق، قاڭشارلىق، ئىنچىكە قاشلىق، مۇلايىم ۋە خىيالچان كۆرۈنىدىغان قىزنىڭ سۈرىتىگە قىزىقىپ قالدى.

— دىلبەر، بۇياققا چىقىڭا، — ئۇ ئاشخانا ئۆيدە سەي توغراۋاتقان ئايالىنى چاقىردى.

قىزىل پوپايكا، يېشىل يوپكا كىيگەن ئاق پوسىملاق، بىر قاراشتىلا كىشىگە مېھرى ئىسسىق كۆرۈنىدىغان دىلبەر پەرتۇقىنى تۈزەشتۈرگەچ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى.

— نېمە دەيسىز؟

— ماۋۇ رەسىمدىكى قىز كىم بولىدۇ؟ — دېدى ئادىل ئايالىغا يېنىچە قاراپ.

— ھە، مۇشۇنىڭغا چاقىرغانمىدىڭىز؟ بۇ مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان دوستۇم گۈلخۇمار، ھازىر نەنجىڭدە ئوقۇيدۇ. بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈردۇ، — دىلبەر سەل توختىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — ئەجەپ ئۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— ھە، مۇنداقلا... ئەلبۇمنىڭ ھەممىلا بېتىدە سۈرىتى بارىكەن. نېمىشقىدۇر چىرايى بەكمۇ غەمكىن كۆرۈنىدۇ. شۇڭا قىزىقسىنىپ سورىغانىدىم...

دىلبەرنىڭ تەبەسسۇمى ئۆچۈپ، چوڭقۇر تىنىدى.

— ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يەپ كەتكەن، — دىلبەر ئادىلغا يېقىن كېلىپ، ئەلبۇمغا تىكىلدى، — بىچارە ئۇ چاغدا ئاران بەش ياشتا ئىدى...

دىلبەرنىڭ ئېيتىشىچە، گۈلخۇمارنى ئاكىسى قاتارغا قوشۇپتۇ. يەڭگىسى ناباب خوتۇن ئىكەن. شۇڭا ئۆيدە جېدەل تۈگىمەيدىكەن. گۈلخۇمار ئاكىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ نەنجىڭغا كېتىپتۇ. گۈلخۇمارنىڭ ئاكىسى خوتۇنىنىڭ جېدەل چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ گۈلخۇمارغا بارغانسېرى ئاز پۇل ئەۋەتىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مان بولۇپ قاپتۇ. ھەتتا ئاشۇ ئازغىنا پۇلنىمۇ خوتۇنىدىن يوشۇرۇن ئەۋەتىدىكەن. دىلبەر گۈلخۇمارنىڭ بەكمۇ قىيىن كۈنگە قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەر ئايلىق مائاشىدىن ئۇنىڭغا ئون-يىگىرمە يۈەن ئەۋەتىپ تۇرۇپتۇ. ئادىل بىلەن ئۆي تۇتقاندىن كېيىن پۇل ئەۋەتەلمەپتۇ.

— مۇنداق دەڭ ... بىچارە قىز، — ئادىل رەسمىگە قارىغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — دىلبەر، ئەجەب ئىچىمنى ئاغرىتتىڭىز. بالدۇرراق شۇنداق دېسىڭىزچۇ! ... بۇ كېپىڭىزچە-زە، ھەي ... ھېلىمۇ ياخشى، نېمە دېسىڭىز ماقۇل دېگىنىم. ماڭا تېخىچە ئىشەنمەيدىكەنسىز-دە؟

— ياق، نېمىشقا ئىشەنمەيدىكەنمەن! ئەمدى ... — دىلبەر دۇدۇقلىدى.

— بولدى، كونا خاماننى سورىمايلى، — ئادىل دىلبەرنى ئۆزىگە تارتتى، — ئەگەر سىز خۇش بولىدىغان ئىش بولسا، بۈگۈندىن باشلاپ ھەر ئايدا پۇل ئەۋەتىپ تۇرايلى، ماقۇلمۇ؟

دىلبەر ئېرىگە مېھرى بىلەن تىكىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئائىلىدە گۈلخۇمار داۋاملىق يادلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ئايدا ئونبەش-يىگىرمە يۈەن ئەۋەتىلىپمۇ تۇردى. ئادىل داۋاملىق گۈلخۇمار ھەققىدە سورايتتى. دىلبەر زېرىكمەستىن دوستىنى تونۇشتۇراتتى.

— ئۇ بەكمۇ چىرايلىق، — دەيتتى دىلبەر شوخلۇق بىلەن، — خۇددى پەرىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر خۇدا مېنى ئوغۇل قىلىپ ياراتقان بولسا، گۈلخۇمارنى ئالغان بولاتتىم! ... ھى ... ھى ... ھى ...

دىلبەر گۈلخۇمار توغرىلىق سۆزلىگىلى تۇرسا، ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئادىلمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. بۇ ھال دىلبەرنى بېشى كۆككە يەتكۈدەك خۇش قىلىۋېتەتتى.

— ھە راست، سىز ياقتۇرىدىغان ھېلىقى ناۋات رەڭ پوپايكام بارغۇ، — دېدى دىلبەر بىر كۈنى گەپ ئارىسىدا، — ئاشۇنى گۈلخۇمار تويغا ئۈلگۈرتۈپ توقۇپ ئەۋەتكەنىكەن.

— نېمە؟ ئاشۇ پوپايكىنى گۈلخۇمار توقۇغانما؟ زاۋۇت مېلىدەك قىلاتتىغۇ؟

— زاۋۇتتىمۇ ئادەملەر ئىشلەيدۇ-دە! ...

— مۇنداق دەڭ؟ — ئادىل كۆڭلىدە گۈلخۇمار ئىسىملىك بىر ئىشچان قىزغا ئاپىرىن ئېيتماقتا ئىدى.

يەنە بىر ئاخشىمى دىلبەر ئادىلغا شۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

ئالدىنقى يىلى گۈلخۇمار تەتىلنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەندە دىلبەر ئۇنىڭ مۇتەللىپ ئىسىملىك يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ كېيىنكى يىلى يازلىق تەتىلدە كەلگىنىدە دىلبەر ئۇنىڭ كەمسۆز، مىسكىن بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن. ئۇلار بىر ئايغىچە كېچە-كۈندۈز ئايرىلمىغان بولسىمۇ، گۈلخۇمار مۇتەللىپ توغرىلىق سۆز ئاچمىغان، دىلبەر ئۇنىڭ مۇتەللىپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىلىق سۆز ئاچقاندا، ئۇ دىلبەرنىڭ سۆزىنى باشقا تېمىغا بۇرىۋېتىپ، مۇتەللىپ توغرىسىدا سۆزلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. تەتىل ۋاقتى توشۇپ، يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئۇ، دىلبەرگە مۇتەللىپنىڭ ئەقىللىق، بىلىمگە ھېرىسمەن بولغىنى بىلەن ئەخلاق جەھەتتە بەكمۇ شاللاق ئىكەنلىكىنى، ياسالما تەمكىنلىك

ۋە سۇلشى سالاپەت بىلەن نەمقابىلىنىپ، قانچىلىغان قىزلارنى ئەخمەق قىلىپ خورلىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقان. دىلبەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. نۇرغۇن مىساللارنى سۆزلەپ، ھەممە ئادەمنىڭ مۇتەللىپتەك ۋاپاسىز ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردى. بىراق ئۇ كۆزلىرى ياش يۇقى، چىرايى سولغۇن، قەلبى دەردلىك پېتى مەكتىپىگە كەتتى...

— ۋىژدانسىز مەخلۇق، — دېدى ئادىل غەزەپلىنىپ، — شۇنچىلىك ياخشى قىزنىڭ قەدرىنى بىلمىگىنىنى قارا! بۇ خۇددى ئاپئاق ناننى دەسسىگەندەك ئىش بوپتۇ... دىلبەر، گۈلخۇمارنىڭ ئوقۇشى بۇ يىل پۈتىدۇ دېدىڭىز-ھە؟

— ھەئە، بۇ يىل پۈتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتتىم. ئۆز يۇرتىڭغا تەقسىملىنىشنى تەلەپ قىل، دېدىم.

— ئوبدان قىپسىز، ئۇ بىزگە تۇغقان بولمىسىمۇ تۇغقاندىن يېقىن بولۇپ قالدۇق. ئۇ بىز بىلەن بىرگە تۇرسۇن.

ئادىل ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، ھاياتىدا كۆرۈپمۇ باقمىغان گۈلخۇمارغا غايىبانە ئامراق بولۇپ قالغان، داۋاملىق سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

* *

— قېنى، كىرىۋەر، ئۆز ئۆيۈڭ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغۇچە مۇشۇ ئۆيدە تۇرىسەن... ئۆيىمىز كەڭتاشا، قىسىلمايمىز. ئادىلمۇ سېنى كۆرمىگىنى بىلەن بىر تۇغقان سىڭلىسىدەك ياقتۇرۇپ قالدى، ئەتىدىن-كەچكىچە سېنىڭ توغراڭدىلا سورايدۇ. بۈگۈنمۇ «تېزرەك گۈلخۇمارنىڭ ئالدىغا چىقىڭ، باشقا ياققا كېتىپ قالماي مۇشۇ ئۆيگە چۈشسۇن...» دەپ مېنى بېكەتكە ماڭدۇردى...

دىلبەر دوستىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىنى باسالماي قالغانىدى. ئۇ گۈلخۇمارنى كرېسلوغا تەكلىپ قىلغاچ توختىماي سۆزلەيتتى:

— ماۋۇ ئۇنىڭ تەرەپتىكى ئۆينى ساڭا تەييارلىدۇق، يۈز-كۆزۈڭنى يۇيۇپ غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن كىرىپ كۆرۈپ باق...

گۈلخۇمار لىققىدە سەرەمجانلانغان ياسىداق ئۆيگە، ئۇدۇل تامدىكى دىلبەر بىلەن ئادىلنىڭ ياندىشىپ چۈشكەن سۈرىتىگە زوقلىنىپ قارىدى، دوستىنىڭ شۇنچىلىك پۇختا، بەختىيار ئائىلە قۇرۇۋالغانلىقىغا مەستلىكى كەلدى.

— ئاداش، — دېدى ئۇ دىلبەرگە قاراپ، — سەن بەكمۇ بەختلىككەنسەن، شۇغىنىسى، توييۇڭدا خىزمىتىڭنى قىلالمىدىم...

— بۇ گۇناھ مەندە، مەن سەن كەلگۈچە توي قىلىۋالدىم، — دىلبەر ئالدىراپ دوستىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— دىلبەر، ئادىل نېمە ئىش قىلىدۇ؟ قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟

— شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. تارىخ ئوقۇتقۇچىسى، سەن بىلەن كەسىپداش، ساڭا ئوخشاشلا ئېغىر، كەم سۆز، ئاسانلا چىقىشىپ قالىسەن...

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ، يوغان قارا سومكىنى كۆتۈرگىنىچە ئادىل كىرىپ كەلدى. گۈلخۇمار قامەتلىك، سالماق يىگىتنى كۆرۈپ، دوستىنىڭ يېڭىلىشمىگەنلىكىنى بىلدى. ئادىلمۇ رەسىمدىكىدىن مىڭ ھەسسە گۈزەل، يارىشىملىق كېيىنگەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

ئەمما ھارغىن كۆزلىرى مۆگدۈق تىكىلىپ تۇرغان قىزنى كۆرۈپ سەل ھودۇقتى-يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ۋۇي نەگە كەتتىڭىز؟ ئۆيدە ساقلاپ تۇرىمەن دەپ...— دىلبەر نازلىق رەنجىگەنىدى. ئادىل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئازراق لازىملىق ئەكەلدىم...

دىلبەر ئادىلنىڭ قولىدىن سومكىنى ئېلىۋېتىپ، ئىككىيلەننى بىر-بىرىگە تونۇشتۇردى.

— تونۇشقىنىم ئۈچۈن كۆپ خۇرسەنمەن،— ئادىل گۈلخۇمارغا كۈلۈمسىرەپ تىكىلدى. قىز كۆزىنى ئېچىپ، قورۇنغان ھالدا:

— رەھمەت،— دېدى.

شۇ ئەسنادا ئاشخانا ئۆيدە سومكىنى ئېچىۋاتقان دىلبەر:

— ئادىل، سىز يەك ئوبدان جۇمۇ، خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپسىز!— دەپ ئۈنلۈك توۋلىۋەتتى.

*

شۇنداق قىلىپ، گۈلخۇمار بۇ ئائىلىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ دوستىنىڭ چەكسىز قىزغىنلىقىدىن رازى بولغان، ئادىلنىڭ تىكىلىپ قارىشىنى، بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يىگىتمۇ يارىغانىدى، ئەپسۇسكى، ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە كۈتمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى:

كەچ، گۇگۇم چۈشكەن پەيت. دىلبەر كۆكتات ئەكىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنىدى. گۈلخۇمار كۆرپىگە سوزۇلۇپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. بىردىنلا ئىشىك ئېچىلىپ، ئادىل كىرىپ كەلدى. ئۇ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، گۈلخۇمارنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئاستاغىنا گۈلخۇمارنىڭ پېشانىسىنى، كېيىن يۈزىنى سىلىدى. گۈلخۇمار ئادىلنىڭ قىلىقىغا ھەيران بولۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۈگۈلۈپ يېتىۋالدى.

ئادىل قولىنى بىردىنلا گۈلخۇمارنىڭ مەيدىسىگە ئۇزاتتى. گۈلخۇمار چۆچۈپ كېتىپ، توپتەك قاڭقىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. غەزەپ ۋە نومۇستىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئادىلنىڭ نىيىتىنى ئەمدى چۈشەنگەنىدى.

— سىز...سىز نېمە قىلىۋاتىسىز؟— دېدى گۈلخۇمار ھاسىراپ تۇرۇپ.

— گۈلخۇمار، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، مەن سىزنى... مەن سىزنى...

— چىقىپ كېتىڭ، گېپىڭىزنى ئاڭلاشقا تاقىتىم يوق!

— جېنىم گۈلخۇمار، مەن سىزنى...

— مەن سىزگە چىقىپ كېتىڭ دەۋاتىمەن!

ئادىل گۈلخۇمارنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىدىن چۆچۈپ، ئاستاغىنە چىقىپ كەتتى.

بازاردىن يانغان دىلبەر گۈلخۇمارنىڭ يېنىغا كىرىپلا ھەيران بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى.

گۈلخۇمار ياستۇققا يۈزىنى يېقىپ، بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. دىلبەر ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزاقچىچە پەرۋانە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ ئالالمىدى. ئاخىرى گۈلخۇمار:

— ئاداش، مېنى ئۆز ئارامىمدا قوي!— دېدى ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

شۇ كۈنى كېچىدە گۈلخۇمار كىرپىك

قاقشاي ئالا ئاتقۇزدى. «ھەممە گۇناھ
ئۆزۈمدە! ھەي... نېمىشقىمۇ بۇ ئۆيدە
تۇرغان بولغىيدىم؟ ئادىلنىڭ يەر تېگىدىن
تىكىلىشلىرى بىكار ئەمەسكەن - دە! بىچارە
دوستۇم، سەنمۇ بەختلىك ئەمەسكەنسەن،
بۇ دۇنيا نېمانچە رەزىلدۇر؟ ئەرلەر نې-
مىشقا ۋاپاسىزدۇر؟...»

ئەتىسى گۈلخۇمار كېتىشنىڭ تەرەد-
دۇتىنى قىلدى.

— ئاداش، كەتسەڭمۇ كەت، بىراق،
مۇشۇ شەھەردە ئىشلە، — دېدى ئۇنى سۆ-
زىگە كوندۇرەلمىگەن دىلبەر.

— ياق، مېنى توسما...

— ئادىل، گۈلخۇمارغا گەپ قىلىڭا،
ئۇ بىز بىلەن بىللە تۇرمىسىمۇ، بىللە
ئىشلىسۇن.

كېيىنكى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئادىل بې-
شىنى كۆتۈردى:

— شۇنداق قىلىڭ، گۈلخۇمار! ئادەم
دېگەن ئۆز يۇرتىدا قەدىرلىك، دوستلىرى-
نىڭ يېنىدا بەختلىك بولىدۇ. بىز سىز بى-
لەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولاي-
مىز، كۆڭلىمىزنى يەردە قويماڭ!

«قاراڭ ئۇنىڭ ئويالمىغىنىنى! بىچا-
رە دىلبەر، يەنە ئاشۇ ۋاپاسىز ئېرىدىن
يالدام سوراۋاتىدۇ، مەن سېنىڭ بەختىڭ
ئۈچۈن بۇ يەردىن كېتەي ئاداش...» گۈل-
خۇمار دىلبەرگە مەيۈسانە تىكىلدى. ئەر-
خوتۇن ئىككىيلەن نېمىلا دېمىسۇن، گۈل-
خۇمار كۆنمىدى. ماتارىسى ئىدارىسىگە بې-
رىپ تونۇشتۇرۇش، دىپلوملىرىنى قايتۇ-
رۇپ كەلدى. گۈلخۇمار يۈك - تاقىنى ئال-
غىلى ئۆيگە كەلگەندە، دىلبەر تېخى ئىشت-
تىن كەلمىگەن، ئادىل كىتاب ئوقۇپ ئول-
تۇرغانىدى.

— كېلىڭ، نەلەرنى ئايلىنىپ كەلدى-
ڭىز؟ — دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن.

— ماتارىسى ئىدارىسىگە باردىم.

— بەكمۇ جاھىلكەنسىز، ئەسلىدە
سىزدەك قىزغا بۇ خىل تەبىئەت يارا-
شمايتتى.

— ھەممە ئىشتا جاھىل ئەمەسمەن.
ئەمما ۋاپاسىز ئىنسانلارنى كۆرسەم جەھ-
لىم قاتىدۇ...

— گۈلخۇمار! — ئادىل ئۇنىڭ گېپىنى
بۆلدى، — سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قال-
ماڭ. مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئويلىنىپ،
ئالدىرىماي ئىش قىلىدىغان ئادەممەن،
لېكىن ئالدىراپلا توي قىلغىنىمنى كېيىن-
رەك بىلدىم، — ئادىل بېشىنى سالغان ھال-
دا سۆزلەيتتى. ئەكسىچە، گۈلخۇمار قەد-
دىنى تىك تۇتۇپ، غەزەپتىن ئوت بولۇپ
يانغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي، سۆز-
لىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى، — ئەل-
ۋەتتە، دىلبەرمۇ ئوبدان ئايال، ئەپسۇسكى
ئىككىمىزنىڭ مىجەزىمىز ئوخشىمايدۇ، ئۇ
لەگلەكتەك يەڭگىل، ئويناپ كۈلۈشكە قى-
زىقىدۇ. مېنىڭ بولسا ھەۋىسىم باشقا، كۆپ
چاغلاردا گېپىمىز، ئارزۇيىمىز بىر يەردىن
چىقمايدۇ... دىلبەر قاچان سىزنى تونۇش-
تۇرغىلى باشلىدى، شۇندىن بۇيان ئۆزۈم-
مۇ سەزمىگەن ھالدا سىزگە باغلىنىپ قال-
دىم، غايىبانە ئەسلەپ، يوشۇرۇن كۆيدۇم.
گۈلخۇمار، ئاڭلىسام سىزمۇ ماڭا ئوخشاش
مۇھەببەتتە يېڭىلىشىپتىكەنسىز، مەن چو-
قۇم سىزنى بەختلىك قىلالايمەن. ئەگەر
ماقۇل دېسىڭىزلا، مەن دىلبەر بىلەن ئەتىلا
ئاجرىشىمەن...

«ئاھ، رەزىللىك! ئاھ، ئىپلاسلىق!»

گۈلخۇمار شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئاچچىق-

(ئاخىرى 114 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خېۋىر تۆمۈر

# سالاپەت

(ھېكايە)

مۇسا شوپۇر ماشىنىغا چىقىپ، تۆگە چۆككەندەك لاسىدە ئولتۇرۇۋىدى، ماشىنا غىرىسلاپ چايقىلىپ، بىر ھازادىن كېيىن ئاران تەسلىكە كەلدى.

«بۇ شوپۇر بىر يىلغا يەتمەيلا ماشىنامنى كېرەكتىن چىقىرىپ تاشلىغۇدەك، قارىمامدىغان ئولتۇرۇشىنىڭ قوپاللىقىنى...»

ماشىنا غىرىسلاپ، چاقلار ماكچىيىپ كەتكەندەك بىلىنگەن چاغدا خۇددى چاقنىڭ ئاستىدا ئۆزى ئېزىلىپ كەتكەندەك يېقىمسىز تۇيغۇ ھېس قىلغان ئابلىز مۇدىر ئۆز شوپۇرى توغرىسىدا ئەنە شۇنداق ئويلىدى.

«بۇ شوپۇرغا يۈك ماشىنىسى ياكى كىرا ئاپتوبۇسى ياراشقۇدەك، كىچىك ماشىنىغا لايىق ئەمەسكەن... چوقۇم يۆتكىۋېتىشىم كېرەك!»

ماشىنا ئايرودرومغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئابلىز مۇدىر ئويلىغانسېرى شوپۇرنىڭ قاملاشمىغان تەرەپلىرى خۇددى كەلكۈن توختىغاندىن كېيىن چوقچىيىپ چىقىپ قالغان كۆتەك، يىلتىزلىرىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى:

«گەۋدىسىنىڭ زورلۇقى، غولىنىڭ كەڭلىكىگە قاراڭلار، نېمىدېگەن تەتۈر ئۇستىخان نېمە بۇ! ئەينەكنىڭ تەگدىن تولىسىنى توسۇۋېلىپ كەينىدە ئولتۇرغان كىشىگە ئالدى تەرەپنىمۇ تۈزۈك كۆرسەتمەيدىكەن، ئېغىرلىقىچۇ! شۇ تۇرقىدا كەم دېگەندە 120 كىلوگرام كېلەر. قورسىقىمۇ ئالدىدىكى رولغا تاقىشىپ قاپتۇ. تېخى ئۇنىڭ سالاپىتىگە قاراڭلار، ھالىغا باقماي مەندىن پۇزۇرراق كىيىنىۋاپتۇ. كاستۇمىنى يېڭى تىككۈزگەن بولسا كېرەك، چىمەن دوپپىسىمۇ يېڭىكەن، نەدىن تاپتىكىن، بوينىدىكى گالستۇكلىرىچۇ، خۇددى بىر نازىرغا ئوخشاش!... ئۇنى چوقۇم يۆتكىۋېتىشىم كېرەك.»

شوپۇر توغرىسىدا ئەلەملىك ئويغا پاتقان ئابلىز مۇدىر ئايرودرومغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالغانىدى. ماشىنا لامپۇچكا زاۋۇتىدىن ئۆتۈپ، يېڭى مەھەللىگە قاراپ بۇرۇلغاندىلا، ئاندىن ئۇ بۈگۈنكى ئىشلار توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدى.

«بۈگۈنكى ئايروپىلاندا نۇرغۇن ها-
جىلار كېلىدۇ. ئەرەب ئەللىرىدىن كېلىدى-
غان چەت ئەللىك مېھمانلارمۇ بار. ئىشىم
تازا ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغان بولدى -دە،
ئۇلارنى قارشى ئېلىش، مېھمانخانىغا
ئورۇنلاشتۇرۇش ھەممىسى مېنىڭ ئى-
شىم!...» ئۇ بۇ ھەقتە تېخى ئويلاپ ئۈل-
گۈرمەستىنلا ماشىنا ئايرودرومغا كىرىپ،
ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن ئونلىغان ماشىنا
قاتارىدا توختىدى. مۇدىر ماشىنىدىن چۈ-
شۈپ ئىككى ياققا قارىماستىنلا ئالدىراپ
ئايرودرومنىڭ مېھمان كۈتىش زالىغا قا-
راپ ماڭدى.

بۈگۈن ئايرودرومدا يېڭى تەرتىپ
يولغا قويۇلغانلىقىنى كىم بىلسۇن!

ئەينەكلىك ئىشىك ئالدىدا ئىككى
ئايال خىزمەتچى ئىشىك توسۇپ تۇراتتى.
ئۇلار زالغا كىرمەكچى بولۇپ كەلگەنلەر-
گە: «بۈگۈن كېلىدىغان مېھمانلارنى قار-
شى ئېلىشقا چىقىدىغان ئادەم بەك كۆپ.
ھەممە ئادەمنى كىرگۈزسەك زالغا سىغىش-
مايدۇ. شۇڭا چوڭ باشلىقلار كىرگۈزۈلىدۇ،
باشقىلار ھويلىدا تۇرۇپ قارشى ئالسىمۇ
بولىدۇ. يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشى شۇنداق»
دەپ چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى.

ئىشىك توسۇغۇچىلار ئابلىز مۇدىرنىڭ
تەقى-تۇرقى، كىيىمى، دوپپىسى قاتار-
لىقلارغا قاراپ گۇمانلاندىمۇ نېمە ئۇنى
زال ئىچىگە كىرگۈزمىدى. بۇ تۇيۇقسىز
زەربىدىن ئۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قېتىپلا
قالدى. ئىشىك توسقۇچىلارنىڭ نېمە كارى،
ئۇلار تۈزۈمنى ئىجرا قىلغۇچى-دە! بىراق
ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ھەللىي باشلىقلارنىڭ
تولىسى سېمىز، گەۋدىلىك كېلىدۇ. كىيىم-
كېچەكلىرى ئۇلاھىدە، پاكىز، يېڭى چىمەن

دوپپىلىق بولىدۇ، دەيدىغان تونۇش بار-
دى. شۇڭا ئۇلار ئابلىز مۇدىرنىڭ ۋىجىك
بويتۇرقى بىلەن ئورۇق-ياداڭغۇ چىرايى-
غا قاراپ ئۇنى توسۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئابلىز مۇدىرنىڭ بېشىدىكى چىمەن
دوپپىمۇ سەل-پەل كونىراپ قالغانىدى.
ئۇبدان دەزماللانمىغان تۆت يانچۇقلۇق
سارجا چاپىنىمۇ ئۇنىڭ سالاپىتىنى خۇنۇك-
لەشتۈرۈپ تۇراتتى. ئىشىك توسقۇچىلار
چۈشەنچە بەرگەندىن تاشقىرى يامىنىغا ئال-
سا مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىشتىنمۇ يانمايدى-
غان ئەلپازدا تۇراتتى.

— مەن دېگەن...مۇدىر، — دېدى
ئاخىرى ئۇ ئاچچىقى بىلەن.

— خىزمەت كىنىشكىڭىزنى چىقىرىڭ!
مېنى ھەممە ئورۇن، ھەممە
ئادەم تونۇيدۇ، دەپ يۈرىدىغان مۇدىر
خىزمەت كىنىشكىسىنى يانچۇقىغا سېلىپ
يۈرەتتىمۇ؟!

— خىزمەت كىنىشكىڭىز ئۆيدە قال-
غان بولسا، ئىشخانىغا كىرىپ رەسمىيەت
ئۆتەپ چىقىڭ. خاپا بولماڭ، بىز ۋەزى-
پە ئورۇنداشنىلا بىلىمىز، — ئىشىكتىكىلەر
كۈلۈپ تۇرۇپ شۇ گەپلەرنى قىلدى-دە،
قولى بىلەن ئىشخانا تەرەپنى كۆرسىتىپ
قويدى.

ھودۇقۇپ قالغان ئابلىز مۇدىر ئاستا
چېكىندى. بۈگۈنكى مېھمانلارنى كۈتۈۋې-
لىش مېنىڭ ۋەزىپەم تۇرسا، چاتاق بول-
دىغۇ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

— قايتىپ كەللىغۇ، نېمە بولدى؟ —
چىرايى قارا بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ، خاپا
ھالدا قايتىپ كەلگەن باشلىقنى كۆرگەن
شوپۇر ھەيران بولۇپ سورىدى. مۇدىر
دەرھال جاۋاب بەرمىدى. «ئىشىكتىن كىر-

كۆزمىدى» دېگەن سۆز ئاغزىغا پاتمايۋاتـقاندەك قىلاتتى. بۇ سۆزنى ئۇ قانداقمۇ ئاغزىدىن چىقارسۇن! بولۇپمۇ شوپۇر ئالـدىدا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىش ئۇيات ئىش - تە!

— سىلىنى كىر كۆزمىدىما!... ئۇنداق قىلسا بولامدىكەن، مېھمانلارنى كىم كۈتۈ-ۋالىدۇ!

شوپۇرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

— غەزەر ئۇقمايدىغان دىتى يوق نېمىلەر ئىكەن! — دېدى ئۇ ئاچچىق ئەلەم بىلەن. شوپۇر ئەھۋالنى چۈشەندى.

— قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ. سىلىنى كىرگۈزمەي كىمنى كىرگۈزمەكچىكەن، يۈرسىلە، مەن سۆزلىشىپ باقاي! — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەتـئىيلىك ئالامەتلىرى چاقناپ تۇراتتى. مۇ-دىر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، چىرايىدىن شوپۇرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكى كۆرۈ-نۈپ تۇراتتى.

— ئىشەنمەيۋاتامىلا، يۈرسىلە!

— ئىشەنمىگەن گەپ ئەمەس، سەت ئەمەسمۇ! — دېدى مۇدىر ئۆپكىدەك قىزىـرىپ. ئۇ گەپنى ئۇنداق قىلغان بىلەن كۆڭلىدە، مېنىڭ سۆزۈم ئۆتمىگەن يەردە سەندەك شوپۇرنىڭ سۆزى ئۆتەمدۇ، ساڭا ئەگىشىپ بېرىپ سەتلىشىپ يۈرۈشنىڭ نې-مە ھاجىتى، دەپ ئويلايتتى.

— بۇ يەردە سەت - چىرايلىق دەيدىـغان گەپ يوق، يۈرسىلە! — دېدى شوپۇر باشلىققا، لېكىن باشلىقنىڭ ئارىسالدا بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. — ئىشەنمەيۋاتسىلا ھە، مەيلى، ئە-مىسە مۇنداق قىلايلى، سىلە مۇشۇ يەردە قاراپ تۇرسىلا، مەن زالغا كىرىپ ئالدىن سىلىنى چاقىرىمەن، ئۇ چاغدا سىلە ئىككى يانغا قاراپ تەمتىرەپ تۇرماستىنلا ئالدىمـغا كەلسىلە بولامدۇ؟

شوپۇر توپتوغرا زال تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ، ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇ مۇنـدىن بۇرۇنمۇ سالاپىتى، تومپايغان قور-سىقىنى دەسمايە قىلىپ، چوڭ - چوڭ مۇ-راسىم زاللىرىغا، بېلەتسىز كىرگىلى بولـمايدىغان تەنتەربىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇسابىقە مەيدانلىرىغا بىمالال كىرىپ كېتـكەنىدى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىممۇ ھېچ ئىكـكىلەنمەستىنلا مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كەلـمەكتە ئىدى.

ئىشىك توسۇغۇچىلار سالاپەتلىك بىر كىشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىنلا كۆ-رۈپ، ئولتۇرغان ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ ئۆز-لىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ، ئېھتىرام بىلەن راۋرۇس تۇرۇشتى. ئۇلار ئالچاڭـشىپ دەسسەپ كېلىۋاتقان «ئەرباب» نىڭ قەددى - قامىتى، كىيىم - كېچىكى، چىمەن دوپپىسى، گالستۇكى، تومپىيىپ چىققان قورسىقىغىچە ھەۋەس بىلەن نەزەر سا-لاتتى. ئىشىكتىكىلەرنىڭ بىرسى زال ئى-شىكىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ ھۆرمەت كۆرسەتتى. يەنە بىرسى بولسا «مەرھە-مەت» دېگەندەك قولى بىلەن كىرىش يو-لىنى كۆرسىتىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئۇلـگۇردى.

ھايال ئۆتمەي بۇ «ئەرباب» زال ئىشىكىدە يەنە پەيدا بولدى. ئۇ بۇ قېتىم تېخىمۇ كېرىلگەن ۋە غادىيىۋالغانىدى. ئۇ قولىنى ئارقىسىغا تۇتقان پېتى ئىشىكـتىن چىقىپ ئۇيان - بۇيانغا بويىنىنى سو-زۇپ قاراپ، باشلىقنى ئۈنلۈك چاقىردى.

(ئاخىرى 141 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

روزى سايىت

# تۈگىمەس خىياللار

## پەسىللەر مۇھاكىمىسى

ئېمەسى يوق ئويلىمايدىغان
بەزى چاغدا ئادەمنىڭ زادى.
تۇرۇپ - تۇرۇپ ئەسكە چۈشىدۇ
«ئۇ»نىڭ خاراب «بۇ» نىڭ ئابادى.

نېچۈن شۇنداق ئۆزئارا چېتىش،
زەنجىرسىمان بولىدۇ ئىشلار؟
ئىنكار قىلىپ،
تەقەززا ئېتىپ،
مەۋجۇت ياشار ئادەم ۋە قۇشلار؟...

شۇ خۇسۇستا چايقالدى بۇ دەم،
ئوي - تەپەككۇر سۈيىدە كېمەم.
ئۇرۇلماقتا ئىلھام پالىقى،
مەنزىل ئىستەر شوخ مۇھاكىمەم.

1

باھار قىشنى تاشلاپ كېلىدۇ،
يېشىللىقتا شاشلاپ كېلىدۇ.
چېچەك پۈركۈپ ھەر بىر تىنىقىغە
ناز ئىلكىدە ياشناپ كېلىدۇ.

جىسمى بوشاپ جۇدۇن، قار - مۇزدىن،
خەۋەر بېرىپ يېڭى نورۇزدىن.
ئۈمىد كۆتۈپ يازدىن - تومۇزدىن،
كونا يىلنى ياشلاپ كېلىدۇ.

شاخ - پۇتاققا گۈل - ياپراق ئېسىپ،
گۈزەللىكنى باغرىغا بېسىپ،
ئىللىق كۈلۈپ، كۆزىنى قىسىپ،
پەسىل يازنى باشلاپ كېلىدۇ...

2

ياز جاي ئېلىپ باھار قوينىدىن
ھەم ئۆي تۇتۇپ ئېتىز، ھويلىدىن،
چاچقۇ چېچىپ كۆكسى، بوينىدىن،
ئەلنى مەپتۇن ئەيلەپ كېلىدۇ.

چېچەكلەردە مېۋە بولدۇرۇپ،
خامانلارنى چەشكە تولدۇرۇپ،
كاتتا بايدەك بىغەم ئولتۇرۇپ،
توق، باياشاد لەيلەپ كېلىدۇ.

يازمۇ بىر پەس يايراپ، شاپاشلاپ،
نازۇ - نېمەت، نەپنى ھاپاشلاپ.
كۆز كۆرپىسى ئۈزرە يامپاشلاپ،
كەتمەككە پەيت پەيلەپ كېلىدۇ...

3

كۆز كېلىدۇ يازغا سوغدىشىپ،
زەڭگەر چاپان كىيىپ، مۇڭدىشىپ.
ياز يېرىدە جۇلغۇپ، بازغىشىپ،
مۇرادىغا قېنىپ كېلىدۇ.

مول ھوسۇلنىڭ كانى دالا - تۈز،
مەمنۇنلۇقتىن پارقىرايدۇ يۈز.
ھەغدا بولۇپ تەر ئەجرىگە كۆز،
تۆھپە ئېتى مىنىپ كېلىدۇ.

نەگە بارماق كۆزنىڭ داۋرىڭى،
پاختا، قوناق، قوغۇن... پارىڭى.
سىنىمىغىدى ئۈزۈم بارىڭى...
كۆزچۇ؟ سېرىق چېنىپ كېلىدۇ.

شۇ سېرىقلىق يېشىلغا يۇقۇپ،
تەلۋە ئۈششۈك چوقۇلاپ، چوقۇپ —
يۈرگىنىدە، كۈرەك كۆز قورقۇپ،
قىش سەيلىدىن يېنىپ كېلىدۇ...

*    *

پەسىل شۇنداق دەۋر قىلىدۇ،
(ئۈچ ئايغىلا سەۋر قىلىدۇ.)
بىر - بىرسىگە سېزدىك بولسىمۇ،
پەيت تاپقاندا ئەمىر قىلىدۇ.

پەسىل ئۆتەر يىل باغرىدا تىنىچ،
ئۇنى باغلاپ تۇرار قايسى كۈچ.
كەتمەس نىچۈن ئورنى ئالمىشىپ،
تۆتى ساق تۆت،
ئۈچى يەنە ئۈچ①؟؟...

## توشقاندا يىل - ئون ئىككى ئاي

(ناۋايىغا تەقلىد)

تۈنجى كۆرگەندە «سالام» — شۇ بولدى قىلغان سۆزلىرى،
خۇش تەبەسسۇم ئىلتىپات ئەيلەشتە باقتى كۆزلىرى.
قايتا ئۇچراشقاندا جۈپ كۆزدىن مۇھەببەت پارلىدى،
تىنىچ يۈرەككە ئوت تۇتاشتى (ئوتنى ياققان ئۆزلىرى).
ئۈچكە باردى بۇ كۆرۈشمەك كەتتى قولدىن ئىختىيار،
دىلدا غەليان ئەمما تىلغا چۈشتى مۇڭ تورمۇزلىرى.
تۆت كۆرۈشكەن چاغدا، ئەيھات، قىل كەبى تولغاندى تەن،
زەپىران رەڭگىگە كىردى ناتىۋاننىڭ يۈزلىرى.
بەش قېتىم ئاغزىمنى ئۆمەللەپ دېيەلمەي ھېچنېمە،
دادلىدىم: «شۇنداق رەھىمسىزمۇ جاھاننىڭ قىزلىرى؟!...
ئالتە كۈن كۆرمەپ ئىدىم، بەس، يەتتە دوزاخنى كۆرۈپ،
ئۆچتى كۆزدىن دىلرابانىڭ رەڭگى - روي ئەڭگىزلىرى.
ئايرىۋاشلايتتىم شۇ سەككىز باغۇ - جەننەتنى چوقۇم،

① ھەر يىلنىڭ تۆت پەسلىگە، ھەر بىر پەسىلنىڭ ئۈچتىن ئايغا بۆلۈنۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

چۈشسە ھۇجرام ئالدىغا گەر شوخ قەدەم - پاي - ئىزلىرى...»
خۇددى تۇققۇز رەقىمىدەك ئېگىلىپ قالغان چېغىم،
يوقلىدى ئۇ شاھ سەنەم قولىدا گۈل قىرمىزلىرى.
ئۇ دېدى: «سەۋرىلىك ئەجەب كۈن كۈنگە تەخىر ئەتمىسە؟...»
مەن دېدىم: «ھىجرانىمدى سۆيگۈ، ۋاپا ئەندىزلىرى؟
كۈن ئەمەس، ئۇن بىر دەقىقە سەۋرى قىلماقىم قىيىن.
يۇقمىسۇن پاك سۆيگۈگە مۇنداق «سەۋرى ئەيدىزلىرى!...»
بولدى ھەل مەقسەت - مۇراد توشقاندا يىل — ئون ئىككى ئاي،
چاقنىدى دىل ئاسمىنىمدا چىن بەخت يۇلتۇزلىرى.

## كۆرۈندۇمۇ ساڭا

(بىر شائىرغا تەقلىد)

راست گېپىڭنى ئېيتقىنا، دوست - يار كۆرۈندۇمۇ ساڭا؟
يا مۇخالىپ پەيلى بار ئەغيار كۆرۈندۇمۇ ساڭا؟
مەن باقارمەن تەلپۈنۈپ قوينۇڭغا، گۈلدەك يەلپۈنۈپ،
سەن قارايسەن ئەيمىنىپ، ئېيت، خار① كۆرۈندۇمۇ ساڭا؟
ئەسلى سۆيگۈ ئاسمىنىڭدا كۈن بولۇش رايىم ئىدى،
پەسلى قىش بولدى چىرايىڭ «قار» كۆرۈندۇمۇ ساڭا؟
تەڭلىگەنتىم لەۋلىرىمدە بال، بىراق رەت ئەيلىدىڭ،
كۆڭلى شاللاق ھەم سۇيۇق بى ھار كۆرۈندۇمۇ ساڭا؟
«بويى يەتمەس نەرسە ئاچچىق» دەيدىغان تەمسىلغۇ بار،
سەن گويا پەس، مەن ئېگىز بىر نار كۆرۈندۇمۇ ساڭا
بىل شۇنى، ئىشقى - مۇھەببەت «پەس»، «ئېگىز» لىكتىن بىزار،
ئەيىب ئەمەس ئاساك كۆرۈپ زۇننار، كۆرۈندۇمۇ ساڭا؟
كەل نىگار، ياندىش ماڭا، يۇرمەيلى ئۇنداق بى مۇراد،
سەن كۆرۈنگەندەك ماڭا، مەن يار كۆرۈندۇمۇ ساڭا؟

تۇرسۇنجان ھاشىمى

## يېشىل چۈشلىرىم

1

ئاق توزغاقا كۆمۈلسە ساھىل
پەسىللەرنى كېيەن قىلىپ،
شاملارنىڭ چاناقلىرىدىن
تېمىپ چۈشەر
يېشىل چۈشلىرىم.

---

① خار — تىكەن.

www.uyghurkitap.com

2

ئىزىپ قالسا،
تىترەڭگۇ سۆيگۇم
سوۋۇپ قالغان خىلۋەت ئورماندا
ئۇنۇپ چىقار قوۋزاقلاردىن
يېشىل چۈشلىرىم.

### تەرىلگەن ئۇمىد

كېچە،
چۇش بورانلىرى
ئۆرۈۋەتتى كىرپىكلىرىمنى.
يىقىلدى
قارىغايلار.
ئارچىلار،
قەدىم ئورمانلار.
جانسىزلانغان بەرگىلەر ئۆزرە
ئۇنۇپ چىقتى قارىچۇقلىرىم.

### يۇتكەن پەلەسپە

ۋىناس ئىزدەپ يۇرىدۇ شائىر
دولقۇنلاردىن ئاھاڭ كۆچۇرۇپ.
تېمىپ قالغان ئادرېسلىرىنى
كۆلەڭگىسى بارار ئۆچۇرۇپ.

ۋىناس ئىزلەپ يۇرىدۇ شائىر
تار يوللاردا لۇغەت كۆتۇرۇپ.
چېگرادىكى دەريا بويىدا،
پەلسەپەنى قويدى يۇتتۇرۇپ.

### روھ ئىزدەش

قەبرىستانغا ماڭدى بىر بالا
بوۋىسىنىڭ روھىنى ئىزدەپ،
باشلاپ بارار مەنزىل كاھىغا
نەچچە قەبرە ئۇنى يېتىلەپ.

### تۇنجى قار لىرىكىسى

سوۋۇماقتا ئىللىق كائىنات
ئورمانلاردا ئۇنلىمەيدۇ قۇش.
قاقشال تېرەك سىلكىيدۇ قانات
باھار گۇلى ئۇخلايدۇ بىھوش.

چوققىلاردىن تارىلار چېقىن،
زۇمرەت كۆكتە ئۇزىدۇ قۇياش.
يول ـ يوللاردا چايقىلار ئېقىن،
بەرگىلەردىن تامچىلايدۇ ياش.

ئاق نىلۇپەر ـــ ئاقارغان دالا
خىلۋەتلەردە كۆي تۆكەر بۇلاق.
يۇگۇرۇپ يۇرەر بىر بەڭباش بالا
قىيالاردىن ئىزدەپ تۆت قۇلاق.

مەتسەئىدى مەتقاسىم

## يىپەك يولىدىكى لىرىكىلار

### تارىمدىكى بىر قەدىم توغراق

چەكسىز كەتكەن بارخانلار ئىچرە،
تەنھا ـ يالغۇز تۇرار بىر توغراق،
نە ئۇنىڭدا شېرىن خۇش پۇراق

يېشىللىقى بولۇپتۇ شېھىت،
تۆكۇلمەكتە ئۇنىدىن زەر ياپراق،
يەڭگىل ئاجراپ چۇشمەكتە قوۋزاق.

ئۆگەيلەمدۇ كەڭ دۇنيا ئۇنى،
ئۇرۇلدۇ ئۇنىڭغا بوران،
ۋە شەھەرنى قىلدۇ ۋەيران.
چوڭقۇر بولغاچ ئۇنىڭ يىلتىزى،
گىگانتتەك تۇردۇ ھامان،
بۇ چۆللۈككە گويا پاسىۋان.

مۇڭغا چۆكۈپ تۇرار ئۇ توغراق،
ئەتراپىدا چۆلنىڭ ئىتىكى،
ئاندا - ساندا يانتاق چېچىكى.
ئۇنى تاۋاپ قىلدۇ پەقەت
يۇلتۇز كۆزلۈك ئىپار كىيىكى
ۋە ئىنسانىنىڭ گۈزەل تىلىكى.

قۇرۇپ قالغان ئاشۇ توغراقنىڭ
يىلتىزىغا سۇ قۇيىدۇ كىم؟
بۇنى ھەتتا بىلمەيدۇ ھېچكىم.
ئازابلاندىم مۇشۇ توغرىلىق،
بولغاچ ئۇنى ياشارتىش ھەققىم،
مۇشۇ يولدا تۈگەيمەن بەلكىم.
..........

## يىپەك يولىدىكى لىرىكا

1

مەن يىپەك يولىدا چوڭ بولغان ئوغۇل
خىسلەتلىك ئانامدۇر تارىم ۋادىسى.
يۇلتۇزلار كۆمۈلگەن مۇشۇ زېمىنغا،
ئاھ، ئاقتى دىرىلدەپ كۆزۈم قارىسى.
مەن نىگاھ تاشلىدىم يىپەك يولىغا،
شۇ يىپەك يولىدەك ئۇزۇن ھېس بىلەن.
بۇندا چۆل شامىلى توزان توزۇتۇپ،
بوز رەڭلىك بۇلۇتتەك لەرزان تەۋرىگەن.

بۇ يولدا بەئەينى بالىلىقچى قىزدەك،
شوخ، لەرزان ئېغاڭلار سارغايغان يانتاق،
ئاھ، قەيەرلەردىندۇر ياپپۇز ۋە قاغاق
چاچىدۇ ئاجايىپ شېرىن خۇش پۇراق.

شۇ يىپەك يولىنى بويلاپ سەييارەتتەك
مەن كىچىك چېغىمدا بارغان جاڭگالغا.
ئۆتەڭلەر ياتاتتى زۇمرەتتەك چاقناپ،
گەر چىقىپ قارىسام ئېگىز داۋانغا.

مەشرىقتىن مەغرىبكە سوزۇلغان بۇ يول،
كۆرۈنەر كۆزۈمگە نۇر يولى كەبى.
بىر چاغلار جاراڭلاپ تۇرغان كولدۇرما،
قۇملارنىڭ تېگىگە پاتقان ئەبەدى.

2

دېڭىزنىڭ بويلىرى كەتتى يۇكسىلىپ،
ئاھ، ئۇ يەر شاۋقۇنلۇق ئاجايىپ جاھان.
دېڭىزدەك دولقۇنلاپ كېتەر يۈرىكىم،
گەر نەزەر تاشلىسام كەڭ دېڭىز سايان.

پاراخوت يوللىرى گويا تورسىمان،
سوزۇلغان قىتئەدىن قىتئەلەر تامان.
ئۇ يىپەك يولىنى سېغىنىپ ئېسىمگە،
كۆزۈمدىن بىر ئىسسىق ياش ئالار شۇئان.

ئاھ، يۇرتۇم، دۇنيانىڭ ئىككىنچى چۆلى،
سەن دېڭىز ئەمەسسەن، دېڭىزدىن يىراق.
گۈرۈلدەپ قۇم كۆچسە يىپەك يولىغا،
يۈرىكىم قانايدۇ، ئۇزاقتىن ئۇزاق.

مەن قاراپ قالغانچە يىپەك يولىغا،
روھىمنىڭ بوشلۇقى كەتتى ھالسىراپ.
قەلبىمدىن ئۇزۇنغا يېڭى شوخ شامال،
باھارنىڭ ئىشقىدا يەرە، قانسىراپ.

## بوران قۇشى ۋە ياۋا گىياھ

بورانلاردا مىڭ كۆيىقاپ ئەۋجى بار،
ساما تىترەر بولغان كەبى مەست، بىھوش.
ئۇچۇپ بارار پەلانىتتەك سۈر بىلەن،
كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ بوران قۇش.

ئۇ تۇغۇلغان بورانلارنىڭ ئىچىگە،
بورانلاردا لەيلەپ يۈرەر كەچمىشى.
زۇمرەت كۆكتە سۈس چاقنىغان يۇلتۇزلار،
بۇ يېگانە بورانقۇشنىڭ دىلكىشى.

شوخ سۇلاردا قولۋاق ئىزى يۈتكەندەك
يۈتۈپ كەتتى ئۇنىڭ ئىزى دېرەكسىز.
پەر قاققاندا تېرىلگەن زىل سادالار،
چاقماقلارنى ئەسكە سېلىپ ئۆتتى تېز.

پەيلىرىنى توزغاق كەبى توزۇتۇپ،
سەرسانلىققا ئېلىپ كەتتى كەڭ ئاسمان.
مەنزىلىگە يېتەي دېگەن چاغدا ئۇ،
تۇيۇقسىزلا يىقىلدى ۋە ئۈزدى جان.

ئىزاھ بېرىپ ئۇنىڭ چەكمىشلىرىگە،
ياۋا گىياھ ئۈندى جەسەت ئۈستىدە.
شۇنداقمۇ بىر بوران قۇشى باردى دەپ،
چۆچەكمۇ يوق بوران قۇشى ھەققىدە.
..........

## يېڭى روھ، چۈش كۆرەر تارىم بوشلۇقى

قارىسام قازاندەك كۆرۈنەر ئاسمان،
زەر قۇياش گوياكى نۇرانە تۈگمۈك.
ئۇيقۇغا تىنىگەن تارىم بوشلۇقى،
ئارتىپتۇ ئۈستىگە بولۇتتىن كۆنلۈك.

شۇ كۆنلۈك ئاستىدا ئۆزگە نۇر بىلەن،
ئوت بولۇپ كۆيمەكتە كونا تەزكىرە،
ۋە ئۇندىن تارالغان ئاداققى رەڭلەر،
ئۇچۇشار كۆكۈمنىڭ قوينىدا خىرە.

پىلدىرلار كۈمۈش سىم كەبى ئاق نۇرلار،
بېغىشلاپ نۇرىستان ھالەتنى چۆلگە.
ئىخ، ئاشۇ تەبىرسىز سېھرىي مەنزىرە،
رومانتىك ھېسلارنى سالار كۆڭۈلگە.

كۆل رەڭلىك بۇلۇتلار لەيلىشەر ئۇندا،
ۋە ئاخىر يوقايدۇ تەۋرىنىپ ـ ھۆركۈپ.
بۇ بوشلۇق چۈشىدە كۆرگەن قۇياشنى،
يېڭى روھ مەڭزىگە ئالغان سۈمۈرۈپ.

## قۇتلۇق شەھەر ئارىلى

1

كەل نىگار كۆمۈلۈپ ئاتەش رەڭ نۇرغا،
بىز تارىم تەرەپكە كېتەيلى ئۇچۇپ.
ئۇ يەردە بىر قۇتلۇق شەھەر ئارىلى،
ياتماقتا جىمىكى رەڭلەرگە تولۇپ.
بولۇپ بىز ئۇ يەردە خىسلەتلىك ئادەم
بېرەيلى روھلارنى ئەركىگە قويۇپ.

2

گوياكى چۈشىمان رەڭدار ھالەتتە،
بۇ شەھەر جىسمىدىن تۆكۈلمىدۇ زەر،
بەئەينى كۆك قاشتاش ئېرىتمىسىدەك،
ئارالنىڭ سۇلىرى سۈزۈك شۇ قەدەر،
ئەسلىتىپ سامادا ئاقۇش بۇلۇتنى،
ئاق قۇلار سىلكىنىپ قاقار يۇمشاق پەر.

3

زاۋۇتلار گۈلدۈرلەر گويا بوراندەك،
تارقىلار بوشلۇقتا ئاپئاق ئىس، مانان.

ماشىنا ئۈن - تىنسىز بارىدۇ ئۇچۇپ،
ۋە لەيلەپ ياتىدۇ يوللاردا مارجان.
مەن كۆرۈپ ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى،
خۇدۇمنى يوقىتىپ قويىمەن ھامان.

4

بۇندا نە قاتىللىق، نە بىر رەزىللىك
ئۇلارنى پاك ۋىژدان قەبرىگە كۆمگەن.
جىرادا ئۇۋۇ ئۇۋۇلاپ يۈرگەن ئۇۋچىلار،
دوزاخنىڭ ئوتىدا پاراسلاپ كۆيگەن.

ئىنسانىي تۇيغۇلار تۇغۇپ باھارنى،
ھەر ۋۇجۇد پاكلىقنىڭ بەھرىگە چۆمگەن.

5

ئەجدادىم روھلىرىم تىرىك بۇ يەردە،
كۆك بۆرە يېنىدا تۇرار ئوغۇزخان.
ئاھ بۇ يەر گوياكى جەننەتنىڭ ئۆزى
ئادەملەر توي تارتىپ يۈرەر شادىمان.
مۇستەھكەم بىر دۇنيا مەۋجۇتتۇر بۇندا،
ئۇچاقنار يالتىراپ زەر قۇياشىمان.

......

دولقۇن روزى

## سېھىرلەنگەن تۇيغۇلار

### پارتىزانلىق سۆيگۈ

ئاجايىپ بىر سەۋدا چۈشتى بېشىمغا
كېتەلمەس بوپ قالدىم سىرلىق كوچاڭدىن.
ھېسلىرىم ئوتىنى ئۇلۇغ ياندۇرۇپ،
ئاھ، چىقماس بوپ قالدىڭ سەنمۇ ھويلاڭدىن.

ئۆزۈمنى بەزلەيمەن شېرىن تۇيغۇدا
تەل ۋۇرۇپ ياقىمەن تامدىن، شوراڭدىن.
ۋە گاھى بېغىڭدا تونەپ چىقىمەن
ئۇيقۇمنى قاچۇرۇپ يېگەچ غوراڭدىن.

سەن چىقىپ كېلىسەن مېنى لال قىلىپ،
پەرىشتە مىسالى شۇنچىلىك ئۇماق.
سۆيگۈنىڭ كەيپىدە ئاھۇدەك ئېقىپ،
تەشنالىق ئەۋجىدە ئاچىسەن قۇچاق.

ئۇچرىشىپ تۇرىمىز بېغىڭدا بىرە،
بىز دەككە - دۈككىدە پەقەت كېچىدە.
تال - باراڭ بىز ئۈچۈن بولار سايىۋەن،
ھەممىنى ئۇنتۇيمىز لەززەت ئىلكىدە.

تۈن نىسپى لېۋىڭنى ئاجرىتىپ ئاستا،
قىيماستىن ئەنسىزلا كېتىپ قالىسەن.
مىڭ يىللىق سەپەرگە ئاتلانغان سىياق
ئوي - خىيال ئىلكىدە نەزەر سالىسەن.

مەن دەيمەن يۈرمىسەك پارتىزانلارچە
پىنھاندا مۆكۈنۈپ، تېنەپ - تەمتىرەپ.
ۋىسالىنىڭ تۇغىنى تىكلىسەك بىرگە
«پاك سۆيگۈ» سۆزىنى ئاڭا كەشتىلەپ.

......

### تەلپۈنۈش

مەن تىكىلدىم چەكسىز دېڭىزغا
دولقۇنلاردىن سورىدىم سېنى.
سېغىنىشىم بولۇپ بىر دېڭىز
قامال قىلغاچ سەزگۈلىرىمنى.

يەلكىنىڭنى سورىدىم سېنىڭ
ئۈندىمىدى ساھىل، قىيا تاش!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆۋەجەيتتى دېڭىز بىتىنىم،
يۇگەنلەنگەن ئات سىنىياق ياۋاش.

مەيىن شامال يەتكۈزگەندۇ ئاھ،
ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ ياش تۆككىنىمنى.
مەنزىلىڭنى قىلىپ قىبلىگاھ
ئارمان بىلەن ئىز يۆككىنىمنى.

چايكىلاردىن خەۋىرىمنى ئال
بىل ئۈمىدتە يۈرگەنلىكىمنى.
ئىزلىرىمدىن ئۇندۇرۇپ سوئال
بىر رىتىمدا سۆيگەنلىكىمنى.

......

## سېھىرلەنگەن تۇيغۇلار

كۆزلىرىڭگە بوپ قالدىم مۇشتاق
ئېچىقىدى سۆيگۈم بىتاقەت.
دەۋر قىلار سۆيگۈ ھېسلىرىم
ۋىسالىڭنى ئەيلىشىپ مەقسەت.

بىراق زىنھار باقمىدىڭ كۈلۈپ،
يېتىمسىراپ قالدى ۋۇجۇدۇم.
ئۈمىدلىرىم چېقىلدى بىر-بىر
بىتەلەيدىن ئالغاندەك ئۇدۇم.

سابا بولۇپ سۆيدۈم چۈشۈمدە
گۈللىرىڭنىڭ يۇمران بەرگىگە.
ئويغاق سۆيۈش بولمىدى نېسىپ
مەن يىقىلدىم ئازاب ئىلكىگە.

ھىجرىنىڭنى كەتسەم ھاپاشلاپ
قىلارسەنمۇ مېنىڭ دېرىكىم.
مەيلى ئىدى ۋىسال بىلەن تەڭ
ئېرىپ كەتسە ماگما يۈرىكىم.

## كۆل بويىدا خىيالچان يىگىت

كۆل بويىدا خىيالچان يىگىت،
ئامرىقىنى كۈتەر بىتاقەت.
قارىچۇقىدا قۇياش جىلۋىسى
ئۈمىدىدىن بېرەر بىشارەت.

كۆل بويىدا خىيالچان يىگىت
ناخشىسىغا تەڭكەش شوخ شامال.
ئاچچىق ئەمما لەززەتلىك بىر ھېس
ۋۇجۇدىنى ئەيلەيدۇ قامال.

كۆل بويىدا خىيالچان يىگىت
بىر تىۋىشقا سالىدۇ قۇلاق.
تەۋرىنىدۇ ناخشا رىتىمى
ئۇ يېقىنلاپ كەلگەندە بىراق.

......

سېتىۋالدى كېرىم

# شېئىرلار

## ئوتلۇۋەتكۈم كەلدى يار سېنى

ئولتۇراتتىم بۇلاق بويىدا،
يايىرىم بىلەن كۈلۈپ مۇڭدىشىپ.

كەتتى بىر جۈپ يۈرەك لاۋۇلداپ،
ئوت ئۈستىگە ئوتلار تۇتۇشۇپ.

چۈنكى ئاشۇ بۇلاق يۈزىدە،
ئىككى كەۋدە قاپتۇ جۈپلىشىپ.

بىز تۇردۇق، ۋە لېكىن ئۇلار،
چىرمىشىپتۇ سەۋرىسى توشۇپ.

شۇئان ئىچتىم بۇلاق سۈيىنى،
چاڭقىلىمغا لىق-لىق تولدۇرۇپ.
يارىم دېدى: ئۇسسىغانىمىدىڭ،
ئەي ئاشىقىم يۈرىكىڭ قىزىرىپ.

مەنمۇ دېدىم: ئۇسسىغانىكەنمەن
ئىشقىڭ بىلەن تولا ئاھ ئۇرۇپ.
ئۇتلىۋەتكۈم كەلدى يار سېنى،
ئاشۇ بۇلاق سۈيىگە قوشۇپ.

## گۈلمۇ گۈل پۈرايدىكەن

مەن پۈرايمەن چىرايلىقىمنى
چىمەندىكى گۈلگە ئوخشۇتۇپ.
قىزىلگۈلنىڭ نازۇك شېخىدەك
چاچلىرىنى ئاستا ئويناتۇپ.

توۋا، ئۇنىڭ قولىدا بىر گۈل
گۈزەللىكى ئۆزىگە ئوخشاش.
گۈلمۇ گۈلنى پۈرايدىكەنغۇ،
گۈلدەك تۇرۇپ يارىم قەلەم قاش.

## موللامغا يەنە بىر سوئال

تۇمار ئېسىپ دېگەنتىڭ ماڭا،
«كېسەللىكتىن بولىسەن خالى.
كۆزى تەگمەس ساڭا يامانىنىڭ،
بەربات بولۇر جىننىڭ خىيالى»

ئەجەب بۈگۈن ئىككى كۆزۈم كور
بولۇپ قالدى پۇت-قولۇم ناكا،
قوپالمايمەن كېسەل دەستىدىن،
قۇتقازمىدى تۇمار ئەجەبا؟
. . . . .

## كۆزۈڭدە مەن — ياشلىرىڭدا مەن ۱

كۆزلىرىڭدە مېنىڭ سۈرىتىم
بەلكىم مېنىڭ كۆزۈمدە سېنىڭ.
كىرپىكىڭدىن يامرىدى نەگمىز،
سېھرى بىلەن سۆيگۈ نۇرىنىڭ.

كۆزۈڭدىمەن — ياشلىرىڭدا مەن،
زىناقلىرىڭ بويىدا ئېقىمەن.
يېشىڭ بىلەن كەلدىم دومىلاپ،
جىنەستىدەك لېۋىڭگە يېقىن.

يېشىڭدا مەن — لەۋلىرىڭدە مەن،
لەۋلىرىڭگە قونۇپتۇ شەبنەم.
شەبنەمدە بار مېنىڭ سۈرىتىم،
سۈمۈرۈۋەتكىن ئۇنى مەھبۇبەم.

## يۈرىكىمنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم

يۈرىكىمنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم،
چىرايلىقىم ئۆزۈڭ تېپىۋال.
بىز ئايلانغان خىلۋەت كوچىغا،
كۆڭدىشىڭدىن بۇرۇن بېرىۋال.

يولدا ئەگەر ئۇچرىسا كۈلمەر
كۆيگەن يۈرەك ئاشۇ، بىلىۋال.
چاچلىرىڭدا سۈپۈرۈپ ئۇنى،
ياغلىقىڭغا چېگىپ ئېلىۋال.

يولدا ئەگەر ئۇچرىسا ياقۇت
ياقۇت ئەمەس ئۇنى تېرىۋال.
بەلكىم قېتىپ قالغاندۇ يۈرەك،
مارجىنىڭغا قوشۇپ ئېسىۋال.

يولدا ئەگەر ئۇچرىسا ئالما
ئالما ئەمەس، ئۇنى قولغا ئال.
سەن ئىزدىگەن يۈرەك شۇمىكىن،
يۈرىكىڭگە مەھكەم تېكىۋال.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇچرىمىسا يولدا ھېچ نېمە،
مەنمۇ بىركار سۈرمەيمەن خىيال.

كۆكرىكىمنى قىلماستىن زىدە،
ئوغۇرلاپسەن ئۇنى گۈلجامال.

غەيرەت ھوشۇر

# قىرغاقتىكى خىياللار

## شائىر سۈرىتى

سىمۋولىنى بېرىپ قۇياشقا
كائىناتقا سەپتى زەڭگەر رەڭ.
يۈرىكىدىن چاقنىغان بىر چېقىن،
مەڭگۈ ئۆچمەس گۈلخان بىلەن تەڭ.

## كېلىدۇ

ئۆمۈرۋايەت ئۇلۇغلاپ سېنى،
مەڭگۈ بىللە ئۆتكۈم كېلىدۇ.
جانان چىنە قىلىپ لېۋىڭنى،
كەۋسەر بىلەن يۇتقۇم كېلىدۇ.

ئاھۇ كۆزۈڭ بولسا بىر بۇلاق،
ھوزۇرلىنىپ چۆككۈم كېلىدۇ.
ئىرادەڭنى قىلىپ مەن قانات،
بۈركۈت بولۇپ ئۇچقۇم كېلىدۇ.

بويلىرىڭنى قىلىپ مەن غۇنچە،
پېشانەمگە قىسقۇم كېلىدۇ.
چىشلىرىڭنى قىلىپ مەن مارجان
گۆھەر كەبى ئاسقۇم كېلىدۇ.

تىنىقىڭنى قىلىپ مەن ئىپار
دائىم پۇراپ يۈرگۈم كېلىدۇ.
كۈلگىنىڭدە مەنمۇ قوشۇلۇپ،
شادلىقتا مەن چۆمگۈم كېلىدۇ.

## كائىناتقا خىتاب

تومۇرۇڭدا ئاققان قېنىڭمۇ
ئەسىر بويى توختىماس دەريا؟
يۈرىكىڭمۇ ئېگىز چوققىلار
جىسمىڭمۇ يا بۇ پۈتۈن دۇنيا؟

تىنىقىڭمۇ ئۇچقان شوخ شامال؟
كۆزلىرىڭمۇ ئاي بىلەن قۇياش؟
پاك قەلبىڭمۇ ياكى كۆك ئاسمان؟
ھەر مەۋجۇدات ئۇنىڭغا سىرداش.

پىغانىڭمۇ ئۆكسىگەن بۇلاق؟
غەزىپىڭمۇ چاقنىغان چېقىن؟
ياشلىرىڭمۇ تۆكۈلگەن يامغۇر؟
خۇنلىرىڭمۇ دولقۇنلۇق ئېقىن؟

## خەتەرلىك چۈش

تىنىقلىرىم چۈشتى ئەسىرگە،
رىتىمىنى يوقاتتى يۈرەك.
ئاھ! ئەجەللىك ياۋۇز چۈشۈمدە،
دولقۇن كەبى تەۋرىنەر كۆكرەك.

چۆلدە قالدىم تەنھا زارلىنىپ،
چۈشلەرنىڭ بوپ قالدىم قۇلى.
مەسخىرىسى داخىل تۆلكىنىڭ،
ئېزىقتۇردى قۇملۇقتا يولى.

سەرسانلىقتا يۈردۈم تەلمۈرۈپ،
تامچە سۇغا زارلىنىپ چۆلدە.
ئىزلىرىمنى يوقاتتى بوران
هاياتلىقىم قىپقالدى كۆلدە.

بۇغرا تۆگە كەلمەكتە قوغلاپ،
يۇتماق بولۇپ مېنى ئىز بېسىپ.
بەتبەشرە پۇراق چىقار شالىدىن،
نىگاهىمدا مەن كەتتىم سېسىپ.

چۆچۈپ شۇچاغ ئويغاندىم كېچە
چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ.
نېمىدېگەن خەتەرلىك چۈش بۇ؟
كەتتىم چوڭقۇر ئويغا كۆمۈلۈپ.

## ئۈۋچىغا

مىسكىنلىكىڭ يۇتقان دېڭىزنى
تەنهالىقتا جەڭگاهتا تۇرۇپ.
چاتقاللاردا يۈرەمسەن دائىم،
كىيىكلەرگە قاپقاننى قۇرۇپ.

سانسىز كىيىك، توشقان، بۇغىلار
چەيلەندى شۇ سېنىڭ چىشىڭدا.
جانۋارلارغا ئەجەللىك ئوقيا،
كېچە - كۈندۈز تۇرار قېشىڭدا.

دۇنيا شۇنداق، مەۋجۇدات شۇنداق
بىر - بىرىنى يەم قىلىپ ئۆتەر.
گۆشنى گۆش دەپ يەۋەرسەڭ ئۈۋچى
سېنى قانداق هالاكەت كۈتەر.

## مەنمۇ سېنى سۆيمەمەن مەڭگۈ...

سۇبهى كەبى چىقساڭ نازلىنىپ
شامال بولۇپ لېۋىڭگە سۆيدۈم.
ئەتراپىڭدا بولۇپ پەرۋانە
كېچە - كۈندۈز ئوتۇڭدا كۆيدۈم.

گۈلگە ئوخشاش كۆرۈنسەڭ ئەگەر
بۇلبۇل بولۇپ شېخىڭغا قوندۇم.
قامەتلىرىڭ كۆرۈنسە تاغدەك
باشلىرىڭدا كۈمۈش قار بولدۇم.

كۆيلىرىڭنى ئاڭلىسام جانان
يۈرەك تارىم چالىدۇ گىتار.
جىلۋە قىلىپ يۈرسەڭ پەردەك،
سىياقىڭغا چىن سۆيگۈم ئىزهار.

## كائىنات سۆيگۈسى

1

سۇبهى سۆيگەن كەڭرى دالادا
تورغايلارنىڭ چۇ - چۇلىشى بار.
ئىپار هىدلىق سەلكىن شامالدا
ئۇچۇپ كەلگەن جۇشقۇن كۈيى بار.
ئۇ ياڭراتقان ئاشۇ ناخشىدا
يېڭى هايات ئۈزۈندىسى بار.

2

ئۇپۇق بىلەن تۇتاشقان دەريا
زەر شولىغا ئاچقان كەڭ قۇچاق.
ئۇچقىنىڭدەك ئاق پەرلىك تۇرنا،
ئۇزۇپ ماڭار يەلكەنلىك قولۋاق.
شۇنچە يارقىن كۆرۈنەر دۇنيا،
زەڭگەر رەڭدە، كۆيگەندەك ئوچاق.

سۆسەن رەڭدە تون كىيگەن ئاسمان
مىس لېگەندەك چاقنايدۇ قۇياش.
بولاقلاردىن ئاڭلىنار ئارمان،
يۈرەكلەرگە بولۇپ ردىمداش.
تاغ ئۈستىدىن يوقالغان تۇمان،
چوققىلارغا كۈمۈش قار سىرداش.

www.uyghurkitap.com

3

كۆڭۈللەرنى قىلىدۇ شەيدا،
كەچكى شەپەق سۆيۈشكەن ئورمان.
يېرىم سوتكا يورۇغان ۋادا،
جىمجىتلىقتا ياقىدۇ گۈلخان.
توختىمايدۇ ياڭراق بىر سادا،
ھايات قايناق ھاياتتۇر پۈتتان.

تۇردى ئەخمەت

# بىزنىڭ ماكان

## كارۋان

ياتىدۇ شامالنىڭ ئەللەيلىشىدە،
مۈڭلانغان سېرىق چۆل تەۋرىنىپ پەقەت.
ئاڭلىنار قۇملارنىڭ غېرىب ناخشىسى
ئۆچكەنمۇ بۇندىكى قايناق مۇھەببەت؟!

دېڭىزدەك چايقىلىپ ياتقان شۇ قۇمغا
زوقلىنىپ قارايمەن ئۇزاقتىن-ئۇزاق.
يۈرەكنى كۆلدۈرۈپ ئاڭلىنار مۈڭلۈق
گۈلدۈرما ساداسى يىراقتىن-يىراق.

ئاھ، مانا كەلمەكتە ئاشۇ قۇم چۆلدە
توختىماس بىر كارۋان مەنزىلىنى كۆزلەپ.
يۈرەكتىن-يۈرەككە نۇرلار تاراتقان
خىسلەتلىك بىر ياڭراق ناخشىنى سۆزلەپ!

ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ قۇملار بارخىنى
غەزەلخان بولىدۇ شۇ بۈيۈك تارىم.

ھەيۋەتلىك تاغلارنى تىترەتسە «ئەجەم»
ئاھ شېرىن ھېسلارنى بېرەر «پەنجىگاھ».
«مۇشاۋرەك» تاراتقان يېقىملىق كۈيلەر
بۇ گۈزەل دۇنيانى قىلار سەيلىگاھ.

گۈمبۈرلەپ ياڭرىسا «باھار ۋالىسى»
مۈڭلىنىپ ئۈگىدىگەن زېمىننى قۇچۇپ.
بۇ خۇشال بەزمىگە بولۇپ ئاشىنا
كېلىدۇ ناۋاكەش بۇلبۇللار ئۇچۇپ.

ئاق قۇلار، تۇرنىلار، سازچى تورغايلار
كۆي ئۇچقان سامادا يايسا كەڭ قانات.
ئېچىلار نەۋ باھار سۆيگەن گۈل كەبى
كۈيلەرنىڭ قوينىدا بىزنىڭ بۇ ھايات!

كۆزلىرى تورلىشىپ جۇشقۇن ھاياتتىن
تاغلارنىڭ كەينىگە مۆككەندە قۇياش.
ئۇپۇقنىڭ لەۋلىرى قىزىرار بىردىن
لاۋۇلداپ ئورلىگەن گۈلخانغا رەڭداش.

بىلەيمىز يورۇپلا تۈگەمىدىغاندۇ
كۈيلەرگە قانماستىن كېتىدۇ بىر كۈن.
گۈگۈمنى چىللايدۇ قۇياش كۆز قىسىپ،
زېمىننى قۇچاقلاپ باسىدىن تۈن.

## بىزنىڭ ماكان

باشلانسا تاڭلاردا سېھىرلىك كۈيلەر
ئويغۇدىن بىدار بوپ كۆلىدۇ قۇياش.
كۈيلەردىن ئايرىلغان بىھوش تۈن قىزى
ياپراقلار مەڭزىگە تۆكەر ئۈنچە ياش!

دەريالار مۈڭلىنىپ، ئۆچسە شاۋقۇنى
گىياھلار باش ئېگىپ قىلىدۇ تەزىم.

ئاھ شۇنداق كەتكەندە قۇياش ھالىدىن
جانانىدەك ۋىلىقلاپ كېلەر تولۇن ئاي.
زېمىننى تىترىتىپ، ئاتەش يۇرەكتە
زوق قوزغاپ يېڭى كۈي باشلىنار ئاي-ھاي!

### يۇلتۇزۇم

يۇلتۇزۇم جىمىرلار سامادا خىرە
گاھىدا پىلىلداپ - گاھىدا ئۆچۈپ.
ئاھ، مانا يوقالدى تاپالمىدىم ھېچ
تۇمانلار تەكتىگە كەتتىمۇ چۆكۈپ؟

قوغلىسام تۇماننى بوشلۇقلار ئارا
كۆزۈمدىن ئېتىلغان ئۇچقۇنلار بىلەن.
كۆرۈندى يۇلتۇزۇم ئاھ ئەجەب خىرە
تولغاندى ۋۇجۇدۇم پىغانلار بىلەن.

قارىچۇقۇم ئۈستىدە قالماقتا قېتىپ
ئاھ مېنىڭ جەزبىدار ئۇچقۇر نىگاھىم.
چىقمايدۇ بوغۇلۇپ تىترەپ ۋە تىترەپ
ھاياتقا كۈي قاتقان ياڭراق ئاۋازىم.

يۇلتۇزۇم جىمىرلار سامادا خىرە
گاھىدا پىلىلداپ، گاھىدا ئۆچۈپ.
ئۇ مېنىڭ ھاياتىم — سېنى كۈلدۈرگەن
ئۆچسە ئۇ مەنمۇ تەك كېتەرمەن ئۆلۈپ!..

پاتىگۇل مۇھەممەت

## ئىككى شېئىر

### كىملەر بىلەر ئاشىق سىرىنى

تەشۋىش ئارا ئېغىر خورسىنىپ،
بىر مەلىنى ئەگىيمەن ھادان.
دىلنى قاپلاپ ئازاب تۇمانى،
كۆزلىرىمدىن ئاقتۇرار قىيان.

كۆزنەك ئېچىپ قارايدۇ ئۈنسىز
جۈپ كۆزىدە قاتقان قەترە ياش.
كېلەر ئاشۇ ياشنى سۇمۇرگۈم،
بولۇپ شۇچاغ نۇرانە قۇياش.

سۆيگۈ تىلەپ باقسام چېھرىگە
باقار ئۇمۇ ئاشىقتەك گويا.
ئېغىز ئاچماس سۆيگۈدىن بىراق،
ماڭا شەپقەت قىلمىغان دۇنيا..

ئويلاپ باقسام ئۇمۇ مەن كەبى
تۇتقۇن بوپتۇ ئاچچىق پىراققا.
نۇرغا ئاشىق پەرۋانە بولۇپ،
چوقۇنىمەن نىچۈن چىراغقا!؟

مەن سۆيىمەن تائەبەت دىلدىن
سۆيگۈم كەلسە ئۇندىن باشقىنى.
تەلمۈرەمدۇ مەندىن باشقىغا،
كىملەر بىلەر ئاشىق سىرىنى.

......

### پاك قەلبىڭنى قىلمىغىن يارا

تىكىلسەن كۆزۈمگە مېنىڭ،
سۆيگۈ ئىزدەپ ئۈنسىز بىتىنىم.
گەر ئىشقىمدا بولساڭمۇ سەرسان
سىغدۇرالماس سېنى يۇرىكىم.

بىلمەپسىنا ھالىمنى ئەجەب،
روھىم تۇۋەن يۇرسەم گادىرماش.
دەردلىرىمنى كۆتۈرۈپ تولۇق،
بولالامتىڭ ماڭا قەلبداش.

ئاشىقلىقنىڭ دەرۋازىسىدىن
قەدەم ئېلىپ بولدۇم قەلەندەر.
گوللاپ مېنى سۆيگۈ ۋاپاسىز
دىل جامىمغا تولدۇردى زەھەر.

ھالىم شۇنداق، رەنجىسە زىنھار،
سۆيگۈ ئىزدەپ ئالەم كەز يانا.
شەيدا بولۇپ پۇراقسىز گۈلگە
پاك قەلبىڭنى قىلمىغىن يارا.

پەخىردىن مۇسا

## ئاق قۇدىن سادا

(باللادا)

ئەينەكىدەك گۈزەل زېمىننىڭ
بىر يېشىللىق ياتار يېيىلىپ.
كۆرۈنەر ئۇ چۈشكەندەك ئاسمان،
ئۇپۇقتىن كەڭ يەرگە سىيرىلىپ.

ئۇ بىپايان باغراش دېڭىزى،
تەڭرىتاغقا كېتەر تۇتىشۇپ.
چاڭقاق دىلغا كەۋسەر تامغاندەك،
چېتى دەشتكە تۇرار قويۇلۇپ.

پايانسىز كۆل — ئاسمان ئەينىكى
جىمىرلايدۇ گويا كۈلگەندەك.
قومۇشلىرى ئوينايدۇ ئۇسسۇل،
يىراقلاردىن مېنى كۆرگەندەك.

كۆل سۈيىنى بىلىپ تۇتمىيا،
غۇر تولدىتىپ ئىچتىم ئوچۇملاپ.
كەتتى بىردىن تىلىم ئېچىشىپ،
قالدىم بىر پەس تېڭىرقاپ قاراپ.

ماڭا ماختاپ بەرگەنتى بوۋام
مۇشۇمىدۇ تاتلىق دېگىنى؟
سۈنىڭ شۇنچە قىرتاقلىقىدىن
يېرىلدىغۇ ئادەمنىڭ تىلى!

تۇرغىنىمدا بوۋامدىن رەنجىپ،
بىر قېيىقنى ئېپكەلدى شامال.
دېدى ئاستا پىچىرلاپ ماڭا:
«ساياھەت قىل كۆلنى سەن ئاۋۋال».

ئۈزۈپ كەتتىم قېيىقنى ھەيدەپ،
تۈرۈم-تۈرۈم دولقۇنغا قارشى.
ئەتراپىمدا بىر توپ ئاق قۇنىڭ
ئۆز تىلىدا ياڭرايتتى مارشى.

باش ئۈستۈمدە ئاسمان گۈمبىزى،
ئاستىمدا كۆل كۆز يەتمەس تىرەن.
يىراقلاردا يېشىل قومۇشلار
گىرەلەشكەن كەڭ ئۇپۇق بىلەن.

يېنىك-يېنىك دولقۇنلايدۇ كۆل،
ئۆرلەپ تۇرغان دىلبەر كۆكسىدەك.
كۆرۈنىدۇ ئۇنىڭ سىماسى
مۇڭغا چۆمگەن جانان كۆزىدەك.

پېتىپ شۇنداق تەگسىز خىيالغا،
يۈرگىنىمدە قېيىقنى ھەيدەپ.
مېنى ئەگىپ يۈرگەن ئاق قۇلار
قېيىقىمغا قوندى بىر-بىرلەپ.

پەرىزاتنىڭ مۇڭلۇق ئۈنىدەك،
ھالقىپ كەتتى ئاھى دالىدىن.
ھالسىزلانغان جىسمىمۇ شۇدەم،
يۇلقۇندى ئاھ ئاچچىق نالىدىن.

مېھرىم بىلەن قويدۇم مەن بەزلەپ
يۇمران، ئاپئاق پەيلىرىن سىلاپ.
«قى-قۇ، قى-قۇ» قىلىشىپ ئۇلار،
كەتتى دەرداك كۈيىنى باشلاپ. ١

كۈيدە زاھىر شۇنداق كارتىنا،
قىسسە ئىكەن كۆلنىڭ كەچمىشى.
ئۆتمۈش تامان كەتتى خىيالىم،
باشلاپ ماڭغاچ قىسسىنىڭ بېشى:

ئاق قۇ ئەمەس بىزنىڭ نەسلىمىز،
ئىنسان ئىدۇق — سىنىڭ ئەجدادىڭ.
باغراش كۆلى دىسە جاھاندا
ھەتتا رەشكى تۇتقان خۇدانىڭ.

بۇ كۆل ئىدى ئەسلى بىپايان
بۇندىن نەچچە ئەسىر مۇقەددەم.
بىلىقلىرى كۆپتى سۇيىدىن،
بۇ ئەمەستۇر مۇبالىغە ھەم.

بىز قۇرغۇچى خەلقىدۇق كۆلنىڭ،
بىلىقچىلىق ئاتا كەسپىمىز.
ئەركىن ئىدۇق، شاھ ئىدۇق بۇندا،
يۇرتنى گۈلمەش ئىدى ئەھدىمىز.

«زەمزەم كانى، بىلىق ماكانى»
دەيتتى ھەممە بۇ كۆلنى ماختاپ.
بۇندا ياشاپ قىلىشنى ئويلاپ،
كەلگەن كۆپلەر قەتئەلەر ئاتلاپ.

ئۆزگە ئەلدىن كەلگەن مىھمانلار
ئۇزۇۋالمەيتتى كىچە - يۇ كۈندۈز.
دەيتتى بىزنى «قوينىڭ ئەۋلادى،
يوق بۇلاردا يامانلىق — (مۈڭگۈز)»

بىز ئەزەلدىن تىنچلىقنى سۆيگەچ،
بۇ سۆزلەرگە قىلماپتۇق ئىرەن.
شۇ يامانلىق — «مۈڭگۈز يوق» لۇقى
بەختىمىزگە بولدى بىر كىشەن!

كەلدى بىر چاغ جاھانگىر ئەلمەر،
باغراش تامان باستۇرۇپ ھاي - ھات.
مۈڭگۈز يوق، دەپ تۇرساق قول باغلاپ،
نەسلىمىزمۇ قالمايتتى ھايات.

چىقتۇق ئاخىر زورلۇقتا قارشى،
قوراللىنىپ كەتمەن - گۈرجەكتە.
باشلاندى جەڭ كۆل ھەم قۇرۇقلۇق،
كوچا - كوي ۋە بۇرجەك - بۇرجەكتە.

ياراقلارنىڭ «جاق - جۇق» ئاۋازى،
خەلقلەرنىڭ ھۇررا ساداسى،
كۆلنىڭ شىرىدەك ھۆركىرەشلىرى،
لەرزى بىلەن قۇچتى سامانى...

نەچچە يىللاپ داۋام قىلدى جەڭ،
كۆل بويلىرى ئايلانغان چۆلگە.
چىمەنزارلىق يېشىل ۋادىلار
كۆيۈپ ئوتتا ئۇرالدى كۈلگە!

كۆلنى قوغداپ نەچچە مىڭ پالۋان
قانلار تۆكۈپ، ئاتەشتە كۆيدى.
شېھىت بولۇپ كەتسىمۇ ئۇلار،
ئىشقى مەڭگۈ تۇپراقنى سۆيدى.

ئۇنۇپ چىقتى يېشىل قۇمۇش بوپ
ئۇلار كېيىن باغراش بويىدا.
يۇزمىڭلىغان دۈشمەن ئۆلدى ھەم،
ئاشۇ كۆلنىڭ سىرلىق قوينىدا.

بىر قىسمىمىز كەتتۇق ئايلىنىپ،
ئەرك سۆيەر ئاق دىل ئاققۇغا.
كىچە - كۈندۈز قارايمىز كۆلگە
ھەسرەت بىلەن قىلىشىپ نىدا...

بىز يىغلايمىز، يىغلايدۇ قۇمۇش،
چۈنكى ئۇلار ئەجداد ئىزناسى.
بىلمىگەنگە بىلدۈرگىن ئۇنى،
بۇ بىر تارىخ — ئاق قۇ ساداسى!

ئاق قۇلارنىڭ قىسسەسىن ئاڭلاپ،
توختاپ قالدىم پالاق ئۇرۇشتىن.
شۇركەندى تەن، شۇركەندى جىسمىم،
نىمە چىقارقاراپ تۇرۇشتىن؟!



تۇرسۇن ئىپتىمپ

# ئەجدادلار ئىزىدىن

(روماندىن پارچە)

يازغۇچى تۇرسۇن ئىپتىپنىڭ «ئەجدادلار ئىزىدىن» ناملىق رومانى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشرگە بېرىلدى. پات ئارىدا كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى، بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا رومانىنىڭ بىر بابىنى ئالدىن تونۇشتۇردۇق.

تەھرىردىن

## سەككىزىنچى باب

مەيىز تۇيۇقسىز ئاڭلانغان جىددىي يىغىلىش بۇيرۇقىدىن كېيىن ئالدىراپ كىيىنىپ، مىلتىقىنى ئاستى-دە، ئودېلىنىيىسىنى سەپكە تىزدى. سەپ تۈزۈلگەندىن كېيىن، نامان ئاتلىنىش بۇيرۇقى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جېلىيۈزى تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى زە ئېغىزدۇرۇقنى چاينىشىدىن چىققان ئاۋازدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى، ئەتراپنى ئاپئاق قار قاپلىغان، ئاچچىق سوغۇق يۈزلەرنى چاقاتتى. پولك جىم، ئەمما تېز كېتىپ باراتتى، مەيىزنىڭ بوز ئېتى تىزگىنىنى سىيرىپ ئالغا يۇلقۇناتتى. ئەمما مەيىز سەپتىن چىقماسلىق ئۈچۈن تىزگىنىنى تارتىپ ماڭاتتى. ئۇ كالتە ئاق جۇۋا كىيگەن، بېلىنى تاسما پوتا بىلەن چىڭ باغلاپ، تاسمىغا قىلىچ ئۆتكۈزگەنىدى. پولك جېلىيۈزى سېپىلىغا كىرگەندىن كېيىن، بىر خىل يۈرۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئالاقچى كېلىپ، دۆلەتكەلدىگە:

— پولك كوماندىرى چاقىرىدۇ! — دېدى.

دۆلەتكەلدى سەپتىن چىقىپ، ئالاقچى بىللە بىلەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ يەنە ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى قايتىپ كەلدى:

— مەيىز ئودېلىنىيىسى سەپتىن چىقىپ ئالغا!

دۆلەتكەلدىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ مەيىزنىڭ بوز ئېتى ئالغا ئېتىلدى. دۆلەت-

كەلدى مەپىزگە يانىدىشىپ ماڭغاچ بۇيرۇق قىلدى:

— ئىشەك باستاۋغىچە رازۋېت قىلىپ بارغىن، ھوشيار بول، ساي بىلەن ماڭما، ئەھۋال بولسا ياكى دۈشمەن كۆرۈنسە دەرھال ئالاقچى ئەۋەت!

— خوپ! ئودېلىنىيە ئالغا! — دەپ كوماندا بەردى مەپىز.

مەپىز كوماندىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سايىنىڭ سول تەرىپىگە بۇرۇلۇپ، كۆچ يولىغا چىقتى، يولنى پۈتۈنلەي قار كۆمۈپ تاشلىغانىدى، ئۇ بىنەملىكنىڭ يوتىسىدىكى تار يولنى ئاران ئىلغا قىلىپ، ئىگىزگە ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۈركۈتتەك كۆزلىرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ۋە ئالدىغا دەممۇ دەم تىكىلەتتى. ئىگىزگە ئۆرلىگەنسېرى ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى كۆپەيدى، ئاتلارنىڭ بەدىنىدىن ئاپئاق ھور كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. مەپىز ئوڭ تەرىپىدىكى تىك تاغنى كۆرۈپ توختاپ ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى، تاڭ يورۇقى ۋە قارلارنىڭ نۇرىدىن ھەممە ياق كۈندۈزدەك روشەن كۆرۈنەتتى. ئەتراپ جىمجىت، تاغ ئۈستىدىكى قارىغايلار، ساي ئىچىدىكى تاللار، تاغ تېرەكلىرىلا قارىيىپ كۆرۈنەتتى، باشقا تەرەپلەردە ھېچقانداق شەپە ياكى ئىز كۆرۈنمەيتتى. مەپىز ساي قىرى ۋە ئىشەك باستاۋنىڭ باش تەرىپىگىچە بېرىپ كۆزىتىپ، دۈشمەن ئىزى كۆرۈنمىگەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىنلا ئالاقچىگە:

— دۈشمەندىن ھېچقانداق ئۇچۇر يوق، پولكقا خەۋەر قىل، تېز كەلسۇن! — دېدى.

— خوپ! — ئالاقچى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

مەپىز ئودېلىنىيىدىكى جەڭچىلەرنىڭ يېرىمىنى ئىشەك باستاۋنىڭ مۇھىم يەرلىرىگە پوستقا قويۇپ، قالغان جەڭچىلىرىنى باشلاپ، توغراسۇ بويىغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئەتراپنى چارلاپ، بىرمۇ ئىز ياكى دۈشمەننى ئۇچراتمىدى، مەپىز جەڭچىلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەلگەندە، پولك كېلىپ ئوبرۇن تۇتۇپ ياتقانىدى. ئۇنى دەرھال پولك شتابىغا چاقىرتتى. شتابتا پولكنىڭ ئىسكادروندىن يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلىرى توپلانغانىدى، بۇ شتاب ئەمەلىيەتتە، سايىنىڭ ئېغىزىدىكى قويۇق چاتقاللىق ئىدى. كوماندىرلار دەرەخلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ مەپىزنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئاندىن پولك كوماندىرى:

— ھازىر ئىنقىلابىمىزنى بوغۇش ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى ئەۋەتتى. ئەڭ خەۋپلىك نۇقتىلار تەلكە ئاغزى، ئاچال، چۇلۇقاي ئەتراپى، بىز دۈشمەننىڭ شى يىغىنىڭ، لى تەيجۇن، گوجى قىسىملىرىنى توسۇپ زەربە بېرىمىز، باش شتاب بىر پولكنى ئاچال ئېغىزىغا ئەۋەتتى، بۇ پولك جىڭ ناھىيىسىدىن يولغا چىققان دۈشمەننىڭ دىۋىزىيىسىنى ئاچالدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئېغىزنى بوغىدۇ، بۇنى قاپنىڭ ئاغزى دەيمىز. بىز مۇشۇ يەردە پوزىتسىيە تۇتۇپ، دۈشمەن سايغا كىرگەندىن كېيىن توسۇپ زەربە بېرىمىز. دۈشمەن چېكىنگەندە، ئاچالدىكى پولك زەربە بېرىدۇ، بىز قاپنىڭ گەۋدىسى، شتاب بۇنى «قاپ جېڭى» دەپ ئاتىدى. بىز قاپنىڭ ئاغزى ۋە ئىككى يېنىدىن دۈشمەننى چىقارماي زەربە بېرىمىز. ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چالدىكى پولك ئاغزىنى بوغۇپ دۈشمەننى ئۇجۇقتۇرىدۇ، — دېدى.

— سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىڭ! — دېدى مەپىز.

كوماندىر رۇخسەت قىلدى، مەپىز تىك تۇرغان هالدا:

— ئاۋۇ تىك تاغ باغرىدىكى ئۆڭكۈر مېنىڭ سادىر بوۋامنىڭ ئۆڭكۈرى، سادىر بوۋام ئاشۇ ئۆڭكۈردە يېتىپ، چېرىكلەرنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن، مەنمۇ سادىر بوۋامدەك ئۆڭكۈردە تۇرۇپ دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بېرەي دەيمەن! — دېدى.

بۇ سۆزدىن پولك كوماندىرىنىڭ دىلى يورۇپ كەتتى، ئۇ خۇشال هالدا دۆلەتكەلدىگە قارىدى.

كوماندىر رۇخسەت قىلسا تولۇق قوشۇلىمەن! — دېدى دۆلەتكەلدى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— يارايسەن، بۇ مۇهىم ستراتېگىيىلىك ئورۇن، — دېدى پولك كوماندىرى مەپىزگە مېهرى بىلەن قاراپ قويۇپ، ئاندىن دۆلەتكەلدىگە بۇيرۇدى، — ئىسكادرونىڭىز هازىرلا سايىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ پوزىتسىيە ئىگىلىسۇن، مەپىز ئۆز ئودېلىنىيىسى بىلەن ئۆڭكۈرگە چىقسۇن، قىزىل راكېتا ئېتىلمىغۇچە، ئوق چىقىرىلمىسۇن. ئىسكادرونىڭلار شتاب باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سايىنىڭ ئاغزى ۋە بۇ تەرەپتە پوزىتسىيىدە تۇرسۇن!

ئىسكادرون ئاتلىرىنى شتاب بەلگىلىگەن ئورمانغا قويۇپ، جەڭچىلىرىنى باشلاپ، سايىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى، مەپىز ئودېلىنىيىسىدىن بەش جەڭچىنى تاللىۋېلىپ، بىر يەشىكتىن بومبا كۆتۈرۈپ، ناهايىتى تەستە ئۆڭكۈرگە چىقىۋالدى. ئۇ ئۆڭكۈردە تۇرۇپ ئەتراپقا سەپسالدى، بۇ يەردىن هەممە يەر ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئۆڭكۈر ئالدىدىكى تاغ ۋە جىلغىلاردا ئاق نىقاب كىيگەن جەڭچىلەر سەپ تۈزۈپ ياتاتتى، مەپىز جەڭچىلىرىنى ناشتا قىلىۋېلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى بىر پارچە ناننى غاجىلىغاچ ئەتراپنى كۆزىتىشنى داۋام قىلدى. جەڭچىلەر ناشتا قىلىپ بولۇپ، يەشىكلەردىن بومبىلارنى ئېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ قىرىغا تىزىشقا باشلىدى. ئۇلار بومبىلارنى تېخى تولۇق ئېلىپ بولمىغانىدى، ئالاقىچى هاسىراپ-هۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى:

— يولداش كوماندىر، دۈشمەن سايىغا كىردى!

مەپىز دىققەت بىلەن سايىغا ئېگىلىپ قارىدى، ئالاهەزەل بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن ئاتلىق ئوفىتسېر باشچىلىقىدا بىر ئىززۋوت ئاتلىق چېرىك كۆرۈندى، مەپىز بۇلارنى «رازۋېتچىكلار بولسا كېرەك» دەپ مۆلچەرلىدى. دۈشمەن رازۋېتچىكلىرى ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىشىپ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، پولك ئۇلارنى ئۈن-تىنسىز ئۆتكۈزۈۋەتتى، يەنە بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى، ئاتلىق ئوفىتسېرلار، ئەسكەرلەر، پىيادە ئەسكەرلەر ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلار مىنامىيوت، ئېغىر پىلىموت، ئاپتوماتلار بىلەن قوراللانغانىدى، مەپىز بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ، «دېمەك، دۈشمەن كەينىمىزدىن شەهەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئىنقىلابنى ئۇجۇقتۇرماقچىكەن-دە» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە غەزەپ بىلەن بىر بومبىنى قولىغا ئالدى، شۇ هامان پولك كوماندىرىنىڭ قىزىل را-

كېتا كۆرۈنمىگۈچە ئوت چىقىرىلمىسۇن» دېگەن بۇيرۇقى گۈپپىدە ئېسىگە كەلدى، دۆشمەن ئەسكەرلىرى خۇددى پاراتتىن ئۆتكەندەك غەمسىز ئۆتۈۋاتاتتى، مەپىز پارات قوبۇل قىلىۋاتقاندەك دۆشمەنگە تىكىلىپ تۇراتتى، ئۇ دەممۇ دەم ئاسمانغا، باش شتاپ جايلاشقان چاتقاللىققا قارايتتى، ئۇ تاقەتسىزلىنەتتى، «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھاۋا بوشلۇقىنى بىر قىزىل يىپ يېرىپ ئۆتتى. مەپىز:

— مېنىڭ قولۇم ئەمەس، سادىر بوۋامنىڭ قولى، — دەپ قولىدىكى بومبىنى دۆشمەن ئۈستىگە تاشلىدى، كەينى-كەينىدىن ئېتىلغان بومبىلار دۆشمەن ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا پارتلاپ، ئىس-تۈتەك، توپا-چاڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ساي ئىچىدە «گۈمبا-گۈمباڭ» قىلىپ پارتلىغان ئاۋازلار ياڭرىدى، پارتلاش سادالىرىدىن ساي ئىچىلا ئەمەس، تاغۇ-تاشلارمۇ لەرزىگە كەلدى، دۆشمەننىڭ ئالدى، ئىككى يېقىنىدىن پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىق ئوقلىرى يېغىشقا باشلىدى، ساي ئىچىنى ئىس-تۈتەك قاپلىدى. دۆشمەن ئەسكەرلىرى چۈشۈۋاتقان بومبىلارنى كۆرۈپ، ئاسمانغا قارايتتى، ئۇلار ئايروپىلاندىن بومبا تاشلاۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۆزلىرىنى ساي قىرىدىغا، دەرەخ، چاتقاللىقلار ئىچىگە ئېتىشقا باشلىدى، ئەمما يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقتىن تىك موللاق چۈشەتتى، ئىڭراشلار ئوق ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ساي ئىچى داد-پەريادقا توشتى. چېرىكلەر پىستراپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. مەپىزنىڭ جەڭچىلىرى ئالتە يەشىك بومبىنى ئېتىپ تۈگەتكەن ۋە مىلتىقلىرىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىغانىدى. قىزىپ كەتكەن مەپىز كاناي ئاۋازىنى ئاران پەرق ئېتەلىدى، سايىنىڭ ئالدى ۋە ئىككى تەرىپىدىن بىردەك «ئۇررا» ساداسى چىقىپ، ئوق، كاناي ئاۋازلىرىنى بېسىپ كەتتى.

مەپىز جەڭچىلىرىنى باشلاپ ئۆڭكۈردىن چۈشۈشىگە پولك ئالاقىچىسىگە روبىرو كېلىپ قالدى، ئالاقىچى:

— يولداش ئودېلېنىيە كوماندىرى، شتاپ باشلىقى سىزنى رازۋېتكا قىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، دۆشمەن ئارقا سەپىگە ئۆتۈپ، ئاچالدىكى پولك بىلەن ئالاقە قىلىدىكەنمىز، — دېدى.

مەپىز جەڭچىلىرىنى ئوڭ تەرەپتىكى تاغ قاپتىلى ئورمىنى ئىچىدىن ئېلىپ كەتتى، بۇ يەرلەر مەپىزگە بەش قولدەك تونۇش ئىدى. ئۇ خېلى ماڭغاندىن كېيىن جەڭچىلىرىنى توختىتىپ، قارىغايلارنى پاناھلاپ تۇرۇپ ئالغا قارىدى، بىر توپ چېرىكلەر پۈتلىرىنى سۆرەپ، ئاچال تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، مەپىز ئۇلار ئۆتۈپ بولغىچە مارلىدى ۋە بىر باتالىئوندەك ئەسكەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. دۆشمەن ئەسكەرلىرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئىلگىرىلىدى.

مەپىز يېرىم كېچىدە جەڭچىلىرىنى باشلاپ قازاسايغا كەلدى، ئودېلېنىيىسىنى ئىسكادرون تۇرۇشلۇق پوزىتسىيىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى پولك شتابىغا كەلدى. شتابتا شتاب باشلىقى نامايەندىن باشقا قويۇق بۇرۇتلۇق، قامەتلىك بىر گېنېرال ئولتۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دوكلاد قىلىشقا رۇخسەت قىلىڭ يولداش گېنېرال!

— رۇخسەت! — دېدى گېنېرال ئىسھاقبېك.

— بىز يول ئۈستىدە بىر باتالىئوندەك دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ تاغدىن ئېنىشىپ، دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ پوزىتسىيەگە ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆردۈق. ئۇقۇشىمىزچە، بۇلار ھەرەمباغدىن قاچقان ئالدۇق دۈشمەنلەر ئىكەن. ئاچالدىكى پولك كوماندىرىنىڭ ئېيتىشىچە، دۈشمەننىڭ توغراسۇ سېپىدا مەغلۇپ بولغىنىدىن خەۋەر تاپقان جىڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى قوماندانلىقى تۆت يۈز كىشىلىك بىر باتالىئون ئەۋەتىپتۇ.

— ياخشى، قايتىپ دەم ئېلىڭ، — دېدى ئىسھاقبېك.

— خوپ! — دەپ چىقىپ كەتتى مەپىز.

— دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىمىزنى توسۇپ زەربە بەرگىنىدە گەپ بار ئىكەن-دە، — دەپ ئىسھاقبېك خەرىتىگە ئېڭىشتى. ئۇ قاراسايدىكى گىرەلەشمە جەڭدە يارىدار بولۇپ سەپتىن چىققان پولك كوماندىرى ئورنىغا پولكقا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئىسھاقبېك خەرىتىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، نامانغا دېدى:

— بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەتە دۈشمەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشى مۇمكىن، بىز مۇستەھكەم پوزىتسىيە تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپلا قالماي، ئۇزۇل-كېسىل زەربە بېرىشىمىز كېرەك. مانا قاراڭ. دۈشمەن مۇنۇ يەردە، بىز مۇنۇ يەردىن مۇنۇ يەرگىچە تاقا شەكلىدە پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز كېرەك، سىز بىر ئىسكادروننى زاپاسقا قالدۇرۇپ، قالغان ئىسكادرونلارنى مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرۇڭ، بۇنى كوماندىرغا دەرھال ئۇقتۇرۇڭ.

— خوپ، گېنېرال!

ئەتىسى ئىسھاقبېك مۆلچەرلىگەندەك، قورال، ئەسكەر سانى جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن دۈشمەن پۈتۈن كۈچى بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك بولدى، جەڭچىلەر چىدام بىلەن دۈشمەننىڭ بىرنەچچە قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۇردى، لېكىن دۈشمەن قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك قايتا-قايتا ھۇجۇم قىلدى. ئىسھاقبېك دۈشمەننىڭ خېلى ھالسىرىغانلىقىنى كۆرۈپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بەردى، كانايچى «تى-تى-تا-تا-تا» قىلىپ، ھۇجۇم سىگنالى چالغان ھامان مۇداپىئەدە ياتقان جەڭچىلەر بىردەك ئورنىدىن تۇرۇپ، «ئۇررا» بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. دەسلەپكى گىرەلەشمە جەڭدىن كېيىن، چېرىكلەر چىداشلىق بېرەلمەي قاچتى. شۇ ھامان ئالاقىچى دۆلەتكەلدىنىڭ ئىسكادرونى يوشۇرۇنۇپ ياتقان جىلغىغا ئات سېلىپ كەلدى:

— شتاب باشلىقى ھۇجۇمغا ئۆتسۇن، دەيدۇ!

— ئالغا! — دۆلەتكەلدى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئات سالدى.

دۈپۈلدىگەن قويۇق ئات تۇيىقى قاراسايىنى بىر ئالدى.

— ئۇر، چاپ، قىر، — دەپ مەپىز ئاق بوز ئېتىنى قېچىۋاتقان چېرىكلەر ئۈستىگە باستۇرۇپ باردى، ئۇ قىلىچىنى ئوڭ-سولغا چېپىپ، قول كۆتۈرگەنلەرگە تەگمەي ئال-

غا كېتىۋەردى. ئات تۇيىقىدىن ئاپئاق قارلار ئۇچۇپ چىقاتتى، توغراسىزدىن ھالقىغاندا، ئاچالدىكى پولك قاچقان دۈشمەننى توسۇپ زەربە بەردى. ئوتتۇردا قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى پاتىپاراق بولۇشۇپ، قوراللىرىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ تەسلىم بولدى. دۈشمەننىڭ بىرنەچچە مىڭ ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەسكەرلىرىلا جىڭغا قېچىپ كەتتى.

قىسىم جىڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاچال توقايلىقىغا ئورۇنلىشىپ، جىڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. چۈنكى ئاچال جېڭى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، دۈشمەننى مۇداپىئەگە ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلغانىدى. 12-ئاينىڭ 27-كۈنى سۈيدۈڭ ئازاد بولدى، 1945-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى كۈرە ھەربىي رايون گارنىزونى سۇلھى بىلەن تەسلىم بولدى. سۈيدۈڭ، كۈرەنى ئازاد قىلغان ئۈچ ئەترەت ئۇرغۇن قوراللارنى غەنىيمەت ئالدى، ئاندىن شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى باشلاندى. غېنى باتۇر، مەخپىر تۆرە، مەنسۇر قاتارلىقلارنىڭ قىسىملىرى سىمپىتوزا، سايرام، ئارشاڭ ناھىيىسى، بورتالا ناھىيىلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئازاد قىلدى.

ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن گومىنداڭ 45-دىۋىزىيىسىنىڭ كاتىپبېشى گېنېرال گوچى ئالدىنقى سەپتىكى جەڭگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىغا يەنە تاللانغان قوراللىق قىسىملار، ئارشاڭ، سايرام، بورتالا، ئۇتەيلەردىن قاچقان گومىنداڭ قىسىملىرىمۇ ئۆتتى. ئىسھاقبېك جىڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، جىڭ ناھىيىسى ئەتراپىغا توپلانغان تېكەس ئاتلىق پولكى، غۇلجا ئىككىنچى پولك، تۇڭگان ئاتلىق پولكى، شىبە ئىسكادرونىدىن بىر بىرىگادا تەشكىل قىلىپ، فرونت قوماندانلىق شتابى قۇردى. ئۆزى بىرىگاد كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ، ئىككى ئاتلىق قىسىمنى باجاڭخۇدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قاچقان دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى، بۇ قىسىملار دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

قوماندانلىق شتابىدىكىلەر چىۋەر تەدبىر قوللىنىپ، جىڭغا بولغان بىۋاسىتە ھۇجۇمنى توختىتىپ، ئەگىپ ئۆتۈپ، شەرقتە شىخوغا، شىمالدا تارباغاتايغا يۈرۈش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن كەڭساي ئىككىنچى ئاتلىق پولكى چۆچەككە، سۈيدۈڭ ئاتلىق پولكى، غۇلجا ئىككىنچى پولكى ۋە يەنە بىر قىسمى شىخوغا يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا دۈشمەن جىڭ بىلەن شىخو ئارىلىقىدا لەيلەپ قالغانىدى. گومىنداڭنىڭ شى يىڭبېك قىسىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى جىڭدا ئىدى. 1945-يىلى 7-، 8-ئايلاردا دۆربىلجىن، چۆچەك، قوبۇقسار، بورچىن قاتارلىق جايلار ئازاد قىلىنىپ، جىڭ ئوتتۇردا پوتەيدەك يېتىم قالدى. شىخوغا ئۆز پولكى بىلەن مەپىزمۇ يۈرۈپ كەتكەنىدى.

ئىشىك چېكىلدى، ئالتۇن رەڭ پاگونىدا ئىككى بالداق، بىر يۇلتۇز پارقىراپ تۇرغان، قىرىق ياشلارنىڭ قىرىنى ئېلىپ قالغان بۇرۇتلۇق ئادەم ئاددىي، قوپال ياغاچ ئۈستەلدىكى مودېلدىن بېشىنى كۆتۈردى:

— كىرىڭ!

ئىشىك ئېچىلىپ ئۇچىسىغا نىل رەڭ گىمناستۇركا، ئاتلىق ئەسكەرلەر گەلەپىسى كىيگەن، بېلىنى تاسما پوتا بىلەن بوغۇپ باغلىغان، پاگونىدا بىربالداق، بىريۇل-

www.uyghurkitap.com

تۈز چاپقىناپ تۇرغان يېڭى كەلگەن كىردى ۋە پارقىراق خۇرۇم ئۆتۈكىنىڭ ئۆكچىلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ ئالقىنىنى چېكىسىگە ئاپاردى-دە:

— يولداش شتاب باشلىقى، بۇيرۇقىڭىزغا بىنائەن «ئازاد ئىشانلىق» غوللۇق ئىككىنچى پولكى بىرىنچى ئىسكادرون رازۋېت ئىزۋوتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى كىچىك لېيتېنانت مەمتىمىن كەلدى! — دەپ دوكلات قىلدى.

— راھەت! — دەپ كوماندا بەردى شتاب باشلىقى، قېتىپ تۇرغان مەمتىمىن قولىنى چۈشۈرۈپ ئازادە تۇردى.

— بۇ يەرگە يېقىنراق كەل! — بۇيرۇدى شتاپ باشلىقى.

مەمتىمىن ئىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، «تارس-تۇرس» دەسسەپ مودېل ئالدىغا كەلدى. شتاب باشلىقى ئىككىنچى قېتىم «راھەت» دېگەندىلا، مەمتىمىن ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، ئۆيگە سەپسېلىشقا باشلىدى. بۇ ئۆي ئەمەس، بەلكى يوغان-يوغان لىملارنى تۆپە-تۆپىسىگە تىزىپ، بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ياسىغان ياغاچ گەمە ئىدى. گەمىنىڭ ئوك تەرەپ تېمىغا ھەربىي خەرىتە ئېسىلغان، يوغان ئۈستەلنىڭ يېرىمىنى ئۈستىگە ھەيكەلتىراشلىق چېۋەر قولىدىن چىققان شىخو شەھىرىنىڭ مودېلى ئىگىلىگەن، ئۈستەلنىڭ بىر بۇلۇڭىدا چېتىگە قويۇلغان ئوتىنچى لامپا گەمە ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. بىر قاراشتىلا بۇ گەمىنىڭ شتاب ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. مايور مەمتىمىنگە باشتىن-ئاياغ بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن چاقىرتىشتىكى مەقسىتىنى دانىمۇ-دانە قىلىپ چۈشەندۈردى:

— مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يولنىڭ قىسىملىرىنىڭ باش شتابى سېنىڭ پىلانىڭنى تەستىقلىدى، تەلىپىڭگىمۇ قوشۇلدى. شتاب سېنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش-ئورۇنداشلىقىڭ ئۇرۇش سېپىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ھازىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «شىخو قولدىن كەتسە، شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ» دېگەن ئەندىشىدە بولغاچقا پۈتۈن ھەربىي كۈچىنى بۇ يەرگە توپلاپ، «ئالتە ئوغرى باندىتلىرى» نى تارمار قىلىمىز، دەپ جاھانغا داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ، بىزمۇ شىخو ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولىدۇ، دېگەن قاراشتا، گومىنداڭچىلار بۇ يەرگە پۈتۈن كۈچىنى سالدى.

شتاب باشلىقىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان مەمتىمىن ھاياجانلانماقتا ئىدى. دۈشمەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى جىڭ، شىخو ناھىيىلىرىگە توپلاپ، قاتمۇ قات مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى قۇرۇپ، ماناستىن، شىخو ئالدىنقى فرونتىغا ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە بۇ كۈچى ئارقىلىق ئىلى ئازاد رايونىنى بېسىۋېلىپ، ئىنقىلابنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇشنى پىلانلىغانىدى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىقى دۈشمەننىڭ بۇ پىلانىغا قارشى «جىڭ ناھىيىسىنى قورشاپ، ئالدى بىلەن شىخونى ئازاد قىلىش، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلىپ، شىخونى شىمالدىن ئىسكەنجىگە ئېلىش» پىلانىنى تۈزدى. پىلان بويىچە، شىخونى ئازاد قىلىش مەركىزىي ئۇرۇش فىرونتى ئېچىلىپ،

سۈيدۈڭ پىيادىلەر پولكى، غۇلجا ئىككىنچى پولكى، موتورلاشقان مۇستەقىل ئىسكادرون، بىرزەمبىرەك دىۋىزىيونى، زاپاس ئالتىنچى پولك ۋە پارتىزانلار ئەترەتلىرى بىرلىكتە 4-سىنتەبىر تاڭ سەھەردە شىخوغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەن سان ھەم قورال جەھەتتە مىللىي ئارمىيەدىن بىرنەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئىدى. شۇڭا مىللىي ئارمىيە دېگەندە زور چىقىمغا ئۇچرىدى، 7-سىنتەبىر كۈنى دۈشمەن بارلىق كۈچىنى توپلاپ ئىككى تانكىنىڭ ھىمايىسىدە پۈتۈن سەپ بويىچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. مىللىي ئارمىيە شىددەتلىك زەربە بېرىپ دۈشمەننى چېكىندۈردى. شىخو بىلەن جىڭنى ئىشغال قىلىنسا، ئۈرۈمچىگە يول ئېچىلاتتى. ئۈرۈمچى ئازاد بولسىلا ئاقسۇ، كۇچا، ئاتۇش، تاشقورغان، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق ۋە خوتەندىكى پارتىزانلار بىر كېچىدىلا كۆتۈرۈلۈپ، گومىنداڭچىلارنى تازىلايتتى. ئەسلىدە ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭچىلار قېچىشقا تەييارلىنىپ بولغانىدى. مەيىز يەنە شىخوغا كېلىپ رازۋېت قىلىش جەريانىدا، گومىنداڭچىلارنىڭ كونا شىخودىن چەيپەيزىگىچە، لەڭخابۇلاقتىن چەيپەيزىگىچە ئۇن يەتتە ئاكوپ كولىغانلىقىنى ۋە ئۇرغۇن پوتەينى ياسىغانلىقىنى كۆرگەنىدى، بۇ پوتەيلەرنىڭ ئىچىدە مەركىزىي ئىستىھكام ئۇۋقتىسى «172-گېنېرالنى پوتەي» ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان، مەيىز بۇ پوتەينى پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى سورىغانىدى، مانا ھازىر ئۇنىڭ شۇ پىلانى تەستىقلىنىپتۇ، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش-ئورۇندىيالماسلىق نامان مايور ئېيتقاندەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭمۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭمۇ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. «بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمەنمۇ؟» دېگەن پىكىر مەيىزنىڭ ئويىدىن كەچمەكتە ئىدى. مايور نامان ئۇنىڭ ئويىدىكىنى سەزگەندەك:

— گومىنداڭچىلار بۇ پوتەيلىرىنى پولات ئىستىھكام دەپ جار سېلىۋاتىدۇ، — دەپ تاياقچە بىلەن مودېلدا كۆرسىتىلگەن پوتەيلەرنى كۆرسەتتى، — سەن پارتلىتىمەن دېگەن «172-گېنېرالنى پوتەي» مانا مۇنۇ، بۇ پارتلىسا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلىدۇ، سەن بىرنەچچە جەڭچىنى تاللاپ يانىدىۋال، كۆپ ئادەم ئالساڭ چېنىپ قالىدۇ، سېنىڭ ئىزىڭدىن دۆلەتكەلدى ئىسكادروننى باشلاپ بارىدۇ، سەن پوتەينى پارتلاتقان ھامان ئۇ ئىسكادروننى بىلەن يانداش پوتەيلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، چېرىكلەر ئىچىدە ۋەھىمە تۇغدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن سەپ بويىچە زەمبىرەك دىۋىزىيونى ئوت ئاچىدۇ، ھازىر شەھەرنى قورشاپ بولغان سۈيدۈڭ بىرىنچى پولكى، موڭغۇلكۈرە پولكى ۋە بىزنىڭ پولكىمىز بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. باشقا پىكرىڭ بارمۇ؟

— پىكرىم يوق، ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا رۇخسەت قىلىڭ!

نامان مايور تاياقچىنى قويدى، ئۇ مەيىزنىڭ قاتقان بەدىنىگە خوپ كەلگەن گىمناستۇركىسىغا، ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزىگە مېھىر بىلەن تىكىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى،-دە، ئۇنى دوستلارچە قۇچاقلىدى ۋە يەنە ئۇنى ئۆزىدىن بىر قەدەم نېرىغا ئىتتىرىپ:

— سىنىڭ بىلەن بىز ئىنقىلاب پارتلىغان كۈندىن بىرى جەڭ قىلىپ كەلدۇق، نۇرغۇن جەڭلەردە پىداكارلىق كۆرسەتكىنىڭ، بۇ قېتىم بۇ پىلاننى سۇنىنىڭ ھەم تەلىپىڭ ئۈچۈن، بۇ ئېغىر ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ساڭا تاپشۇردۇق، ھەرگىز تەمتىرەپ قالما، ساڭا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، خەير، ئاللا يولۇڭغا نۇسرەت بەرسۇن! — دېدى كۆزگە ياش ئالغان ھالدا.

مەپىزنىڭ كىرپىكلىرى نەملەشتى، ئۇ تالاي ئۇرۇشلاردا نامان ئەپەندىنىڭ مۇشۇۋاداق ئىشەنچى، غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭدىن ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆگەنگەن، ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ ساۋاتىنى چىقىرىۋالغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ يەنە ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىدىن ۋە مېھرىبانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ھاياجانلانغان مەپىز:

— خوپ، ۋەزىپىنى بېجىرىشكە رۇخسەت قىلىڭ! — دېگەن سۆزنى ئاران ئاغزىدىن چىقىرالىدى، ئۇ مايورنىڭ باش لىڭشىتقىنىدىن كېيىن، ئوڭ قولىنى شەپكىسىنىڭ كازىروكىغا تەگكۈزۈپ، تېز ئايلىنىپ چىقىپ كەتتى ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر دەقىقە تۇرۇپ، كۆزىدىكى ياشنى سۈرتتى-دە، ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

تۈن نىسپى بولغاندا، مەپىز بىلەن ئىككى جەڭچى تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولدى، ھەتتا ئوبدان ئىزاللىنىۋالدى. ئۇلار بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقان ھامان ئاستا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغىدى، ھە دېگەندە ئۇلارنىڭ يۈرۈشى قىيىنلاشتى. ئۇلار زەمبىرەك، مىنامىيوت ئوقلىرى، ئايروپىلانلارنىڭ بومباردىمان قىلىشىدىن پەيدا بولغان كارىز چوڭقۇرلۇقلارغا دومىلاپ كېتىپ بىر-بىرىنى مېيىپ قىلىۋېلىشتىن ئەنسىرىدى. مەپىز ناھايىتى ئاۋايلاپ ئۆمىلەيتتى. زەمبىرەك، بومبا پىستانلىرى بەدىنىگە پېتىپ ئاغرىتاتتى، تىزى تاشلارغا تېگىپ ئاغرىيتتى، قۇرۇشقا باشلىغان شىۋاقلار قوللىرىنى سىجىۋېتەتتى، ئۇلارنى يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەش چارچىتاتتى، ئەمما ئۇلار جىددىي، سەگەكلىك بىلەن ئالدىغا بېقىپ، بەئەينى ئىلاندەك ئۆمىلەيتتى، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر دىققەت قىلىدىغىنى تىۋىش چىقارماسلىق ئىدى. ئارىلاپ-ئارىلاپ پوتەيدىن ئۇزۇن نۇر شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا مەپىزلەر يەرگە مىخلىۋەتكەندەك چاپلىشىۋالاتتى. بىر چاغدا ئۇلار قىيپاش تۈزلەڭگە كېلىپ قالدى، بۇ ئەڭ خەۋپلىك، پاناھلانغۇدەك بىرەر تام ياكى گىياھ يوق ساسلىق يەر ئىدى. بىردىن كۈچلۈك نۇر شولىسى چۈشۈپ، ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. مەپىز بېشىنى ئىچىگە تىقىپ قىمىرلىماي يېتىۋالدى، نۇر ئۆچكەن ھامان ئالغا ئوخچىدى، ئۇنىڭ ئىككى جەڭچىسىمۇ كەينىدىن قالماي، يەنە يەر بېغىرلاپ ئىلگىرىلىدى. قانچە ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، مەپىزلەر شۇ ئۆمىلىگىنىچە تۇيدۇرماي، ئېگىز تاشلار چوقچىيىپ تۇرغان يەرگە كەلدى. ئۇ كەينىدىن قالماي ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان شېرىكلىرىگە قاراپ، تۋاي بىلەن توختاش ئىماسى قىلدى. ئاندىن بىر ئېگىز تاشنى پاناھ قىلىپ، ئۈچ قەۋەتلىك «172-گېنېرالنى پوتەي»گە تىكىلدى. پوتەينىڭ ئاستىدا بىر چوڭقۇر ئاكوپ قارىيىپ تۇراتتى، «پوتەيلەرنى ياقىلىتىپ قېزىلغان خەندەك مۇشۇ ئىكەن-دە، كەپتۇق»، ئۇ خۇشال بولۇپ پىچىرلىدى ۋە ئالغا ئىنتىلدى. بىراق تۇساتتىن بىرنېمىنىڭ تاشقا تەگكەن ئاۋازى چىقتى، ئۇ

ئاۋاز بىلەن تەڭ پوتەينىڭ تۆشۈكىدىن پىلىموت ئوقلىرى يېغىشقا باشلىدى، پىلىموت-
نىڭ ئاۋازى مەيىزنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەپ، كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. بۇنىڭ-
غا جور بولۇپ، تۆۋەنسى بۇزۇلغان ھەرىدەك، ھەممە پوتەيلەردىن ئوق يېغىشقا، كىچ-
لىك چىراغ نۇرى مەيداننى يورۇتۇشقا باشلىدى. مەيىزنىڭ كۆزىگە پوتەيلەردىن ئۇرۇق
ئەمەس، ئوت ئۇچۇپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ بېشىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈۋاتقان
ئوقلار ئۇنى يەرگە چاپلىۋەتتى. ئوقلارنىڭ ئۇ پاناھلىنىپ ياتقان تاشقا تېگىپ چىقارغان
ئەكس سادالىرىدىن مەيىز خۇددى مېڭىسىگە ئوق تەگكەندەك شۈركىنىپ كەتتى، مە-
يىزنىڭ كاللىسىغا مىڭ بىر خىياللار كەلدى. «ھەي ئىست، تارتقان جاپايىمىز بىكار-
غا كېتەرمۇ، ۋەزىپە ئورۇندالماي يەرگە قاراپ قالارمەنمۇ، ھەي، ھەممىنى قىلغان
يارەمچىلىرىم، قولۇڭلاردىكى نەرسىلەرنى بىرەر نەرسىگە ئۇرۇۋالماڭلار، تېنىش چىقار-
ماسلىقىنىڭ ئۆزى بىر غەلىبە، دەپ شۇنچە قىلىشقا قىزىپ قويسامۇ يەنە تاشقا ئۇرۇ-
ۋالغىنىنى قارىماي دېسام، يەنە كېلىپ پوتەينىڭ يوشۇرۇنمىسدا، ئەجەل ئېغىزىدا. ئەمدى
قانداق قىلىشىمىز؟» تاشقا تەگكەن ئوقنىڭ ئەكس سادالىرى ئۇنىڭ پىكرىنى بۆلۈۋەتتى.
ئۇ قاڭشا بۇرنىنىڭ ماكچىيىپ ئاغرىغىنىنىمۇ سەزمەي، تۆشۈكنى يەرگە قاتتىق تى-
رىدى. ئۇ ئۆزىنى باقىي دۇنياغا كەتتىم، دەپ ھېسابلىغانىدى. لېكىن مېڭىسىنىڭ توخ-
تىماي ئىشلەۋاتقىنىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ بىر ئازدىن
كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كەينىگە قارىدى، پوزىتسىيە تەرەپ تىمتاس ئىدى، پۈتۈن
فرونتتا يالغۇز ئۆزى قالغاندەك، بىرەر چىراغ يورۇقىمۇ، بىرەر ئوت تۇچقۇنىمۇ كۆ-
رۈنمەيتتى. ئۇ ئىككى قولىدىكى گراناتنى يەرگە تەگكۈزمەي جەينەكلەپ ئالغا سىلجى-
دى ۋە خەندەك قىرىغا كېلىپ توختىدى. تاختاي كۆتۈرگەن جەڭچى ئۇنىڭ يېنىغا
كېلىپ ياتتى. ئەمما ئۇچىنچى جەڭچى كەلمىدى. «ھىم، پوتەينى پارتلىتىش ئىككى-
مىزگىلا قاپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى مەيىز ۋە يېنىدىكى جەڭچىگە خەندەككە تاختاينى
قويۇش ئىشارىسى قىلدى. مەيىزنىڭ ئالدىدا خىشتىن قوپۇرۇلۇپ ياسالغان ئۈچ قەۋەت-
لىك پوتەي چوقچىيىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ھەربىر قەۋىتىدە ئىچىش تۆشۈكلىرى بار ئى-
دى، مەيىز شىرىكىگە ھەرىكەت پىلانىنى چۈشەندۈردى، شېرىكى بىر بېشىغا پىششىق
چىگە باغلانغان تاختاينى ئاستا چۈشۈرۈپ، خەندەكنىڭ ئىككىنچى قىرىغا قويدى،
قولىدىكى گراناتلارنى كەينى ـ كەينىدىن پوتەيگە ئاتتى. ئەمما گرانات تۆشۈك-
كە چۈشمەي تامغا تېگىپ پارتلىدى، مەيىز تاختاينى بىرلا دەسسەپ خەندەكتىن ئۆ-
تۈۋالدى. شۇ ھامان پىلىموتلار تاتىلداشقا باشلىدى. ئوقلار خەندەك ئەتراپىغا چۈش-
مەكتە ئىدى. مەيىز شېرىكىنىڭ تاختايدىن ئۆتۈۋېتىپ پولاڭلاپ يىقىلغىنىنى غىل-
پال كۆرۈپ قالدى، ئۇ پىلىموت ئوقى تەگمەيدىغان يەرگە بېرىۋالغانىدى. دۈشمەن
پۈتۈن فرونتنىڭ تەقدىرىنى ئۆز پايدىسىغا ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەيىزگە قارىتىپ
گرانات تاشلىدى، مەيىز ئۆز ھاياتىنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانلىقىنى
كۆرۈپ، «تەۋەككۇل خۇدا» دېدى ـ دە، دۈشمەن ئالدىغا تاشلىغان گراناتنى ئىتتىك
ئېلىپ، تۆشۈككە ئاتتى، گرانات تۆشۈك ئىچىگە كىرىپ پارتلىدى. مەيىز بېلىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گراناتلارنى ئېلىپ، كەينى-كەينىدىن، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەت تۆشۈكلەرگە ئاتتى، ئاندىن پوتەي تۆۋىگە بېرىۋالدى. پوتەي ئىچىدە «گۈلدۈر-گۈلدۈر» قىلغان پارتلاش ساداسى بىلەن تەڭ تۆشۈكلەردىن ئىس-تۈتەك كۆتۈرۈلدى، پوتەيدىكى دۈشمەنلەر ۋەھىمە بىلەن ئۆزلىرىنى خەندەككە تاشلىدى. مەيىز مۇردىسىگە ئېسىۋالغان دىكتار پىلىموتنى ئېلىپ ئۇلارنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتتى ۋە يەنە بېلىدىكى گراناتلار تامام تۈگىگىچە پوتەيگە گرانات تاشلىدى. پوتەينىڭ ئۈچىنچى قەۋىتى ئىچىگە گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى، كۈچلۈك پارتلاش بىلەن تەڭ پوتەي ئۈستىدىن لاۋۇلدىغان ئوت ئۇچقۇنى كۆتۈرۈلدى.

بۇ، تاڭ سۈزۈلۈپ قالغان چاغ ئىدى. بىردىن مىللىي ئازادلىق فرونت تەرەپتىن گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ گۈلدۈر-قاراس ئىچىدە مەيىز تىنىماي ئوق ئۈزۈۋاتقان ئوڭ تەرەپتىكى پوتەينىڭ ئىشىكىگە يۈگۈردى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا بىردەك «ئۇررا!» ساداسى ياڭرىدى. بۇلار دۆلەتكەلدىنىڭ ئىسكادرونى ئىدى. ئۇلار گراناتلار بىلەن پوتەيلەرنى پارتلىتىشقا باشلىدى. مەيىز ئوڭ تەرەپ پوتەيدىكى دۈشمەنلەرنى ئۇجۇقتۇرۇپ چىقىپ ئىسكادرونغا قوشۇلۇپ كەتتى.

مەسئۇل تەھرىرى: سارەم ئىبراھىم

---

(بېشى 85 - بەتتە

ئاچچىق گەپلەرنى قىلىپ، ئۆزى ئۇچۇنسۇ، دوستى ئۈچۈنمۇ ئىچ-قارنىنى بوشىتىۋالماقچى بولدى-يۇ، قۇربى يەتمىدى. تىلى قېتىپ، ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك زادىلا مىدىرلىمىدى. كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ياش مونچاقلىرى مەڭزىنى نەمەدىدى، خېلىدىن كېيىن يۈزلىرىنى تۇتقىنىچە ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى. يۈرىكىنى بولسا، ئاق كۆڭۈل دوستى دىلبەرنىڭ كەلگۈسىدىكى نامەلۇم تەقدىرى ئەزمەكتە ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرۇشقا تاقىتى قالمىغانىدى. ئۇ دەرھال يىغىسىنى توختىتىپ، چامىدانىنى قولغا ئېلىپ، بوسۇغىغا يېقىنلىشىشىغا يىراقتا كېلىۋاتقان دىلبەرنى كۆردى-دە، چامىدانىنى پۇتلىرى ئاستىغىلا قويۇپ، يۈز-كۆزلىرىدىكى ياش-يۇقىنى ئالدىراپ سۈرتۈشكە باشلىدى...

*　　*

«پ» ناھىيىسىگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇس سائەت ئىككىدە قوزغالدى. دىلبەر بىلەن ئادىل بېكەتتىكە گۈلخۇمارنى ئۇزىتىپ چىقتى. ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىدە گادىرماچ ئوي-خىياللار كەزمەكتە ئىدى. لېكىن ئۇلار سۈكۈت قىلىۋاتاتتى. ئۇلار مەڭگۈ سۈكۈت ئىچىدە ئۆتەمدۇ ياكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرسىنىڭ نەپسى ئىككىسىنىڭ يۈرەك يارىسىغا تىغ تەگكۈزۈپ، بۇ سۈكۈتنى تۈگىمەس جاڭجالغا ئايلاندۇرامدۇ، بۇنى ھازىرغىچە بىلىپ بولمايتتى...

مەسئۇل تەھرىرى: روزىمەھەممەت جامە




دىلبەر ھامۇت

# بىچارە دادام

(ھېكايە)

ئۆيگە كېتىۋاتىمەن. ياق، ئۆيگە ئەمەس، مېنى ھاياتتىن بەزدۈرىدىغان، قايغۇ-ھەسرىتىمنى كۆچەيتىدىغان قورقۇنچلۇق مۇھىتقا قاراپ كېتىۋاتىمەن... ھاۋامۇ پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بىراق، مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا نېمىشقا زادىلا ئۆزگىرىش بولمايدىغاندۇ؟...

مەكتەپتە ئوقۇش جىددىيچىلىكى بىلەن بىرنەچچە سائەتنى غەمسىز ئۆتكۈزگەنىدىم. ئەمدى يەنە ئۆيۈمگە كېتىۋاتىمەن. ساۋاقداشلىرىم، دوستلىرىم ئۆيلىرىگە ئالدىراشماقتا. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلى خۇش، ماڭا بولسا ئۆيگە بېرىش شۇنچىلىك ئېغىر ھەم كۆڭۈلسىز...

ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كەلدىم. شۇ ھامان پۇت-قوللىرىمغا تىترەك ئولىشىپ، ۋۇجۇدۇمنى ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى. ئاپام بىلەن ئاكام يەنە ئۇرۇشقان، بىر-بىرىگە تەتۈر قارىشىپ ئولتۇرۇشقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كۈندە دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالغۇ...

قورققان ھالدا ئىشىكنى ئاچتىم. ئانامنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى، ئاكامنىڭ يېرىلىپ كېتىشكە ئازلا قالغان تۇرقىنى، دادامنىڭ پۈرقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتقان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم. لېكىن ئۆيدە ھېچكىم كۆرۈنمىدى. يۈرىكىم بىر ئاز ئورنىغا چۈشكەندەك بولۇۋىدى، تاشقىرىدىن بەش ياشلىق سىڭلىم كىردى.

— ئانام، داداملار قېنى؟

— دادام ئاكامنى ئۇردى. ئاندىن ئانام چىقىپ كەتتى...

سىڭلىمنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىكى ياش يۇقىنى، ئاۋازىدىكى مەيۈسلۈكنى سېزىپ، يۈرىكىم سىقىلدى. بىراق، ئۆزۈمنى زورغا بېسىپ، خاپىلىق، دەرد-ئەلەم ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئائىلەمدىن تېزىرەك ئايرىلىشقا ئالدىرىدىم.

ئانامغۇ قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتكەندۇ. بىراق، ئاكام نەگە كەتكەندۇ؟

www.uyghurkitap.com

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۆيدىن رەنجىپ قالسىلا، سىرتتا قونۇپ قالىدىغان ئادەتنى تېپىۋالدى. نەدە ياتقانلىقىنى ھەتتا دادامغىمۇ دېمەيدۇ.

مەنغۇ ئۆز ئانامنى بىلمەيمەن. ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ، ھازىرقى ئانامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدۇم. ئۆگەي ئانام مېنى ئۆز قىزىدەك تەربىيىلىدى. ئانىلاردا بولىدىغان چەكسىز مېھرى-مۇھەببەتنى ئۆگەي ئانامنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېس قىلدىم. ئانىنىڭ قانچىلىك كۆيۈمچان ھەم جاپاكەش بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئائىلىمىزدىكى ئورنىغا قاراپ چۈشەندىم. ئۆگەي ئانامنىڭ يۈكى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، خىزمەتنىڭ، ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. بىزنى خۇش قىلىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمايتتى. ئۆگەي ئانام ھەقىقەتەن مېھرىبان ھەم بەختسىز بىر ئانا ئىدى. مېنىڭ ئۆگەي ئانامنى بەختسىز دېيىشىم ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس. چۈنكى، ئاكام ئۇنى ئۆيگە كىرگەن كۈندىن باشلاپ ئۆلگۈدەك يامان كۆرۈپ كەلدى. ئۆگەي ئانامنىڭ بارلىق غەمخورلۇقلىرىغا قوپاللىق بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. ئاكام ئائىلىنىڭ غەۋغاچىسى بولۇپ، شۇلا جېدەل قىلمىسا، ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى ھەرگىز بۇزۇلمايتتى. ئاكام ھە دېسىلا ئۆگەي ئانىمىزنى تىللايتتى، كىچىك سىڭلىمنى سەۋەبسىز ئۇراتتى. بىرنەچچە قېتىم دادام، ئانام يوق چاغدا ئاكام مېنى چاقىرىۋېلىپ:

— ئۆيدىكى خوتۇن بىزنىڭ ئانىمىز ئەمەس. ئۇ دادامنى يولدىن ئازدۇرغان بۇزۇق خوتۇن، — دېگەنىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئاكام ئۆگەي ئانامنى ئورۇنسىز رەنجىتكەن بىر كۈنى دادام ئاكامغا نەسىھەت قىلدى. ئاكام بولسا يىغلاپ تۇرۇپ:

— سەن ماڭا گەپ قىلما. نېمىشقا بىزنىڭ ئۆز ئانىمىز يوق؟ — دەپ ۋارقىرىدى. شۇ چاغدا دادامنىڭ ئاكامنى ئۇرۇشقا كۆتۈرۈلگەن قولى پەسكە چۈشۈپ كەتتى. قولىلا ئەمەس، بېشىمۇ تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى. ئۆگەي ئانامنىڭ كۆزلىرىمۇ ياشقا تولدى ...

مەنغۇ ئۆگەي ئانامدىن رازى. شۇنداقتىمۇ، ئاكامنىڭ سۆزى پات-پاتلا قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرايدۇ. راست، نېمىشقا بىزنىڭ قېشىمىزدا ئۆز ئانىمىز يوق؟

مەن دائىم شۇنداق ئويلايمەن: ئۆز ئانىمىزدا مەن ئىلگىرى زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغان باشقىچە بىر مۇھەببەت، باشقىچە بىر يۈرەك بولسا كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ئاكام نېمىشقا ئۆگەي ئانىمىزنى زادىلا ئانا قاتارىدا كۆرمەيدۇ؟ نېمىشقا مەنمۇ ئۆزۈم ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئۆز ئانامنى مۇنچە سېغىنىمەن؟ نېمىشقا دائىم چۈشۈمدە كۆرىمەن؟! خىيالىي رەۋىشتە تەسەۋۋۇر قىلىمەن؟!...

ئۆز ئانامنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلگەن قوشنىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئانام ھازىرمۇ يېزىدا تۇرىدىكەن، قايتا ياتلىق بولماپتۇ. كۈن بويى ئاكام ئىككىمىزنىڭ غېمىنى يەيدىكەن ... ئاھ، سۆيۈملۈك ئۆز ئانام! شۇ تاپتا نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانسەن؟ قانداق خىياللار ساڭا تەسەللى بولىدىغاندۇ؟ سېنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى؟! بىراق ...

ئۆگەي ئانام ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چاغلاردا، داداممۇ يېزىدىن بىللە ئاشۇ-

روشقا كەلگەنىكەن. شەھەر تۈرمىسىدە تېزلا ئۆلگىنىپ قالغان دادام ئۆزىنىڭ ئايالى بارلىقىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپتۇ. كېلىشكەن تەقى-تۇرقى ھەم خۇشلۇقى بىلەن بىرنەچچە قىزنى ئۆزىگە ئاسانلا رام قىلىۋاپتۇ. ئۆگەي ئانام دادامغا بېرىلىپ ئاشىق بولغانلارنىڭ بىرىسىكەن. ئۇلار توي قىلىدىغان بوپتۇ. ئۆز ئاناممۇ دادامنىڭ شاللاقلىقىنى كەچۈرەلمەي ئاكام بىلەن مېنى دادامغا تاشلاپ بېرىپتۇ. دادامنىڭ ئادەتتىكى تەمكىن، سۇرلۇك سىياقىغا، ئاق كۆڭۈللۈك ئىپادىلىنىپ تۇرغان مېھرىبان كۆزلىرىگە قارىسام، بۇنداق سۆزلەرگە ئەسلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. لېكىن بۇ راستىنلا شۇنداق ئىدى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئاكامنىڭ ئۆگەي ئانامنى رەنجىتىشلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەتتا دادامغىمۇ ياندىغان بولۇپ قالدى. ئۆگەي ئانامنىڭ چىرايىدىكى خۇشخۇيلۇق غەم-قايغۇ بىلەن ئالماشتى. كۆزلىرى دائىم ئىششىپ قالىدىغان بولدى. ماڭىمۇ ئائىلىنىڭ خۇشاللىقىمۇ يىغا ئارىلاشقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھەر قېتىم جېدەل بولسا ئۇچۇقۇپلا كېتەمەن. دەرسلەرمۇ زېھنىمگە چۈشمەيدۇ. كۈنلەر زېرىكىشلىك، مەنىسىز بىلىنىدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ كەلگۈسى زادى قانداق بولار؟...

بۈگۈنمۇ ئۆيگە كېتىۋاتىمەن. كۆزلىرىمدە يوشۇرۇپ بولمايدىغان ئەلەملىك ياش تامچىسى، قەلبىمدە بولسا چىداپ بولمايدىغان ئازابلىق تۇيغۇلار...

ئەمدى ئائىلىدە ماجىرا چىقىرىدىغان ئاكام يوق. ئۇ ئاخىرقى قېتىملىق جېدەلدىن كېيىن قاياققىدۇر يوقالدى. يۈرىكى يىغلاپ تۇرسىمۇ، بىزنى كۈلۈپ قارشى ئالىدىغان ئۆگەي ئانامىمۇ يوق. ئۇ سىڭلىمنى ئېلىپ باشقا يۇرتقا يۆتكىلىپ كەتتى. بۇ جېدەل مۇنداق بولدى: بىر كۈنى ئاكام دادامنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، كىچىككىنە سىڭلىمىزنى:

— بۇزۇقنىڭ بالىسى، ئۆيدىن قاچان يوقىلىسەن؟ — دەپ تىللىۋىدى، ئۆگەي ئانام قاتتىق كايىدى. ئاكام دەرغەزەپ بىلەن:

— سېنىڭ مېنى بالام دېيىشكە نېمە ھەققىڭ بار؟ ئۆيدىن تېز يوقال. بولمىسا، يا سېنى ئۆلتۈرىمەن، يا ئۆزۈمنى... ئانامنى ۋەيران قىلغان سەن ئەمەسمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىغانىدى، ھەممىمىزلا قورقۇپ كەتتۇق. ئاكامنىڭ شۇ چاغدىكى ئەلپازى راستىنلا قورقۇنچلۇق بولۇپ، كۆزلىرىدىن چەكسىز نەپرەت، ئۆچمەنلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى ئۆگەي ئانامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى، مەنمۇ ئازابلىنىپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. مۇھەببەت دېگەن بەكمۇ قورقۇنچلۇق نەرسە بولسا كېرەك. بولمىسا، ئۆگەي ئانام ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاشۇ چىراي، ئېغىر-بېسىق، خۇشخۇي مىجەزى بىلەن دادامدەك ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەمگە ياتلىق بولارمىدى؟!...

شۇ ئاخشىمى مەن ئۆگەي ئانامنىڭ دادامغا:

— بىز ئايرىلىپ كېتەيلى. بالىلار ئۆز ئانىسىنى ئۇنتالمىدى. ئۇلار ئۆز ئانىسىغا موھتاج. مۇرات ئۆگىنىشتىمۇ چېكىنىپ كەتتى. بالا بارغانسېرى تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېۋەتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. دەسلەپ خۇشال بولدۇم. كېيىن مۆك-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لىنىپ قالدىم. چۈنكى مەن ئۆگەي ئانامنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇماق، مۇلايىم سىڭلىمغا تېخىمۇ ئامراق ئىدىم. قوشنىلارمۇ ھەمىشە:

— سىڭلىڭ ساڭا بەك ئوخشايدۇ، — دېيىشەتتى. ئەمدى ئۇ قانداق بىر ئۆگەي ئاتىنىڭ قولىغا چۈشەر؟ ئۇنىڭ بېشىغا قانداق كۈلپەتلەر كېلەر؟...

ئۆز ئانامچۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئائىلىمىزگە تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئارزۇ قىلىمەن. ئۆز ئانىسى بولسا قانداق بولىدىغاندۇ؟ بەلكىم ئۆز ئانام ئۆگەي ئانامغا قارىغاندا تېخىمۇ چىرايلىقتۇ، بەكمۇ مېھرىباندۇ. ئۆز ئانىسى بارلار قانچىلىك بەختلىك باللار - ھە!

لېكىن ھازىر ھېچكىم يوق. پەقەت ئۈچ بالىنى تىرىك يېتىم قىلغان، ئۆز ئانامنىمۇ، ئۆگەي ئانامنىمۇ بەختسىزلىككە ئۇچراتقان باغرى تاش دادام بىلەن مەنلا قالدۇق. نېمىشقا مۇشۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن؟...

تاماكا ئىسى بىلەن لىق تولغان ئۆيگە كىردىم. دادام قېتىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنىڭ كىرگىنىمنىمۇ تۇيمىدى. دادامغا قارىغۇم، سۆزلىگۈدىمۇ كەلمىدى. ئېھتىمال، ئۇ ئازابلىنىۋاتقاندۇ؟ ياكى خىجىل بولۇۋاتقاندۇ. ئەمدى نېمىگە پايدىسى؟ نېمىشقا ئەينى ۋاقىتتا بىزنى، ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى — شور پېشانە ئانامنى ئويلىمىدى؟!

— قىزىم، ئاشپۇزۇلدىن تاماق ئەكىرىپ قويغان، ئىسسىقىدا يەۋالغىن، — بوغۇلغان بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى.

ماڭا گەپ قىلغان كىشىگە مەنسىتمەسلىك، ئەلەملىك نەزەر بىلەن تىكىلدىم. شۇ ھامان يۈرىكىم جىغىدە قىلدى. دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن، دادام بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا تۈگىشىپ كېتىپتۇ. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ كۆزلىرىنى تىكىپ ماڭا كۈلۈمسىرىدى. ئەمما ماڭا دادام يىغلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. دېمىسىمۇ دادام ياشلانغان كۆزلىرى ئارقىلىق مەندىن ئامالسىزلارچە كەچۈرۈم سوراۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە پۇشايمان، ئازاب، خىجىللىق ئالامەتلىرى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بىردىنلا ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن خاپىلىقلىرىم، ئاچچىقلىرىم تارقاپ، قەلبىم شۇررىدە ئېرىدى. دادامغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتىم...



مەنغۇ كەچۈردۈم. بىراق، ئۇزۇن يىللار تاشلىۋېتىلگەن بەختسىز ئانام، ئىز - دېرىكى بولمىغان سەرگەردان ئاكام سىزنى كەچۈرەرمۇ؟ ئاھ بىچارە دادام!

مەسئۇل تەھرىرى: ئارسلان

تۇرسۇن زىرىدىن

# كۆڭلۈم كۈيلىرى

## ئاق توشقان

ئاپئاق ـ ئاپئاق ئاق توشقان،
ئۇزۇن قۇلاق ساق توشقان.
چۆپ ئېلىپ كەلدىم مەن ساڭا،
كۆزۈڭ تىكىپ باق توشقان.

چۆپنى كۆرۈپ يايرايسەن،
كىرتىلدىتىپ چاينايسەن.
قۇلىقىڭنى دىڭگايتىپ،
يەم بەرگىن دەپ مارايسەن.

بىللە ئويناپ سەن بىلەن،
خۇشال ـ خۇرام ئۆتىمەن.
ياخشى يەم ـ چۆپ تەييارلاپ،
سېنى ئوبدان كۈتىمەن.

ھەسەن تىلىۋالدى

## بىلسەم بىلگۈم كېلىدۇ

مېنىڭ دادام بەك ياخشى،
مېنى ياخشى كۆرىدۇ.
سورىغاندا ھەر نېمە،
توغرا جاۋاب بېرىدۇ.

جاۋابىدىن مەن خۇشال،
ئۇنى ئەستە تۇتىمەن.
سوئال ئىزدەپ بەزىدە،
خىياللارغا چۆكىمەن.

بىلىۋالدىم مەن سوراپ
دادامدىن كۆپ بىلىمنى.
ئۆگەنگەن بىلىملىرىم،
روشەنلەتتى كۆزۈمنى.

## قويما مېنى توختىتىپ

جېنىم دادا، مەكتەپتىن،
قويما مېنى توختىتىپ.
ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن،
قويساڭ ئەگەر ئوقۇتۇپ.

بۇ ئىش مېنىڭ ئېشىمغا.
كەلمەس، دادا، مۇناسىپ
سالماقچىسەن ئىشىڭغا.
مەكتىپىمگە بارغۇزماي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى

ئىلىم ـ پەننىز ھەرگىزمۇ
يۈكسەلمەيدۇ ئىشىمىز.
كىچىككىنە نەپ بىلەن
كۆككە يەتمەس بېشىمىز.

جېنىم دادا، توختىتىپ،
قويما مېنى مەكتەپتىن.
ئالاي دىلغا كۈچ ـ قۇۋۋەت،
ئىلىم ـ پەندىن، ھېكمەتتىن.

## مەغرۇرلۇقنىڭ ئاقىۋىتى

ئەكبەر بولۇپ ئەلاچى،
يېرىم يىللىق سىناشتا.
شەرەپ گۈلى تاقىدى،
مەكتىپىمدە ئەڭ باشتا.

سىغماي قالدى كۆرەڭلەپ،
شۇندىن كېيىن تېنىگە.
ئۆگەنمىدى تىرىشىپ،
كىرىپ ئويۇن كەينىگە.

ئىشلىمىدى تاپشۇرۇق،
ئۆيىگە كېلىپ ۋاقتىدا.
سىنىپتا ئۇ گەپ سېتىپ،
زەن قويمىدى ساۋاققا.

يامان ئىللەت مەغرۇرلۇق،
ئاڭا زىيان سالغاچقا.
ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي،
قالدى كۈزلۈك سىناشقا.

## مومام

مومام مېنى ئاچايىپ،
تەربىيىلىگەچ «كۆيۈنۈپ».
ئەكە بولۇپ ئۆستۈمەن،
بەتخەجلىككە ئۆگىنىپ.

ئۆتكۈزسەممۇ سەۋەنلىك،
ماختايتتى ئۇ ئاپامغا.

يول قويياتتى بەزىدە،
مەكتىپىمگە بارمىسام.
قىلچە كارى يوق ئىدى،
گەپكە قۇلاق سالمىسام.

دوستلار بىلەن ئۇرۇشۇپ،
قالسام مېنى ئاقلايتتى.
باتۇر نەۋرەم دەپ تېخى،
كۆز ئالدىمدا ماختايتتى.

شۇ ئاق كۆڭۈل مومامنىڭ،
چۈشەنسەممۇ كۆڭلىنى.
تەگدى ماڭا ئۈنۈمكى،
«شەپقىتىنىڭ» زىيىنى.

نېمە دېسەم مەيلى، دەپ،
قويۇپ بەرگەچ مەيلىمگە.
دەرسلەردە چېكىنىدىم،
ئىلگىرىلىمەي كەينىمگە.

بەڭباشلىق قىپ بويسۇنماي،
كەلگەچ ئەخلاق ـ ئەدەبكە.
دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ،
يېتىم قالدىم مەكتەپتە.

ئەمدى چەكسىز «شەپقەت» نىڭ،
زىيىنىنى چۈشەندىم.
تەربىيىنىڭ كۈچىگە،
قايىل بولدۇم، ئىشەندىم.

مەمتىمىن ھوشۇر

# ئايخان

(ھېكايە)

1

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغ-
رىسىدا گەپ بولسىلا، «ساز مەھەللە» دې-
گەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئايخان كېلىدۇ. ئۇ-
غۇ بىرەر گۇرۇھنىڭ كاتتىباشلىرىدىن يا-
كى ئۇرۇش-چېقىشتا «شۆھرەت» قازانغان
نوچىلاردىن ئەمەس ئىدى، ئايخان ئاپتاپ-
لىق يېزا يوللىرىنىڭ قىزىق توپىسىنى يا-
لىڭاياق كېچىپ، مەھەللە كېزىپ يۈرۈي-
دىغان ئاجىز ئايال ئىدى. ئۇنىڭ دۇنيادا
قانداق ئىنقىلابلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى،
كىملەرنىڭ تەختكە چىقىپ، كىملەرنىڭ
چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن پەرۋايى
پەلەك ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى توخ-
تىماي پىچىرلاپ سۆزلىشەتتى، يېنىدىن
بىرەرسى ئۆتۈپ قالسا، جىمىپ شۈك-كىدە
بولۇپ قالاتتى؛ تۇرۇپلا نېمىلەرگىدۇر
كۈلەتتى، نېمىلەرگىدۇر ئاچچىقلىناتتى.
گويا ئۇ سىرلىق بىر پلانېتلارنىڭ كۆزگە
كۆرۈنمەس مېھمانلىرى بىلەن سۆھبەتلى-
شىۋاتقاندەك ياكى ئۇنىڭ ئۆزى بۇ دۇن-
يادا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، روھى باشقا
بىر ئالەمدە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەندەك
قىلاتتى.

2

ئايخان كېلىۋاتىدۇ، ئايخان!...
ئايخاننىڭ قارىسى يىراقتىن كۆرۈنۈ-
شى بىلەنلا يېزىنىڭ ئۇششاق باللىرى
ئەنە شۇنداق ۋارقىرىشىپ، ئوينىۋاتقان نەر-
سىلىرىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە قېچى-
شاتتى. لايدىن ياسالغان نان، توقاچ، تو-
پىدىن قوپۇرۇلغان ئۆي-ئىمارەتلەر يول
ياقىسىدا چېچىلغان پېتىچە قالاتتى. يولنىڭ
توپىسىنى توزۇتۇپ كېلىۋاتقان ئايخان
توختاپ، باللار كەتكەن تەرەپكە قاراپ،
نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن ئەگىشىپ يۈرگەن يوغان قارا ئىت
ھاسىرىغىنىچە كېلىپ، ئىگىسىنىڭ پۇتلىرى
يېنىدا زوڭزىياتتى. باللار ئايخاندىن كۆ-
رە ئۇنىڭ ئاشۇ تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇر-
غان پاخماق تۈكلۈك ئىتىدىن بەكرەك
قورقۇشاتتى.

www.uyghurkitap.com

بەزىدە ئايخان باللار تاشلاپ كەتكەن ئويۇنچۇقلارنى ئېتىكىگە يىغىپ، بىر چەتكە ئاپىرىپ تۆكەتتى-دە، باللارچە ھەۋەس بىلەن ئويناشقا تۇراتتى. مۇنداق چاغدا يىراقتا مارىشىپ تۇرغان باللار:

— ئايخان لاي توقاچلارنى يەۋاتىدۇ.

— ئايخان جىنلىرى بىلەن گەپلىشىۋاتىدۇ... — دەپ چۇرقىرىشاتتى.

ئايخاننىڭ ياش قۇرامىنىڭ زادى قانچىدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئىدى. بەزىدە ئۇ كىملەرنىدۇر دوراپ، توم قارا چاچلىرىنى بېشىغا چەمبىرەك قىلىپ تۈگۈپ، يۈزىنى قايسىبىر كۆڭلى يۇمشاق ئايالدىن سورىۋالغان ئەتىر سوپۇن بىلەن بولۇشىغا سوپۇنلاپ يۇيۇپ، بوينىغا مارجانلارنى ئېسىپ، ئۆزىنى خېلىلا «تۈزەشتۈرۈپ» قالاتتى، مۇنداق چاغلاردا ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە 25 - 30 ياشلاردىكى چوكانلاردەك كۆرۈنەتتى؛ بەزىدە ئۇنىڭ چاچلىرى ئايلاپ تاغاق كۆرمەي پاخپىيىپ كېتەتتى، بىرەرسى يېمەكلىك تەڭلىسە، كۆڭلى تارتسا ئېلىپ يەيتتى، بولمىسا قاراپمۇ قويمايتتى، كۈنلەپ ئاچ يۈرەتتى، قانداق كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ شۇنداق ئۆرە يۈرىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئاپتاپلىق يېزا يوللىرىدا تىنىم تاپماي مېڭىپ يۈرگەچكە، ئاياغلىرى يېرىلىپ، چىرايى قارىداپ، قورۇقچىلۇق تۇس ئالاتتى، بۇ كۈنلەردە ئۇنى كۆرگەن كىشى كەم دېگەندە 40 - 50 لەرگە بېرىپ قالغان خوتۇن بولسا كېرەك، دەپ قىياس قىلاتتى.

3

ئايخان «ساز مەھەللە» نىڭ چېتىدىكى پاكار قورۇق تاملار بىلەن قورشالغان بىر خارابە قورۇدا يالغۇز ھايات كەچۈرەتتى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى ۋە قوغدىغۇچىسى ئاشۇ قارا ئىت ئىدى. بۇ مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ئايخان ئەسلى شەھەرلىك بىر كىشىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىكەن. ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، دادىسى قىزىمنى ئۆگەيلەيدۇ دەپ قايتا ئۆيلەنمەي، ئايخاننى يۇدۇپ يۈرۈپ دېگۈدەك جاپا بىلەن چوڭ قىلغانىكەن. قىز يەتتە ياشلارغا كىرگەندە، دادىسى ئۇنى ئېلىپ ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى بىر ئورمانلىقتا مەشرەپكە چىقىپتۇ. شۇ كۈنكى مەشرەپ ناخشا-ساز، چاقچاقلار بىلەن ناھايىتىمۇ قىزىپتۇ. كۈن ئولتۇراي دېگەندە، مەشرەپ ئەھلى قايتماقچى بولۇپ قارىسا ئايخان يوق. قىزىقچىلىقتا بالىنىڭ دادىسىمۇ ئۇنىڭ قاياققا كېتىپ قالغانلىقىنى بايقىماي قالغانىكەن. ھەممە ئۆپۈر-تۆپۈر بولۇشۇپ قىزچاقنى ئىزدەپتۇ، ھېچيەردىن تاپالماپتۇ. ئاخىرچە كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئايخاننىڭ دادىسى ئۆزىنى كاچاتلاپ، بىر قانچە ئاغىنىلىرى بىلەن شۇ يەردە تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتراپ يورىغاندا قارىسا، قىز يېقىنلا بىر يەردە-قېلىن كۆكاتلىق ئىچىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقۇدەك... شۇنىدىن بۇيان ئايخان ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىدىغان، تۇرۇپلا كۈلۈپ، تۇرۇپلا جىمىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دادىسى ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىپتۇ، داخانغا ئوقۇتۇپتۇ، قىلمىغان داۋاسى قالماپتۇ. لېكىن ئايخان ياخشى بولماپتۇ.

يىللار ئۆتكەنسېرى تەبىئەت ئايخانغا ساغلام قامەت ئاتا قىلىۋېرىپتۇ، 17 - 18 ياشلارغا كىرگەندە ئۇ شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل قىزلاردىن بولۇپ تولۇپتۇ. پەقەت

ئۇنىڭ ئەقلىلا گويا ئۇ ئورمانىدا ئۇخلاپ
قالغان چاغدا توختاپ قالغاندەك تەرەققىي
تاپالماپتۇ. ئايخان دائىم ئۇششاق باللار
بىلەن ئوينايدىكەن، كىچىك باللىدەك قە-
غىش قىلىپ يىغلايدىكەن، يوق ئىشلارغا
كۈلۈپ تىلىقىپ قالىدىكەن. دادىسى قىزى-
نىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە قايغۇرۇپ، «ياخشى
نىيەتلىك بىرەر يىتىم ئوغۇل بولسا، قىزىم-
نى چىتىپ قويۇپ، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز
بالام قىلىۋالسام» دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن.
بەزىلەر: كىم بىلىدۇ بەلكىم ئايخان تۇر-
مۇشقا چىقسا ياخشى بولۇپ قالار، دەپ
مەسلىھەتمۇ بېرىشىدىكەن. ئەتراپتىكى قۇ-
لۇم قوشنىلار ئىچىدە ئايخاننى كېلىن قى-
لىۋېلىشنى ئويلاشقان ئوغۇللۇق ئۆيلەرمۇ
بولغانىكەن. دەل شۇ چاغدا ئايخاننىڭ دا-
دىسى بىر-ئىككى كۈن ئورۇن تۇتۇپ يې-
تىپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئايخان جامائەتنىڭ دادىسىنى كېپەن-
لەپ، تاۋۇتقا سېلىپ، كۆتۈرۈپ ماڭغىنىغا
بىر چەتتە جىمجىت قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۆ-
لۈم مەرىكىسىگە كەلگەنلەرنىڭ ئۇنىڭ ھا-
لىغا ئىچى سىيرىلىپتۇ. تۇغقانلار ئىچىدە:
ئايخان بىچارە ئەقلى جايىدا بولمىغان بى-
لەن، خۇداغا شۈكرى، خېلى ياۋاش، ئەمە-
دى ئۇنى قايسىمىز تەربىيىمىزگە ئالساق
بولىدىكىن ... — دېيىگەن گەپ-سۆزلەرمۇ
بولۇپتۇ.

تىپتىنچ دالىدىمۇ تۇيۇقسىز كۆچلۈك
قۇيۇنلار كۆتۈرۈلىدۇ، سۈزۈك ئاسماندا پەي-
دا بولغان كىچىك بىر پارچە قارا بۇلۇت-
نىڭمۇ بەزىدە دەھشەتلىك يامغۇرلارنى
تۆكۈۋېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ... ئۆلۈم
كۈنىنىڭ ئەتىسى ئايخاننىڭ كەيپىياتىدا
غەلىتە ئۆزگىرىش بوپتۇ. چۈشكىچە ئۇ

كۆزلىرىدىن ئوت يانغان ھالدا ھويلىدىن
تالاغا چىقىپ، تالادىن ھويلىغا كىرىپ،
ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەپتۇ. «بىچا-
رە دادىسىنى ئىزدەۋاتىدۇ» دېيىشىپتۇ تۇغ-
قانلىرى. چۈش ۋاقتىدا ئۇ تۇيۇقسىز ئۆيگە
يۈگۈرۈپ كىرىپ، چىنە-قاچىلارنى ئۇرۇپ
چېقىپ، ئاق ياغلىق سېلىپ ھازىدا ئولا-
تۇرغان ئاياللارنى سۆرۈپ قوغلاپ چىقىپ-
تۇ. ئاندىن كوچىغا چىقىپ، ئۇچرىغاننى
ئېسىلىپ ئۇرۇپتۇ. شۇ يەردىن يەنە بىر كو-
چا نېرىدىكى قايناق بازارغا ئېتىلىپ كى-
رىپ، يايمىچىلارنىڭ ماللىرىنى دەسسەپ-
چەيلەپ، قولىغا چىققاننى ھەر تەرەپكە
ئېتىپ، بىردەمدىلا بازار ئىچىنى جەڭ مەي-
دانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخىرىدا تۆت-
بەش ئەر كىشى ئۇنى ئاران دېگەندە تۇ-
تۇپ باغلاپ ئۆيگە ئەكىلىپ تاشلاپ
بېرىپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن قاتتىق ساراسىمىگە
چۈشكەن تۇغقانلار ئايخاننى روھىي كېسەل-
لىكلەر دوختۇرخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرمەك-
چىمۇ بولۇشقانىكەن. لېكىن قىز ئەتىسىلا
تىنچلىنىپ، يەنە ياۋاشلاپ قاپتۇ. ئەمدى
ئۇنىڭدا بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ، ئەتراپقا
ئەنسىز قاراپ، سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان يې-
ڭى مىجەز پەيدا بولۇپتۇ. ئەنە شۇ كۈن-
لەردە ئەر تۇغقانلاردىن بىرەيلەن ئايخان-
نى «ساز مەھەللە» دىكى سېلىم موزدۇزغا
تونۇشتۇرۇپ نىكاھلاپ قويغانىكەن.

3

سېلىم موزدۇز يېشى ئەللىكلەردىن
ھالقىغان، ئۆزىدە ئۆيلەنمىگەن كىشى
ئىدى. ئەسلىدە ئۇ جەنۇبلۇق ئادەم بولۇپ،

ياش ۋاقىتلىرىدا قەشقەردە تۇماقىنى قىيلاپ كىيىپ، بىر مەزگىل نوچىلىقتا دەۋر سۈرگەن؛ ئاندىن ئاقسۇغا كېلىپ، قىمار مەيدانلىرى بىلەن نەشە سورۇنلىرىنى ئاۋات قىلىشان؛ كۇچادا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ھەۋەسىنىڭ ھەممىسە كوچىلىرىدا مېڭىپ باققان؛ غۇلجىغا چىقىپ مىلىلاردا ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ يېزىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغاندى.

ھارۋىكەشلەر شاش ئاتلارنى يۈكنى كۆپ ئارتىپ كۆندۈرىدۇ. سېلىم موزدۇزنىڭ گاڭگۇڭلىقىمۇ يېشى چوڭايغانسېرى بېسىلىپ، جاھاندارچىلىقنىڭ ئېغىر يۈكى ئاخىر ئۇنى ياۋاش بىر ئادەمگە ئايلاندۇرغانىدى.

ئۇ چاغلاردا موزدۇزنىڭ دەرۋازىسى (ھازىر ئايخان تۇرۇۋاتقان قورۇ) يېنىدا كىچىككىنە دۇكىنى بولىدىغان، ئۇ كۈن بويى شۇ يەردە ئاتا كەسپى ياماقچىلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. كىچىك بالىلارنىڭ باشماقلىرىنى تىكىپ ھەر يەكشەنبە كۈنى بازارغا ئەكىرىپ سېتىپ، چاي-تۇز قىلىپ چىقاتتى. ئۇستامنىڭ ئىش تىكىۋېتىپ ئانچە-مۇنچە مۇھەببەت ناخشىلىرىنى غىڭشىپ قويىدىغىنى ۋە بەزىدە ئاياغ ياماتقىلى كىرگەن خوتۇنلار بىلەن كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ۋاتىلدىشىپ كېتىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىشقى-مۇھەببەت بابىدا ئۇ تولىمۇ تىنچ ئادەم ئىدى. سېلىم موزدۇز ئايخاننى خوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئالدى، دېگەندىن كۆرە، شۇ ئاجىز قىزغا غەمخورلۇق قىلماقچى بولدى، دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ئايخان مەھەللىگە چىققان كۈنى ھېچقانداق داغ-دۇغىلىق توي مۇراسىمى بولمىدى. سېلىم موزدۇز قىزنىڭ شەھەردىن بىللە چىققان تۇغقانلىرى بىلەن مەھەللىدىن مۇبارەكلەپ كىرگەن چوڭلارغا ئاددىيغىنە چاي تارتتى. نىكاھ شەھەردە ئوقۇلغانىدى.

بۇ ئەتراپتىكى يېزىلاردا توي كېچىسى دېرىزە مارايدىغان بىر ئادەت بار ئىدى. ئەگەر توي ئىگىسى مارىلاشقا قارشىلىق قىلسا، قىز-يىگىت ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىنى چېقىپ، ئۆگزىسىنى ئېچىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. سېلىم موزدۇز ئايخاننى ئېلىپ چىققان كۈنى كېچىسى ئەل ياتقاندا، مەھەللە دوقمۇشىغا يىغىلغان ياش بالىلار قىزىقچىلىق كۆرۈش ئۈچۈن موزدۇزنىڭ پاكار تېمىدىن ئاستا ئاتلاپ كىرىپ، يېرىمى ئەينەك، يېرىمى قەغەز بىلەن چاپلانغان پەنجىرىگە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يېقىنلاشتى. ئۆي ئىچىنى تەكچىدىكى ئونىنچى لامپا خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇستىگە بىر قۇر يېڭى تويلۇق كىيىم كىيگەن ئايخان ئەتراپقا قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ، بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈنۈپ ئولتۇراتتى. دېرىزە سىرتىدا ئولاشقانلار پەنجىرىگە چاپلىشىپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خېلى ئۇزاق كۈتكەن بولسىمۇ، ئۆي ئىچىدىن «كۆڭۈلدىك» بىر مەنزىرىنى كۆرمىدى. سېلىم موزدۇزدا ئۆيلەنگەن «يىگىت»لەرگە خاس ھېچقانداق بىر جۇشقۇنلۇق كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بېشىنى تاتىلاپ، ئۆي ئىچىدە بىر ھازا ئۇياق-بۇياققا ماڭدى-دە، ئاخىرى كونا ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇن-كۆرپىلەرنى ئېلىپ، ئايخاننىڭ يېنىغا جىرايلىق قاتلاپ بىر كىشىلىك ئورۇن سېلىپ قويۇپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ، ئۆزى دالاندىكى بوز كىگىزنىڭ ئۈستىگە بىر ياستۇقنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تاشلاپ، چاپاننى غېرىبچىسىغا يېپىنىپ ئۇيقۇغا تەگدى. ياش باللارنىڭ «نېمە قىزىقچىلىق بولاركىن؟» دەپ تەلمۈرۈپ بويۇنلىرى قېتىپ كەتكەندى. بولالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەنگەن بىرى:

— جۇرۇڭلار، مېنىڭ دېرىزەمگە بېرىپ مارلاڭلار. موزدۇز قويالمىغان ئويۇننى مەن قويۇپ بېرەي، — دەپ ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئايخان خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە سېلىم موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كۆنەلمىدى. ئۇ ھە دېسىلا شەھەرگە قېچىپ كىرىپ كېتەتتى. موزدۇز ئۇنى يەنە نەلەردىندۇر ئىزدەپ تېپىپ چىقاتتى. يېزا ئۇچۇن ئايخاننىڭ بارى - يوقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك ئىدى. ئۇ ئايلاپ كۆرۈنمەي قالسىمۇ ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەيتتى. لېكىن، سېلىم موزدۇز ئۇنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا خۇدا يەتكۈزگەن ھەمراھىم، دەپ تونۇيتتى. گويا موزدۇز ياشلىقىدىكى بارلىق گۇناھلىرىنى شۇ ئاجىز بىچارىگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن يۇماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا تاماق ئېتەتتى، كىيىملىرىنى يۇيۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

ئايخان مەھەللە كوچىلىرىدا پەيدا بولۇپ قالغاندا، ئىشىك ئالدىلىرىدا ئولتۇرغان خوتۇنلار ئايخاننى چاقىرىپ:

— ھويت ئايخان، بۇياققا كەلگىنە! سېلىم موزدۇز نېمەڭ بولىدۇ؟ — دەپ گەپكە سېلىشاتتى.

— بوۋام...ياق، دادام...

— ھوي جوھۇت، ئۇنداق دېمە، يامان بولىدۇ. ئېرىم، دە! — دەپ چۇرقىرىشاتتى ئاياللار.

— سېلىم موزدۇز؟...سىلەرنىڭ ئېرىڭلار؟...— قاقاقلاپ كۈلەتتى ئايخان.

— ياق، سېنىڭ ئېرىڭ.

— مېنىڭ ئېرىم؟!

— ھە، سېنىڭ.

— مۇشۇ چاشقاننىڭ ئېرىمۇ؟...ئىتمۇ يۈزىنى يۇيامدۇ؟... يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە كېتىپ قالاتتى ئايخان.

موزدۇزنىڭ ھويلىسىدا بولسا ئايخان قەيەردىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان قارا كۈچۈك بىلەن مېلىكە بولاتتى. ئۇنى كۆتۈرەتتى، چايناپ نان يېگۈزەتتى، ئەكىلىپ پاراڭلىشاتتى. بۇ ئىشتىن زېرىككەندە موزدۇزنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، ئەتراپتا چېچىلىپ ياتقان پۇرۇچلارنى ئېتىكىگە يىغىپ، تالاغا ئەچىقىپ تۆكەتتى؛ يەنە بىر دەمدىن كېيىن ئۇلارنى ئېتىكىگە ئېلىپ دۇكانغا ئەكىرەتتى. بەزىدە ئۇ ئېگىمكىنى تۇتقىنىچە ئۇستاننىڭ بىر تۆشۈكتىن ئىككى يىڭنىنى شۇنچە تېز ئۆتكۈزۈۋاتقىنىغا ئەقلى يەتمەي ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. موزدۇز ئۇنىڭغا چۈشەنسىدۇ - چۈشەنمىسىدۇ، بېشىدىن ئۆتكەن قىزىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، ياكى يۇرتىنىڭ كونا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى... شۇنداق قىلىپ، ئايخان بارا - بارا سېلىم موزدۇزغا ئۆگىنىپ قالدى.

ئەگەر ئامەت بىر كىشىدىن يۈز ئۆرۈسە، ئاپەتنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن زادىلا نېرى كەتمىسە كېرەك. يېزىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر چوڭ باغ بولىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا بۇ بىر شاڭيۇنىڭ جاگىرىسى ئىدى. ئەتراپتىكى يەرلەر مەيدانلىشىپ كەتكەچكە، بۇ باغ ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ قالغانىدى.

ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ قالغاچقىمۇ، باغ ئە-
چى ھەر خىل ياۋا دەل - دەرەخلەر ئۈنۈپ
جاڭگاللىشىپ كەتكەنىدى. سوقما تاملارنىڭ
ئەتراپىغا قويۇلغان بەزى تېرەكلەرگە ھا-
ۋىدر قۇچاق يەتمەيتتى. بىر يىلى ئەترەت
بۇ يەردىكى دەرەخلەرنى قومۇرۇپ، باغ
ئورنىنى ئېتىزغا قوشۇۋېتىشنى پىلانلىدى.
شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى يوغان تېرەكلەرنى
يىقىتىش باشلىنىپ كەتتى.

سېلىم موزدۇز ئىچى پۇشسىلا تېرەك
كەسكەن يەرگە بېرىۋالاتتى. ئۇ ياغاچ ئۆۋ-
رۈۋاتقانلارغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئارغامچە-
نى ئۇياققا تارت - بۇياققا تارت، دېيىشىپ
بېرىپ، كەچلىكى بىرەر يۇدۇم ئوتۇن ياكى
بىر ئىككى تال چەنزىلىك ياغاچ كۆتۈ-
رۈپ كېلەتتى. بىر كۈنى ئادەملەر سېلىم
موزدۇزنى قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا
كۆتۈرۈپ كېلىشتى. ئېگىزدىن چۈشكەن
بىر تال ياغاچ موزدۇزنى قاپ بەلدىن بې-
سىپ، شۇ يەردىلا جېنىنى ئالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ ئايخان بۇ غەمخور-
چىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. ئۇ تاۋۇت
كۆتۈرگەن جامائەتكە ئەگىشىپ يېزىنىڭ
چېتىگىچە چىقىپ، يول بويىدىكى سۆگەت-
كە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئادەملەرنىڭ
ئاياغلىرىغا يۆتىلىشىپ كېتىپ بارغان قارا
كوچۇكمۇ توختاپ، ئايخانغا قاراپ غىڭ-
شىپ، قاۋاپ - قاۋاپ قويدى - دە، ئۇنىڭ
يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئايخان شۇ يەردە
جامائەت تۇپراق بېشىدىن يانغۇچە كۈتۈپ
تۇردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايخان كۆزلىرى
قانغا تولغان ھالدا مەھەللە كوچىسىدا
پەيدا بولدى. ئۇ «سېلىم قېنى؟... سېلىم
موزدۇز!...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە، دەرۋازىسى
ئوچۇق قالغان ھويلىلارغا ئېتىلىپ كىرىپ،
ئۆي، ئېغىل، ئامبارلارنى ئاختۇرۇپ ئاس-
تىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. «سېلىمنى نەگە
تىقىپ قويۇۋشتۇڭ؟!... نېمىشقا ئۇ چۈشكەن
ھارۋىنىڭ چاقى يوق؟...» دەپ، ئالدىغا
ئۇچرىغان ئاياللارغا ئېسىلىپ چېچىنى يۇ-
لاتتى. قارا كۈچۈك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
قالماي يۈگۈرەيتتى. ئىتلار ئەنسىز ھاۋ-
شۇپ، توخۇلار قاقاقلىغىنىچە ئۆزىنى ھەر
تەرەپكە ئېتىپ، قورقۇپ كەتكەن با-
لىلار، خوتۇنلار قىيا - چىيا قىلى-
شىپ مەھەللە ئىچى بىردەمدىلا پاتپاراقلى-
شىپ كەتتى. شۇ چاغدا كىمدۇ بىرى ئەق-
لىگە كېلىپ «ئايخان، مانا موزدۇز ئۇستام
بۇ يەردە تۇرىدۇ!» دەپ، ئايخاننى ئەترەت-
نىڭ ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبىرىغا ئالداپ
ئەكىرىپ، تېشىدىن قۇلۇپلىۋالدى. كەچكە
يېقىن، كىشىلەر ئامبارنى ئېچىپ، ئاستا
باشلىرىنى تىقىپ قاراشقاندا، ئايخان پۈ-
تۈنلەي تىنچلىنىپ، بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ
ئولتۇراتتى.

ئايخان ئەمدى ئىتى بىلەن توختى-
ماي سۆزلىشىدىغان بولدى. ھەي سېلىم،
نان قېنى؟... ئاش قېنى بۇ كۆڭلەكنى كىم يۇيىد-
دۇ؟... يەنە نېمىلەرنىدۇ دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ،
بىچارە كۈچۈك بولسا ھېچنېمە چۈشەن-
مەي، بېشىنى سىلكىپ قويۇپ قاۋاپ كې-
تەتتى. ئايخان ئۆيگە يات كىشىنى يولات-
مايتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى موزدۇزنىڭ
دەرۋازىسى يېنىدىكى دۆكىنى قىيسىيىپ،
ھويلىلارنى لويلا - كۆكات بېسىپ، بۇ يەر
سۈرلۈك بىر ماكانغا ئايلىنىپ قالدى.

5

دۇنياغا تۆرەلگەنلا ئىكەنسەن، ئۆلۈك
بولساڭمۇ، ساراڭ بولساڭمۇ جاھاندارچە-

لىقىنىڭ يەلكىسىگە چۈشكەن ئارغامچىسىنى ئارتىشقا مەجبۇرسەن؛ ھاياتلا ئىكەنسەن، تۇرمۇشۇڭدا يېڭى - يېڭى كەچۈرمىشلەر سادىر بولۇۋېرىدۇ. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىلچە ۋاقىت ئۆتتىمىكىن، ئەيتاۋۇر، قارا كۈچۈك تۈكلىرى پاخپايغان يوغان ئىت بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. ئايخاننىڭ ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىگە يەنە يېڭى بىر ۋەقە كېلىپ قوشۇلدى.

بۇ يېزىدا قاۋۇل دەيدىغان بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ يېزىنىڭ قېرى تۆمۈرچىسى بىلەن تۆمۈرچىخانىدا ئىشلەيتتى. ئىمى - جىسمىغا لايىق قاۋۇل بازغانچى ئىدى. تۆمۈرچى ئۇستام ئات تاقىلاتقىلى، كەتمەن - پەتمەن ئايلاتقىلى كەلگەن دېھقانلار بىلەن چاقچاقلىشىپ كېتىدىغان چاقچاقچى ئادەم ئىدى؛ قاۋۇلنىڭ بولسا مىجەزى غەلىتىرەك ئىدى؛ ئادەملەر بىلەن ئۇڭايلىقچە چىقىشىپ كېتەلمەيتتى، ئۇشۇق - تۆشۈك گەپمۇ قىلمايتتى، چىرايىمۇ شۇنىڭغا لايىق سۇرۇنراق ئىدى. گويا پۈتۈن ئاچچىقىنى سەندەل ئۈستىدە چوغلىنىپ تۇرغان ئاشۇ قىزىق تۆمۈردىن چىقارماقچى بولغاندەك، كۈچ بىلەن بازغان ئۇراتتى. شەھەرلەردىكى مەكتەپلەردە بىر زامان ئوقۇغان بولغاچقىمىكىن، يېزىنىڭ ئەترەت باشلىقى، بوغالتىر دېگەندەك ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئۇنچىۋالا كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى.

يېزىنىڭ جەنۇبى تەرىپى سازلىق بولۇپ، بۇ يەرنىڭ «ساز مەھەللە» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى. ئېتىزلار ئارىلاپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ھارۋا يوللىرى بارغانسېرى تارىيىپ، سازلىققا يېقىنلاشقاندا، قېلىن چىغتىماقلىقلار ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالىدىغان ئايىغ يوللارغا ئايلىنىپ كېتەتتى. بۇ يەردە سازنىڭ قارا سۈيىدىن ھاسىل بولغان چوڭ بىر كۆلمۇ بار ئىدى. كۆل ئىچىدە يايپېشىل سۇ ئۆتلىرى، كۆل بويىدا بولسا قومۇش، يېكەنلەر ئۆسۈپ كېتەتتى. كۈزگە يېقىن چۆپ چاپقىلى كېلىپ قالىدىغان دېھقانلار ياكى ياۋا ئۆردەك ئاتقىلى كېلىدىغان بىرەر ئۇۋچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە كۆل بويى ئادەمدىن خالى بولاتتى. پەقەت كۈن ئىسسىپ كەتكەن مەزگىللەردە قاۋۇل تۆمۈرچىخانىنىڭ تىنجىقىدىن قېچىپ، بۇ يەرگە چۈمۈلگىلى كېلىپ قالاتتى.

بىر كۈنى، قاۋۇل چۈمۈلۈپ چىقىپ، كۆل بويىدىكى قېرى قارىياغاچ تۈۋىدە سالقىنلاپ ياتاتتى، بىر چاغدا ئۇنىڭغا سۇنىڭ شالاقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قاۋۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۇ ئىچىدە ئاتدىن تۇغما ھالەتتە تۇرغان ئايخاننى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. كۆل چېتىدىكى سۇ ئۇنىڭ چوڭ يوتىسىغىچە چىققاندى. ئايخان ناھايىتىمۇ ھوزۇرلىنىپ يۇيۇنۇۋاتاتتى. كۆل بويىدا بىر باغلام قۇرۇق ئوتۇن ياتاتتى. ئوتۇننىڭ ئارقىسىدىكى ئېگىز ئۆسكەن كوكاتلار ئىچىدە يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز توپتوغرا قاۋۇلغا قادىلىپ تۇراتتى. قاۋۇل ئىتتىك بېشىنى تۆۋەن قىلدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يەنە بىر قاراپباققۇسى كەلدى.

ئىككىنچى قېتىم بېشىنى كۆتۈرگەندە قاۋۇل بايىقى بىر جۈپ كۆزنىڭ كوكاتلىقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىتنىڭ

كۆزى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. قارا ئىت قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، ئىگىسىنى قوردىغاندەك، قاۋۇلنىڭ ھەرىكىتىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئايخان ھەدەپ شالاپشىتىپ سۇنى ئۈستىگە چاچاتتى. سۇ تامچىلىرى بولسا قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سانسىز كىچىك ھەسەن-ھۈسەنلەرنى پەيدا قىلاتتى. قاۋۇل بىر ئايالنىڭ قامىتىدىن ئادەتتىكى چاغلاردا جۇل-جۇل كىيىم، چۇۋۇق چاچلار ئارىسىدا كۆزگە چېلىقماي قالىدىغان گۈزەللىكنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆكرەكلىرى چىڭ، بەدەنلىرى ئاپئاق، ساغرىلىرى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى...

ئايخان چۆمۈلۈپ بولۇپ، يىرتىق كۆڭلىكىنى كىيىپ يەنە قىرغاقتا پەيدا بولدى. قاۋۇلدا ئۇنى چاقىرىپ گەپكە تۇتۇش ئىستىكى تۇغۇلدى.

— ئايخان، هاي ئايخان!

ئۇتۇننى مۈرىسىگە ئېلىپ، كەتمەكچى بولۇپ تۇرغان ئايخان قاۋۇل تەرەپكە چۆچۈپ قارىدى-دە، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تۇرۇپ قالدى.

— ئايخان، مانا ئۇتۇن!

قاۋۇل قارىياغاچنىڭ قۇرۇپ قالغان چوڭ بىر شېخىنى كۈچ بىلەن تارتىپ سۇندۇرۇۋېلىپ پۇلاڭلاتتى. ئايخان ئۇنىڭ ئۇتۇننى راستىنلا بېرىدىغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئاستا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىدىن تېمىمچە سۇ تامچىپ تۇراتتى، كۈن نۇرىدا قارايغان بىلەك ۋە پاقالچاقلىرى يېقىملىق تاۋلىناتتى. قاۋۇل قۇرۇق شاخنى ئۇشتۇپ پارچىلاپ، ئايخاننىڭ مۈرىسىدىكى ئۇتۇنغا قوشۇپ باغلاپ بەردى. ئاندىن ئۇنى قولىدىن تارتىپ، كىمدۇر بىرى ئوروپ تاشلاپ قويغان پىچان ئۈستىگە ئاستا ئولتۇرغۇزدى. قاۋۇلغا بىرىنچى بولۇپ قارشىلىق قىلغان ئايخان ئەمەس، ئۇنىڭ ئىتى بولدى. قاۋۇل ئايالغا قول سۇنۇشى بىلەنلا ئىت خىرىس قىلىپ ھۈرپەيدى. ئايخان بولسا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. قاۋۇل خالتىسىدىن بىر پارچە قاتتىق ناننى ئېلىپ ئىتقا چۆرۈپ بەردى. ئىت ئايخاننىڭ خاتىرجەم ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، غىڭشىپ غىڭشىپ قويۇپ ناننى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا قىسىپ غاجىلىغىلى تۇردى... قاۋۇل ئايخاننىڭ نەم چاچلىرىنى ئېھتىيات بىلەن سىلىدى. ئايخان بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ تۆمۈرچىگە ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا دوستانە قول سۇنغان بىر ئىنساننىڭ ئىللىق مېھرى تاراۋاتقاندەك، قەلبىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر بىر يېرىدىكى ئۇنتۇلغان سېزىملەر ئويغىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى چالا قۇرۇغان پىچاندىن كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق كېلەتتى. قارىياغاچ ئۈستىگە بىر توپ قۇشقاچلار قونۇپ كۆڭۈللۈك چۇرقىراشتى-دە، يەنە گۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى...

6

«ئايخان بىلەن قاۋۇل كۆل بويىدا قۇچاقلىشىپ ياتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى مەھەللىگە باللار يەتكۈزۈپ كەلدى. ئۇششاق باللارنىڭ بۇ ئىشنى نەدە تۇرۇپ، قانداق كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. كىچىك بالا دېگەننىڭمۇ گېپىگە ئىشەنگىلى

بولمايدۇ. راست - ياغاننىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ خەۋەر مەھەللىدە زور قىزىقىش پەيدا قىلدى.

كۈن قايرىلغاندا، كىشىلەر مەھەللىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئايخاننى كۆردى. ئۇ يوغان بىر قۇچاق ئوتۇننى يۈدۈپ، ھارغىنلىق بىلەن قەدەم ئالاتتى. كۆزلىرى بولسا نامەلۇم بىر خۇشاللىقتىن نۇرلانغانىدى. خوتۇنلار ئۇنى چاقىرىپ گەپ سوراشقا ئالدىراشتى.

— ئايخان، ھويت ئايخان! بۇ ياققا كېلىپ بىردەم دېمىڭنى ئېلىۋال.

— نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

— ئوتۇن تەردىم.

— قاۋۇلنى كۆردۈڭمۇ؟

— قاۋۇل؟

— ھە، ئاۋۇ دۇكاندىكى تۆمۈرچىنىچۇ؟

— تۆمۈرچىنىما ... كۆردۈم.

— ئۇ سېنى نېمە قىلدى؟

— مېنى؟ تۇتۇۋېلىپ...

— ئە، تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلدى؟

— تۇتۇۋېلىپ سۆيۈپ...

— ۋاي شەرمەندە، يەنىچۇ؟

— يەنە...

خوتۇنلار خۇددى مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى بىلىۋېلىشقاندەك خۇشال بولۇپ كېتىشتى. بەزىلىرى تېخىمۇ تېتىقسىزلىشىپ بۇ ئىشنى ئىنچىكە يەرلىرىگىچە سوراپ كوچىلاشتۇرغىلى تۇردى.

— ۋاي داپشاقلار، ئىت - مۇشۇكلەر...

ئايخان ئاخىرىدا چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دېدى - دە، كېتىپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئاياللار بولمىغاندا ئەرلەر، چوڭلار بولمىغاندا كىچىكلەر ئايخاننى چاقىرىۋېلىپ گەپكە سالىدىغان بولدى:

— ئايخان، ھە، تۆمۈرچى سېنى نېمە قىلدى؟

— مېنى سۆيۈپ...

— كۆلنىڭ بويىدىمۇ؟

— قارىياغاچنىڭ ئاستىدا.

— كىم كۆردى؟

— قۇشقاچلار.

— ھە، سېنى سۆيدى، يەنىچۇ؟

— يەنە...

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. بۇ سۆز - چۆچەك باشقا بىرەرسى ئۈستىدە تارالغان بولسا قانداق بولاتتىكىن، ئەمما، قاۋۇلغا ھېچكىم يۈز تۇرانە بىر نېمە دېيەلمەيدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەنىلىك قاراپ كۈلۈپ قويۇشاتتى. قاۋۇل بۇنى سەزمەمدۇ ياكى سەزسىمۇ ئەتەي بىلمەسكەنگە سالامدۇ، كىشىلەر يېنىدىن ھېچكىمگە كۆزىنى سالماي گۇرسۇلدىپ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى.

ئايخاننىڭ چاچلىرى ئەمدى چىرايلىق تارىلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ كۆڭلى تارتقان ئۆيلەرگە كىرىپ يەپ - يېگىنە، تاغاق، سوپۇن دېگەندەك لازىملىقلارنى سورايتتى. كوچىغا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقاتتى. قاۋۇلنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاپىسى يۇتكىچە ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. بەزىدە ئۇ تۆمۈرچىخانىغا يىراقتىن نەزەر سالاتتى. ئۇ يەردە قاۋۇلنىڭ كۈچلۈك بەستى غىل - پال كۆرۈنەتتى. سەندەلدىن ئەتراپقا قىپقىزىل ئۇچقۇنلار چاچرايتتى. ئايخان ئىختىيارسىز كۈلۈپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. گويا ئۇنىڭ قەلبىدە رەڭمۇرەڭ گۈللەر

ئېچىلىۋاتقاندەك، بەختسىزلىكنىڭ قارا بۇلۇتى قاپلىغان كۆڭۈل ئاسمىنىدا يېڭى بىر يورۇقلۇق كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

كېچىدە سۇ تۇتقىلى چىققانلار قاۋۇلنىڭ بەزىدە تۈن يېرىمىدا ئايخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە ئۆتۈپ، سەھەرگە يېقىن قايتىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىشاتتى. خوتۇنلار:

— سەپسالدىڭلارمۇ؟ ئايخاننىڭ ھېلىقى يامان ئىتى قاۋۇلنى كۆرسە زادى قاۋىمايدىكەن.

— توۋا، قاۋۇل تۈپ-تۈزۈكلا يىگىت تۇرۇپ، ئاشۇ ئايخان بىلەن ھە!...

— كۆڭۈل دېگەن شۇ.

— ئايخاننىڭمۇ نەرى كەم؟ چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، ياساپ قويىدىغان بولسا شەھەرنىڭ خېنىملىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، — دېيىشەتتى.

لېكىن، ئايخاننى ياساپ-تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقتى. ئۇنچىقماس بازغانچىغا ئۇ ئاشۇ يىرتىق كۆڭلەك، يېرىلغان ئاياغ، كۈندە كۆيگەن چىرايى بىلەن قىممەتلىكتەك ئىدى.

ئەگەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانمىغان بولسا بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى قانداق تاماملىناتتىكىن، «ئىنقىلاب» كىشىلەر قىياس قىلمىغان پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 7

«ساز مەھەللە» شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغاچقىمىكىن، «ئىنقىلاب» باشلىنىشى بىلەنلا شەھەردە چېلىنغان داقا-دۇمباق، جاڭ-جۇڭلارنىڭ ساداسى ئاخشىمى-ئەتىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بوپ قالدى. بىرەر يىلدىن كېيىن. بۇ ۋاڭ-چوڭلار ئوق ئاۋازى بىلەن ئالماشتى. بولۇپمۇ، كېچىدە بۇ ئوق ئاۋازلىرى يېزىغا ئېنىق ئاڭلىناتتى. شەھەرگە كىرگەن دېھقانلار: «ۋىلايەتتىكى ئېگىز بىنا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇدەك...»، «كېچىكى ئېتىشىشتا مانچە ئادەم ئۆلۈپتۇدەك...» دېگەندەك ئەندىشىلىك خەۋەرلەرنى ئېلىپ چىقاتتى. شۇ كۈنلەردە دېھقانلار شەھەرگىمۇ ئاز كىرەتتى. قوناقلىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يول بىلەن شەھەرگە دائىم كىرىپ-چىقىپ يۈرىدىغان بىردىنبىر يۈرەكلىك ئادەم قاۋۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئۇ يەردە نېمىلەرگە قىزىقىپ، نېمە خىياللاردا يۈرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەيتتى.

ئايخاننىڭ قەلبىدىمۇ ئۆزگىچە بىر ئىنقىلاب بولۇۋاتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى چېچىنى تاراپ، چېكىسىگە گۈللەرنى قىساتتى، كىمنىڭ ھويلىسىدا ئېچىلىپ تۇرغان گۈل كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنسە، يالتىمىزى بىلەنلا قومۇرۇپ چىقىرىپ، ئۆز ھويلىسىغا تىكىپ قوياتتى. بۇ گۈللەر سۇ كۆرمەي قۇرۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا يەنە ئېچىلىۋېرەتتى. بەزىدە ئۇ كىگىز-كېچەكلىرىنى قېقىپ، ھويلا-ئارامىلىرىنى چالا-پاساق بولسىمۇ ئاقارتىپ، يۇيۇپ تارىنىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە ئېگىلىپ سالام قىلىپ، ئىرگىلۇقلا بولۇپ قالاتتى. يېزىلىقلار ئۇنىڭ قىلىقىغا كۈلگۈسى كېلەتتى.

بىر كۈنى، چوڭ ئەترەت قورۇسىدىكى شەھەرلىكلەرنى دوراپ ئېچىلغان چوڭ يىغىندا «ياشىسۇن، يوقالسۇن» دېگەن شوئارلارنى ھارغىچە توۋلاپ قايتقان دېھقانلاردىن بىرنەچچىسى ئايخاننىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ:

— ھوي ئايخان، جاھاندا نېمە ئىش-

لار بولۇۋاتىدۇ؟ بىلەمسەن؟ — دەپ ئۇنى
گەپكە سالدى.

— كۈن چىقىدۇ، كۈن ئولتۇرسا ئاي
چىقىدۇ...

— «تۆمەننىڭ يىللار ياشىسۇن» دې-
مەمسەن!

— «ياشىسۇن!؟... كىم ياشايدۇ؟ —
ھەيران بولدى ئايخان — ئاسماننىڭ ئاس-
تى، يەرنىڭ ئۈستى... ئۇلارلا ياشىسۇن
ھەممىمىز تەڭ ياشايلى. تۆمۈرچىمۇ يا-
شىسۇن، سوزدۇزنى كىم كۆمۈۋەتتى؟...
ئىت - مۈشۈك، قۇشقاچلار ياشىمامدىكەن؟...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھېلىقى دېھقان-
لار قورققىنىدىن ئاغزىلىرىنى تۇتقىنىچە
كېتىپ قالدى. شۇندىن باشلاپ ھېچكىم
ئايخاندىن ئىنقىلاب توغرىسىدا گەپ سورى-
مايدىغان بولدى.

بىر قېتىم ناھايىتىمۇ ئەنسىز كېچە
بولدى. ئوق ئاۋازى يېقىنىلا بىر يەردە
تاراسلاپ، مەھەللىنىڭ ئىتلىرى تاڭ ئاتقۇ-
چە قاۋاپ چىقتى. سەھەردە، ئېتىزغا سۇ
ئاپىرىلى چىققان بىر دېھقان مەھەللە
ئىچىدە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى - دە،
ئەترەت باشلىقىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى.
ئەترەت باشلىقى تولىمۇ ئېغىر ئادەم ئىدى.
ئۇ ھويلىغا چىقىپ بىر كىرىلىۋېلىپ، ئال-
دىراي كېلىپ، دەرۋازىنى ئاچتى.

— ھە، نېمە گەپ؟

ھېلىقى دېھقان ھودۇققىنىچە سۆز-
لەپ كەتتى:

— قو - قو - قوناقلىق بىلەن كېلىۋا-
تاتتىم. ئا - ئا ئالدىمدىلا بىر ئادەمنى كۆ-
رۈپ چۆچ - چۆچ - چۆچۈپ كەتتىم.

— قايسى قوناقلىقتا؟

— شە - شە - شەھەر تەرەپتىكى...

— ھە، كىمكەن؟ مەستتىن بىرى يې-
قىلىپ قاپتۇما؟

— سە - سە - سەپسالسام قاۋۇل ئىد-
كەن. ياتقان يېرى قان. كېچە شەھەردىن
قوغلاپ چىققانلار ئېتىپ تاشلىغاندەك
قىلىدۇ...

— تىرىكمۇ، ئۆلۈك؟!

— بىلمىدىم، كۆزى چەكچىيىپ
قاپتۇ. قو - قو - قورققىنىمدىن بۇياققا
يۈگۈردۈم...

— نېمە دەيدىغانسەن؟ جۈرە، بېرىپ
كۆرۈپ باقايلى. ئەترەت باشلىقى بىلەن
ھېلىقى دېھقان يېتىپ كەلگەندە، قاۋۇل-
نىڭ بېشىدا ئايخاننىڭ قارا ئىتى پەيدا
بولغانىدى. ئىت خىرس قىلىپ ئۇلارنى
يېقىن كەلتۈرمىدى. ئارقىدىنلا، قوناق
شاخلىرىنى شالدىرلىتىپ ئايخان ئۇچقاندەك
چىقىپ كەلدى - دە، دەھشەتلىك چىرقىراش
بىلەن قاۋۇلنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلى-
دى. ئاندىن ئۇنى يۇدۇپ ئېلىپ ماڭدى.

— توختا!... ئايخان، قاۋۇلنى نەگە
ئاپىرىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەترەت
باشلىقى.

لېكىن، ئايخان ئارقىسىغىمۇ قاراپ
قويمىدى. قاۋۇلنىڭ سۆرۈلۈپ قالغان
پۇتى يەرنى سىجاپ ئىز قالدۇراتتى. ئاي-
خاننىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تۆ-
كۈلمەكتە ئىدى. ئۇ قوناقلىقنى يېرىپ
چىقىپ، ئېتىز ئىچى بىلەن تۈپتوغرا ئۆ-
زىنىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى.

ئەترەت باشلىقى يېزىدىكىلەرگە بۇ
خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، ئايخاننىڭ دەرۋازىسى
يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئايخان قاۋۇلنى
ئۆي ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ھەدەپ
ئەتراپتىن تاش يىغىپ ئۆيىنىڭ ئالدى،
ئۆگزىلىرىگە دۆۋىلىگىلى تۇرغانىدى. ھېچكىم
ھويلىغا بېسىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمى-
دى. قىيسىق دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىرەرسى-
نىڭ قارىسى، كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئايخان

www.uyghurkitap.com

تاش ياغدۇراتتى. كۆز ئايلىرى كىرىپ قالغان بولسىمۇ، كۈن تېخى ئىسسىق بولغاچقا، مېيىت ۋاقتىدا دەپنە قىلىنمىسا سېسىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى؛ ئەگەر قاۋۇل ھايات بولسا، ئۇنى ۋاقتىدا داۋالىتىش لازىم بولاتتى. كوچىغا يىغىلغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، جامائەت تەقەززالىنىشقا باشلىدى. ئايخاننىڭ دۆۋىلەڭلىك تۇرغان تاش-كېسەكلىرىمۇ بارغانسېرى ئېگىزلىدى. دادىسى بىلەن سېلىم موزدۇزنى ئاپىرىپ كۆمۈۋەتكەن بۇ رەھىمسىز ئادەملەرگە ئەمدى ئۇنىڭ قاۋۇلنى زادىلا بەرگۈسى يوق ئىدى...

كىشىلەر نېمە قىلىش توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئاخىردا ئەترەت باشلىقى: «ھوي كۆپچىلىك! ئايخان قاۋۇلنى بۈگۈن بىزگە بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ، مەيلى. ئەتىگىچە كۈتەيلى، بۇ خوتۇننىڭ پەيلى يېنىپ قالار. قانۇن ئورنىشا ئادەم كەتتى. تېخى قاۋۇلنى كىم ئاتقانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن ئاتقانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئىشىمىز بار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن توپلانغان جامائەت بىر-بىرلەپ تارقاپ كېتىشتى.

ئەل ياتقاندا، شەھەر تەرەپتىن توپا توزۇتۇپ چىقىپ كەلگەن بىر ماشىنا ئايخاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى-دە، دۈپۈرلىشىپ چۈشكەن قوراللىق ئادەملەر ھويلىنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ قاۋۇلنى قوغلاپ چىققانلىقى ياكى جىنايەت ئىزىنى يوقاتماقچى بولۇشۇۋاتقانلىقى نامەلۇم ئىدى. لېكىن، ئۇلارمۇ ھويلىغا دەرھال بېسىپ كىرەلمىدى. قارا ئىتنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ مەھەللىنىڭ جىمى ئىتلىرى ھاۋشۇپ كەتتى. ئايخان دەرۋازىنى ياغاچلار بىلەن مەھكەم تىرەپ ئېتىۋەتكەنىدى. پاكار تاملارنىڭ قەيىرىدە بىرەر شەپە بىلىنسە، ئايخاننىڭ غەزەپ بىلەن ئاتقان تاشلىرى شۇ يەرگە بېرىپ چۈشەتتى. ئىشنى تېز پۈتتۈرۈپ قايتىشقا ئالدىراۋاتقان قوراللىقلار ئاخىرى ئۆينى قاتتىق ئوققا تۇتتى. ئاندىن دۈپۈرلەپ تامدىن ئاتلاپ چۈشۈشتى. قارا ئىت ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كوكاتلىقتا بىرنەچچە يېرىدىن ئوق يېيىپ يىقىلغان بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئىگىسىگە سادىق ئۆتكەن بۇ جانىۋارنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرى يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن بىپايان ئاسمانغا تىكىلگەنىدى. قوراللىقلار ئۆينىڭ ئىچى-تېشىنى ئۆڭتەي-تۆڭتەي قىلىۋېتىشتى، قاۋۇل بىلەن ئايخان بولسا شۇ كېچىدىن باشلاپ مەھەللىدىن غايىب بولۇشتى.

بۇ سىرلىق ۋەقە ئۇزۇن يىللارغىچە دېھقانلار قىزىقىپ سۆزلەيدىغان تېمىغا ئايلىنىپ قالدى. كۆپىنچە كىشىلەر «ھېلىقى قوراللىق نېمىلەرنىڭ ئايخان بىلەن قاۋۇلنى تاپالمىدۇق، دېگىنى يالغان. ھەر ئىككىلىسىنى ئېلىپ كېتىپ ئۆجۈقتۇرۇۋەتتى» دەپ مۇلاھىزە قىلىشاتتى. كېيىنكى يىللاردا شۇنچە دېلولار ئېنىقلانغان بولسىمۇ، «ساز مەھەللە»دىكى بۇ غەيرىي ئىشنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان ئادەم چىقمىدى. راست، مۇنداق دەۋاگەرى يوق ئىشلارنى كوچىلاپ يۈرۈشكە كىمنىڭ چولىسى!؟... يېقىندىن بېرى، ئىچى پۇشقان ئاياللار بۇ ۋەقەگە رىۋايەت تۈسى بېرىپ «قاۋۇل بىلەن ئايخان ھاياتكەن. ئۇلار ھەر كۈنى كەچلىكى سازدىكى كۆل بويىدا ئۇچرىشىپ، تاڭ يورۇشقا يېقىن غايىب بولۇپ كېتىشىدىكەن» دەپ ھېكايە قىلىشىدىغان بولدى...

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى.)

مەسئۇل تەھرىرى: ئالىمجان ئىسمايىل

كۇرەشجان ئۆمەر

# ئازغان قۇش

مەن بىر قۇشنى كۆرگەن كۆكلەم پەيتىدە،
ئەگىز سۆيى ئاققان چاغدا ئېقىندا.
ئەتراپىغا تەشۋىش بىلەن قارايتتى،
ئەمەس ئىدى ئۇزۇق ئىزدەش كويىدا.
كۆرۈنەتتى ئۇ قەۋەتلا پەرىشان
دىققىتىمنى تارتتى مېنىڭ بۇ ھالەت.
بولىدىكەن قۇشلاردىمۇ ئادەمدەك،
يىغلايدىغان، كۈلىدىغان مۇھەببەت.
كۆركەم ئىدى ئۇنىڭ ماموق پەيلىرى،
شەپەق رەڭدە، زەڭگەر رەڭدە چاقنايتتى.
مەن قارىدىم ئازغان قۇشقا زوقلىنىپ،
بۇندا ئۇنداق قۇشلار ماكان تۇتمايتتى.

كۆزى چۈشتى يول ئۈستىدە بوۋاينىڭ
قۇشقا بىردەم قاراپ قالدى سىنچىلاپ.
گەپ سۆزسىزلا تۆكتى ئىسسىق يېشىنى.
دۇرۇت ئوقۇپ ئۆتتۈپ كەتتى پىچىرلاپ.
بۇ ھال قانات بەردى خىياللىرىمغا،
قۇش يىراقتىن سەپەر قىپتۇ يىراققا.
ئازغىشىپتۇ جورىسىدىن تىلەر ئۇ —
چۈشمىسۇن دەپ يوچۇن قانخور تۇزاققا.
چىن كۆڭۈلدىن تەلەپ قىلدى تەڭرىدىن،
رەڭدار قۇشقا ئاق يول ئېزگۇ قېرى چال.
چال دۇئاسى بولسۇن دېدىم ئىجابەت،
قۇش كۆڭلىدە خۇشال بولدى ئېھتىمال.

ھايال ئۆتمەي بىر توپ ئادەم كېلىشىپ،
تاش ئېتىشتى رەڭدار قۇشقا قارىتىپ.
سەگەكلىشىپ قۇش خىيالدىن ئۇيقۇدىن،
زەڭگەر كۆككە سىڭىپ كەتتى پەر قېقىپ....
شۇندىن بېرى بىر خۇشاللىق بىر ئەلەم،
بەردى قىيىن بىر سوئالغا ئىجازەت.
باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇش بولغانمۇ
كەچۈرگىلى بولماس ئېغىر جىنايەت؟!
شۇندىن بېرى بىر خۇشاللىق، بىر ئەلەم
ئازابلىدى ئارام بەرمەي ئىچىمدە،
پايلاپ تۇرۇپ ھۇجۇم ياسىمىدىغاندۇ
ياخشىلارغا خەتەر ھەر بىر قەدەمدە.

* *

مەن بىر قۇشنى كۆرگەن كۆكلەم پەيتىدە،
قېچىپ يۈرەر ئىكەن قەستتىن يۈرەكسىز.
ئۈركۈتكەنتى ئارام بەرمەي ئادەملەر،
شۇندىن بېرى غايىب بولدى دېرەكسىز.

## كىم ئولجا

كۆن چايقالغان ئۆركەش ئۈستىدە
مەن باراتتىم مەجنۇن ھەم غېرىب.
سۇ پەردىسى ئىزدەيتتىم سېنى،
يۇلتۇزلارغا قوشۇلۇپ ئېقىپ.
كۆن چايقالغان ئۆركەش ئۈستىدە،
بارار ئىدىم قولۇمدا قارماق.
ئىلىناتتى رەڭدار بېلىقلار
شۇنچە يارقىن شۇنچە يالتىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈن چايقالغان ئۆركەش ئۈستىدە،
بىرەر ئىدىم ئۇلارغا ھۆرلۈك.
يولۇقسامىمۇ مۇشكۈلگە مىڭلاپ،
سېنى ئىزدەش ئىدى كۆڭلۈمدە ئۈلۈك.
كۈن چايقالغان ئۆركەش ئۈستىدە،
ئۇۋ قوغلىشىپ كېتەتتىم ئۈزۈپ.
مىڭ ئۆلەتتىم، مىڭ بىر تىرىلىپ،
قۇيۇنلارنىڭ زەربىگە ئۇچراپ.
كۈن چايقالغان ئۆركەش ئۈستىدە،
مەن ئىزدەيتتىم غالىب ھەم ئازاد.
ئوينىشىغاندا ئەجەل مەن بىلەن،
كۆلگۈن چىراي ئاچاتتى مۇراد.
كۈن چايقالغان ئۆركەش ئۈستىدە،
ئېلىنغۇالدىم سېنى ئاقسۇۋەت.
كۆپ يۇلقۇندىڭ بەرمىدى ئەرك،
قەلبىمىدىكى ئىلاھى قۇدرەت.
كۈن چايقالغان ئۆركەش ئۈستىدە
ساڭا ھەمراھ بىر ئارزۇ ئىستەك،
سۆيگۈ بىزگە بولۇپ زورۇۋان.
مەڭگۈلۈككە چېتىلدى يۈرەك.
كۈن چايقالغان ئۆركەش ئۈستىدە،
بىز سۆيۈشتۇق دىلدار بىمالال.
بىلمەي قالدىڭ تۇمەن كۆز بىزگە،
«كىم ئۇراجا» دەپ قويماقتا سوئال.

ئىسمائىل ئىلى

## گۈللەرگە چىرايلىق ھۆسن بەرگەنلەر

گۈزەللىك ئىنسانغا دەۋى ئوزۇق
شوڭلاشقا تەلپۈنەر ھەر ئوتلۇق يۈرەك.
تۆكۈلسە تۇپراققا كۆمۈش قەترىلەر
ئاتىدۇ دىلدىكى ئارزۇلار چېچەك.

گۈزەللىك دېگەندە كېلەر ئالدىمغا
رەڭدار رەڭ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەر.
بىلگىنىڭكى تەر تۆكۈپ، قولى قاپارغان
گۈللەرگە چىرايلىق، ھۆسن بەرگەنلەر.

## قەدىرلەيمەن

(دېھقان تىلىدىن)

تورغاي چۇ ـ چۇ قىلغاندا سەھەر
يول ئالىمەن ئېتىزغا قاراپ.
كەتمىنىمنى ئوينىتىپ كۆكتە
يۇمشىتىمەن تۇپراقنى چاناپ.

ئۇرغىنىمدا كەتمىنىنى ھەر رەت
توپا ـ چاڭلار چىقار پۇرقىراپ.
ئەل غېمىدا يانغاچقا قەلبىم
كۆمۈش تەرلەر ئاقار تامچىلاپ.

چەكسىز رازى ھالال تەر تۆكۈپ،
بەرگەچكە مەن ئەلگە ئاش ـ ئوزۇق.
قەدىرلەيدەن، چۈنكى ئانا يەر
دېھقان ئۈچۈن بىر «ئالتۇن قوزۇق».

## ياشلىق

بولغاچ بىر جۈپ ئېسىل قاناتى
پەرۋاز ئەيلەپ ئۇچار كۆكتە قۇش.
داۋام قىلسا ئىنسان ھاياتى
ئۇندىن ھەركىم بولار شۇنچە خۇش.

ياشلىقنى قەدىرلىگەنلەر،
ئىشلىرىدا قۇچتى شەرەپ ـ شان.
يول تۇتقانلار ئۇنىڭ ئەكسىچە
بارماق چىشلەپ قىلار پۇشايمان.

ياشلىق ئىنسان ئۈچۈن قىممەتلىك
بىرلا كېلەر، كەلمەس يېنىشلاپ.
نە كېرەك ئۇ، يېشى دەۋرىگە
بېرەلمىسە مەزمۇن بېغىشلاپ؟

ئىبراھىم نىياز

# شېئىرلار

## ئاھ، مېنىڭ دۇنيانى يارانقان ئانام

رەسساملار سىزالماس چېھرىڭنى سېنىڭ،
يارقىن نۇر چاچىسەن قۇياشقا ئوخشاش.
شائىرلار يازالماس مېھرىڭنى توگەل،
مۇڭلىنىپ كۆزىدىن تاراملايدۇ ياش.

ئورمانلار يېيىۋنغان پېشىڭدا سېنىڭ،
دەريالار ئۆگەنگەن يەنە كۈيۈڭنى.
نى قىسمەت چۆگىلەپ ئۆتكەن بېشىڭدا،
كەلكۈنلەر ئېپ كەتكەن ھەتتا تويۇڭنى.

سەن ياشاپ ئۆتكەنسەن غېرىب كۆلبىدە،
يىراققا ئاڭلانغان مۇڭلۇق ئەللىيىڭ.
ئۇخلىغان مۇڭلىنىپ جىمجىت كېچىلەر،
ئەللەيىنىڭ ئالدىدا ئىدى تەلىيىڭ.

مەن ئاڭلاپ ياتقانمۇ بولغىيدىم بەلكىم،
ناخشاڭنىڭ ئەۋجىدە كۆلگەندە ئارمان.
ۋە ياكى پىلتىڭلاپ، ياكى پۇشۇلداپ،
ياتقانمۇ بولغىيدىم شۇنچە خىرامان.

مەن ئەمدى قارىسام جەمجىت كېچىگە،
كەلمەيدۇ، ناخشاڭمۇ توگىگەن تامام.
ياتىسەن قەبرەڭدە مەڭگۈ كۆز يۇمۇپ،
ئاھ مېنىڭ دۇنيانى يارانقان ئانام.

## ئاھ، ئەجەپ ئازابلىق خوشلاشقان سەھەر

ئۇزاتتىم مەن سېنى ئازاب ئىچىدە،
تەلمۈردۈم، كۆزۈمدىن تاراملىدى ياش.
ئېسىمدە شۇ مىنۇت خوشلاشقان سەھەر،
سەن كەتكەن ئىدىڭ ئاھ، قۇياشقا ئوخشاش.

قالدۇرغان نۇرلىرىڭ سۆيدى دەممۇ-دەم،
گويىكى بەرگەندەك ماڭا تەسەللى.
تەلمۈردۈم سەن كەتكەن ئۇپۇققا ئۇزاق،
ئاخىرقى نۇرۇڭنىڭ توشتى قەرەلى.

مەن قالدىم يولۇڭغا تىكىلىپ يالغۇز،
تامامەن يوقالدى ئالدىمدىن قارائ.
بىلمەمسەن، سەن كەتكەن مىنۇتتىن باشلاپ،
بوپقاندىم بەئەينى بۇ ئەلدە سارائ.

......

## ئاھ، مېنىڭ ئەقىدەم، سۆيگەن چاغلىرىم

چىن سۆيگۈ ئەقىدەم بىلەن ئۇلۇغلاپ،
مەن سېنى دىلىمدىن، سۆيدۈم ئامرىقىم.
ئەمدىزە سەن تاشلاپ كەتتىڭ، خىرامان
ئاھ، مېنىڭ ئەقىدەم، سۆيگەن چاغلىرىم.

......

## يادىمدىن كەتمەيسەن تۇنجى سۆيگۈنۈم

مەن تېخى كۆكسۈمگە قوياlمىغان باش،
شۇنچىلىك كۆيۈشۈپ كەتكەن ئايرىلىپ.
كۆزلەردىن ئازابتا تاراملىغان ياش،
گويا بىر قانىتىم كەتكەن قايرىلىپ.

ئاھ، مانا ئارىدىن ئۆتتى نەچچە يىل،
ئەسلەيمەن گاھىدا بەكمۇ ئازابتا.
«پىرى» قىلسا يۈرىكىم، چىدىمايمەن بىل،
سىمايىڭ كۆرۈنەر بەكمۇ ئۇزاقتا.

بىز كۈتكەن ئارمانلار بولمىغان ھاسىل،
ئۈزۈلگەن رىشتىمىز ئۆتكۈر قىلىچتا.
ۋە يەنە قۇرۇلغان مەزمۇت بىر پاسىل،
بىز ۋەيران بولغاندا، كەسكىن چېلىشتا.

ھەممىسى نامەلۇم قاراڭغۇ ساڭا
مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا نېمە كۆرگۈنۈم؟
ئەسلەيمەن مەن سېنى چۈشۈمدە يانا
يادىمدىن كەتمەيسەن تۇنجى سۆيگۈنۈم!
......

## دوستۇمغا

كۆڭۈللەرنى قىلمايلى يارا،
توختىمىسۇن ناخشىمىز ئەبەت.
بۇ ئالەمنى كۈلدۈرۈپ بارسۇن،
بىز ياراتقان سۆيگۈ مۇھەببەت.

## نېمىدېگەن گۈزەل تەبىئەت

قاقشال شاختا ئاپئاق چېچەكلەر،
يوللارمۇ ئاق، كىرپىكلەرمۇ ئاق.
ئەركىن قانات قاقماس قۇشقاچلار،
قاياقتىدۇ يوقالغان بىراق.

ئاقلىق ئىچرە يۈرەر باللار،
قاقشال شاخنى قايرىپ-ئىرغىتىپ.
بىر كۈي كەبى تۆكۈلەر شاختىن.
ئاشۇ ئاقلىق، دىلنى يايرىتىپ.

تەبىئەت ئاق، دىلىمىزمۇ ئاق،
نۇرلۇق كۆزدىن ئاقار مۇھەببەت.
ئاقلىق تومان باقار ئادەملەر،
نېمىدېگەن گۈزەل تەبىئەت.

غالىب قۇربان

# ئاچچىق ئاھىلار

### مۇھەببەت ئىرىكلىرى

1

يىراقلاردا ھۇۋۇلىغان ناخشام،
ئۇيقۇسىراپ جۆيلىمەمدۇ يەنە.
سەن تەرەپكە ئەۋەتكەن ناخشام،
يەنە ئاڭلاپ قايتامدۇ تەنە.

ئېقىپ چۈشكەن گىرىدىسەن يۇلتۇز،
كۆزلىرىڭدىن ياساپتۇ ئۇۋا.
كىرپىكلىرىڭ پەپىلەر ئۇنى،
يولاتمايدۇ ساڭا بىر مىنى،
بۇ نېمە ئىش، نېمە ئىش تۇۋا.
مېنىڭ ئاشۇ قەلب نىدايىم
بىلىنەمدۇ يار ساڭا يۇھا.

2

ساھىلىڭدىن ئۆرلىگەن مانان،
سېھىر بولدى باغلىدى مېنى.
يەنە كەلدىم ئۆتەڭلەر ئاتلاپ،
خىيالىمدا قۇچاقلاپ سېنى.

قۇشقاچ چاڭگال تىزغان ئەنجانتام،
كۆرۈندى كۆزۈمگە غۇۋا.
غىچىرلىغان ئىشىكىڭگە سەن
ئېسىپ قويغىن نامىمدىن تۇما.

جىرالارغا قاچمىغىن زىنھار،
يۈرەمەي ئەمدى سېنى قوغلۇشۇپ،
بۇلاقلارنىڭ زۇمرەت يېشىغا،
ناخشام بىلەن كەتمەي قوشۇلۇپ.

3

كۆزلىرىمدىن تامچىغان تامچە،
تىزىپ چىقتى گىرىدىسەن مىسرا.

مەسىلالاردا يۈرەر ئەلەگلەپ،
سۆيگۈلىرىم ئانا ئۇرۇپ يانا.
ئاتلاپ كەلسەم تاغلار ئۈچىدىن،
مۇكۈۋالىما جىرا قىيتىمغا.
ھۆسا بولۇپ قوندىغىن زىنھار
مەيدىن ئۆزگە ئىنسان بېشىغا.

قويۇۋەتكىن ئەقىل قوشۇقىنى،
چاقچا تىزسۇن سۆيگۈم قېتىمغا.
يۈرىكىمنى ئەيلىگىن ئوۋا،
ئاھلىرىمدىن قاچمىسۇن دەريا.

4

گۈل بەرگىدە چاقنىغان شەبنەم،
سېنى جانان كۆرگەنتى قاچان.
ئاھۇ چېھرىڭ ئۈنىڭدا قاپتۇ،
يۈرەك - باغرىم ئۆرتەندى شۇئان.
قېقىۋەتتىم بارچە شەبنەمنى،
رەنجىمىگىن ئەكسىڭنى بۇزدۇم.
قاچان بولار مېھرىڭگە ھەمراھ،
كۆز ياپرىقى مىسالى تۇرقۇم.

5

قاپتاللاردا ئۆگدىگەن كەپەك
مۇڭ تىلەيدۇ چوپان نېيىدىن.
سەيلىلەرگە ھەرنەسەن قەلبىم
گۆھەر ئىزدەر سۆيگۈك قېتىدىن.

شامالالارغا يوقمۇ ئىجازەت،
نىچۈن بۈگۈن قىلمايدۇ سەيلە.
خىياللاردىن چاقىغان جىسمىم
چۈقان سالار كاچكۈلۈك نەدە.

قوغلاپ كەلسەم ئاي بىلەن دائىم،
سىڭىپ كەتمە كەپەككە زىنھار.
كاچاتلىما سۆيگۈمنى بۇ كەچ،
قالدۇرالسۇن قەلبىمنى ئىزھار.

6

جىگدىلەرگە بۆلۈنۈپ كېچە،
مۇڭلۇق ناخشام ياڭرايدۇ ئاستا.
سىرىڭىزلەر تەۋرىنىپ تۈندە،
ناخشىلارغا بولىدۇ ھەمراھ.

خىياللارنى ئوغرىلاپ خىيال،
ئىشىكىڭدىن كەتمەيدۇ نېرى.
توسۇۋېلىپ ئالدىمنى، زىنھار —
ئېچىلمايدۇ خىياللار سىرى.

## لىرىكا

(سوفىيا باچيوسكايانىڭ لىرىكىلىرىغا تەقلىد)

يېنىك، - يېنىك چېكىپ قەلبىمنى،
ئىنتىلىدۇ ئىشقىمغا دۇنيا.
خىيال ئاستا كېلىدۇ مېنىڭ،
ھاسىل قىلىپ سۆيگۈدىن شولا.

خىياللارغا قوشۇپ شۇ خىيال
تىرىقلىتار كۆزنەكنى شامال.
ئىسسىق تەپەس سېزىدۇ جىسمىم،
سېنىڭ بىلەن مۇڭداشسا خىيال.

سۈكۈناتلىق خىيالچان سەھەر،
كېزەر تۇمان زەڭگەر ئاسمانى.
خىيالىمدا ئۈنسىز بىر يىغا،
ئەسلىتىدۇ چېھرىم سامانىنى.

قۇياش قونغان قارا كۆزلىرىم،
تىكىلىدۇ مېھرىبان ساڭا.
چىرايىڭدا غەمسىز بىر نىگاھ،
ئاتا قىلار پىغانىنى ماڭا.

## تىرىلگەن ھايات

سۆكۆت ئىچرە ئۇخلايدۇ بارخان،
كۆرۈندۇ تۆگە بەستىدە.
ئىسكەلىتىنى ئورىغان يۇلغۇن،
تاۋلىنىدۇ قانىنىڭ رەڭگىدە.

تۆكۈلىدۇ قىرى توغراقنىڭ،
ئاداققى بىر سېرىق ياپرىقى.
ئۈپۈق يورۇپ كېلىدۇ ئاستا،
پەنجىسىدە قۇياش بايرىقى.

قۇملۇقلاردا قۇياشقا سۆكۆت،
ھايات ئېگراپ قوپىدۇ ئاستا.
كۆزلىرىدە خىيالى جەننەت،
ئالەم سۆتتەك تاۋلىنار گويا.

ئايلىنىدۇ زېمىننىڭ ئوقى،
پەسىللەرنى قوغلايدۇ شامال.
قىراۋ باغلاپ كەتكەن يوپۇرماق،
چۈشەمدىكىن باھارنى بۇھال.

## يۈتكەن ئۈمىد

سوغ شىۋىرغان قۇچاقلاپ پەنجىر،
ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلايدۇ ئۇزاق.
تۈن كېچىلەر چېقىپ ۋىسالنى،
چىغىر يولغا قويىدۇ توزاق.

شېرىن ناخشا كەلمەس يىراقتىن،
شەپىلەردىن ئەسەر يوق زىنھار،
ئۈۋىسىغا بېكىنگەن ھەممە،
ئەمما چاڭقاپ بولار ئىنتىزار.

تەنھا ئۈمىد چېكىپ دېرىزە،
ئۆتۈپ كېتەر ئىشىك تۈۋىدىن.
جۈرئىتى يوق چىقىشقا مەخلۇق،
ئۈمىد ئورۇن ئالار ئۈپۈقتىن.

گۈزەلنۇر نايۇپ

## پىنھان سۆيگۈ

تەلمۈردۈم، ئوت بولۇپ كۆيدۈم مەن ساڭا
ۋە لېكىن سۆيگۈمنى بىلمەيسەن نىگار.
پاك قەلبىمنى قەلبىڭدىن ئىزدەيدۇ ۋىسال،
روھىمدۇ روھىڭنى قانماي قۇچاقلار.

ئۈن - تىنسىز كۆيۈمەن ئىشقىڭدا پىنھان،
كۆكسۈمدە گۈركىرەپ يانار ئىشتىياق.
سۆيگۈمنى بىلمەيدۇ ھېچقانداق ئىنسان،
تەقدىرنىڭ قىسمىتى ئوخشايدۇ شۇنداق.

سەممىي يۈرەكتىن باغلانغان رىشتىم،
ساڭىلا خاس ئىدى كىرسىز بۇ كۆڭۈل.
قورقىمەن سۆيگۈمنىڭ ئوت يالقۇنىدىن
كۆيدۈرۈپ ۋاقىتسىز قىلارمۇ دەپ كۈل.

ئەيمىنىپ تىكىلگەن ياشلىق كۆزلىرىم
كۆزۈڭدىن ئىزدەيدۇ چىن سۆيگۈ ھەرۋاق.
مۇھەببەت ئىنسانغا بېرىدۇ شادلىق،
ئاھ لېكىن بۇ شادلىق مەندىن بەك يىراق.

گۆھەر چىنتۆمۈر

## ئىلتىجا

قايرىۋەت ئارىقىم ماڭلاي چېچىڭنى،
ئاقارسۇن پېشانەڭ سۆبھى نۇرىدىن.
قوشۇۋەت سەن ئۇنى بوستانلىرىڭغا،
ئاشىق بوپ ئازغانلار يانسۇن يولىدىن.

## مېھنەتسىز...

قىز قەلبى قاغجىراپ تۇرغان ئېتىزمىش.
يىگىتلەر سۆيگۈسى كەۋسەر سۈيىمىش.
يىگىت - قىز بىرلىكتە چاپمىسا ئېرىق،
مېھنەتسىز ئاردانلار قانداق كۆزلىمىش؟

ئايتۇرا دادىر

## گۈلگە ئوخشىسالا ئەگەر...

بولمىساڭمۇ گۈلدەك چىرايلىق
ئوخشىتىمەن ئۈزۈڭنى گۈلگە.
ماختىنىمەن: «ئىسىمىمۇ گۈل» دەپ،
شادلىقلىرىڭ چاقنار كۆزۈڭدە.

ئېچىلسا گۈل، چاچار خۇش پۇراق،
ھۇزۇر ئالار ھەممە ئۇنىڭدىن.
گۈل دېسەم مەن تۇرقۇڭنى كۆرۈپ،
زەھەر تامار ئىكەن قەلبىڭدىن.

بولماسمىدى گۈل بولساڭ ئەگەر
گۈلگە ئوخشاش ئېسىل خىسلىتىڭ؟
سۆخەنچىلىك قىلىپ ئارىدا،
ئىغۋا تېرىش كەسپىڭمۇ سېنىڭ؟

مىجىت نىزامىدىن

## پارچىلار

گۈللىسۇن-ياشنىسۇن ئۆمرۈمنىڭ بېغى،
توسالماس ھەرگىزمۇ مۇشەققەت تېغى،
ھاياتتا چىداملىق بولۇپ ياشىساق
ئەۋلادقا قالىدۇ ئۇنىڭ ساپ يېغى.

* *

پاك نىيەت بولمىسا ھەرقانداق كىشى
ھەرگىزمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ ئىشى.
ئېچىلماس بەرق ئۇرۇپ ئۇنىڭ گۈلىمۇ،
پەرقسىز ئۆتكەچكە ياز بىلەن قىشى.

* *

سۆيگۈدىن، ۋاپادىن ئايرىلغان كۆڭۈل
شادلىقنى ھەر ۋاقىت قىلالمايدۇ ھېس.
كىم پەخەس بولمىسا سۆيگۈ يولىدا
ئورۇنسىز دەرد ئەلەم قىلىدۇ خىرىس.

تۇرسۇنگۈل ساۋۇت

## مېنى ئەسىر قىلغان ئاشۇ نۇر

ئاي تولمىغان تۇمانلىق ئاخشام
ئېغىر-ئېغىر ئالىمەن قەدەم.
جىمىرلاشماس كۆكتە يۇلتۇزلار،
كۆرۈنمەيدۇ ھەتتا كۆلەڭگەم.

تەسىرىدىن قايسى بىر كۈچنىڭ
يوپۇرماقتەك تىترەيدۇ جىسمىم.
شىۋىرلايمەن چىقمايدۇ ئاۋاز،
ساداسىنى يوقاتقاچ تىلىم.

ۋىلىلدايدۇ يىراقتا بىر نۇر
جۈپ كۆزلىرىم ئەسرارى ئۇنىڭ.
كەلدىم شۇڭا ھەمراھى بولۇپ،
تالاي يورۇق، قاراڭغۇ تۈننىڭ.

چىقتىم يەنە، يەنە بۇ كېچە،
ئەتراپىمدا بىر قەۋەت تۇمان،
تۇمانلارنى يېرىپ شۇ بىر نۇر
ئاۋۋالقىدەك تۇراتتى ھامان.

تۇرسۇن ئۆمەر

## ئايدىڭ كېچە

ئايدىڭ كېچە دالىلار ئاپئاق
ئاي نۇرىدىن رەڭ ئىچكەن قىشلاق.
ئوت ئورۇيدۇ بەرنا بىر يىگىت،
ناخشا توۋلاپ ئوينىتىپ ئورغاق.

تەلمۈرىدۇ يىگىت ساماغا،
ئايغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ.
ھىجران ئوتى ئۆرتەپ يۈرەكنى
يۈرەك قانغا — زەردابقا تولۇپ.

www.uyghurkitap.com

سانسىزلىغان يۇلتۇز ئىچىدىن
بىتاقەتتە ئىزدەيدۇ جورا.
خىيالىدىن كېچىدۇ شۇئان
يارى تۇرغان چەتتىكى قورا.

يىگىت يارى بىخەۋەر ئۇندا،
پىچىرلايدۇ پىنھان كەپىدە.
ئاشىنىسىغا قىلىدۇ قەسەم
كۆرۈشمەككە ھەر كۈنى تۈندە.

قۇربان ئەمەت

## قاقشال دەرەخ

يالغۇزلايدۇ ئۇستىدە بىر ئوت
قاقشال دەرەخ تۆكۈلگەن بەستى.
چۆچۈل بولغان يېشىللىقى ـ قۇت،
تۇتۇنسىمان يوقالغان بالكى.
رەنجىپ يۈرەر ئۇنىڭدىن باھار،
زارىقىشتا يېشىللىق تىلەپ.
يولسىز تەلەپ كەلگەنمىكىن ھار،
ئۇ ئۆرتىنەر پىغانى ئۆرلەپ.
ھېسداشلىقتىن تۇرغاچقا يىراق،
قاقشاللىقتا چۈشمەس باھار،
چىدامىدا بولغاچ ئىشتىياق،
ئۇ ئۆزىدە سېزەر ئېتىخار.

## مەن تارتىنچاق

مەن تارتىنچاق، شۇ مېنىڭ خەزىنەم
ئەي مۆھتىرەم بولمىغىن ھەيران.
قويغىن مېنى ئەركىمگە بىردەم،
ئەركىن تۇراي ئالدىڭدا بىر ئان.
مەن تارتىنچاق، شۇ مېنىڭ بەختىم
ھۆرمىتىم بار ئەجرىمگە بەرھەق.
شۇدۇر مېنىڭ پەزىلەت تەختىم،
بولدۇم شۇڭا ئالدىڭدا شەپەق.
مەن تارتىنچاق، قەلبىم كائىنات،
پارلار ئۇندا نۇرلۇق بىر قۇياش.
شۇ كەڭلىكتە شاھانە ھايات،
ئۇندا كۈلكە، مىسكىن قايغۇ، ياش...
مەن تارتىنچاق، بىراق مەن مەردان،
ئەزگۈلۈككە ئەقىدەم دەريا.
قەلبىمدىكى ئۇمىدلىك كۈلخان
شۇ كۈلخاندىن پارلىغاي دۇنيا.

ئالىم تۇرسۇن

## سۆيگۈ

چۆكۈپ كەتتى كۆزلىرىمگە سۈرىتىڭ،
قانداش بولدى قانلىرىمغا سىڭىشىپ.
قولۇم سوزۇپ تۇتالمىدىم جىسمىڭنى،
قاراپ قالدىم خىيال سۈرۈپ ئېڭىشىپ.

بىلەلمىدىم خىسلىتىنى كۆزۈڭنىڭ،
مەھبۇس بولدى خىيالىمغا بېقىشىڭ.
نازلىرىڭدىن ئەقىدەمنى سېھىرلەپ،
ئويغا سالدى كۆزلىرىمدىن قېچىشىڭ.

قاچۇرمىغىن قارىچۇقىڭنى كۆزۈمدىن،
ئەقىدەمگە ئەككىن مەغرۇر بېشىڭنى.
تىترىمەسزىن سۆيگۈ ئىزدەپ لەۋلىرىڭ،
ئاقتۇرمىغىن خىلۋەتلەرگە يېشىڭنى.

ئۆختەر زىبەل

## ئەمشەنگەن ماڭا

تولۇن ئاي ھۆسنىگە باقسام تەلمۈرۈپ،
خىجىللىق ئاستىغا قالدى كۆمۈلۈپ.
كۆڭلىڭىڭ قوزغىلىپ قالدىمۇ جانان،
قايمۇقىڭ تۇرۇلدى بۇ ھالنى كۆرۈپ.

رەنجىمە، ئەي جانان، چۈشەنگىن بۇنى،
ئاينىڭمۇ جۇپتى بار، بەختسىز بىراق.
كۆتەمەكتە ئۇ ئوتلۇق ۋىسال پەيتىنى،
ئۆتكۈزۈپ كۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئويناق.

ھىجراننىڭ شۇ قانلىق جاراھەت ئىزى
قالدۇردى قەلبىمدە پۈتمەس قارا داغ.
ئاق ئەتىر گۈلىدىنمۇ ئىدى ئەسلى پاك
سۆيگۈنىڭ بىغلىرى كۆكەرگەن شۇ چاغ.

بەختلىك بولغانمۇ ئايىمۇ بىر چاغدا،
سۆرگەنمۇ سۆيگۈنىڭ گۈزەل پەيزىنى.
ئايرىدى ياردىن رەھىمسىز تەقدىر،
قالدىدى يۈرەككە قانلىق نەيزىنى.

تۇردىمۇ ئۇ يەنە مەغرۇر نۇر چېچىپ،
ئەسلەيدۇ ئۇنتۇماس تۇنجى سۆيگۈنى.
ۋاپادار ئۇ سۆيگەن يارى ئالدىدا،
سۆيمەيدۇ تەلپۈنۈپ ھېچۋاق ئۆزگىنى.

خاتىرجەم بول جانان ئىشەنگىن ماڭا،
سەن تۇرۇپ ئۆزگىگە بەرمەسمەن كۆڭۈل.
گۇمانخور بولمىغىن، توق توت ئۆزۈڭنى،
بۇلبۇلنىڭ سۆيگىنى ھامان قىزىل گۈل.

مەن بۇلبۇل گوياكى سەن بىر قىزىل گۈل،
قەلبىمدە ئورۇن بار ساڭىلا پەقەت.
پۇراپمۇ قويماسمەن باشقا گۈللەرنى،
باغلىغان مەن ساڭا شۇنداق مۇھەببەت.

ھەسەن ھۈسەيىن

## ئەقىدەمگە يىغلايدۇ يۈرەك

ساددا كىزۋازىم ۋاپاسىز يارغا
يىغلىنغانتى داد ـ پەرياد ئۇرۇپ.
ۋىسال ئەمەس، ئازابلىق كۈنلەر
قالدى ماڭا چىن ھەمراھ بولۇپ.

جانغا تەگكەچ ھىجران قامچىسى،
ئىچىلمىدى سۆيگۈمدىن چېچەك.
شۇ تۈپەيلى ئاچچىق ياش تۆكۈپ،
ئەقىدەمگە يىغلايدۇ يۈرەك.

## جانانغا

ئاق لالىدەك بويۇڭدىن، جانان
دىماقلارغا پۇرايدۇ ئەنبەر.
ھۆسنىڭدىكى خىجىللىقىڭمۇ
زەر ئۇپۇقتا پارلىغان شەلپەر.
غۇنچە يەڭلىغ يۇمران لىۋىڭدىن،
تېچەلمىدىم بىر قەترە كەۋسەر.
چۈنكى سوغۇق كۈلۈپ بېقىشىڭ،
يۈرىكىمگە قادالغان خەنجەر...
ۋۇجۇدۇمنى رام ـ ئەسىر قىلغان
قارا چاچىڭ مىسالى قۇندۇز.
قۇچاقلىسا قۇياش جىسمىڭنى،
ئېرىمدىكىن قەلبىڭدىكى مۇز؟!
زىبالىقنى پەش قىلما، جانان،
سۆيمىسەڭمۇ مېنى بىر مەررە.
يۈرىكىڭ ـ تاش، ئۆزۈڭ بىر قاتىل،
يوقكەن سەندە ۋاپادىن زەررە.

---

(بېشى 88 ـ بەتتە)

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مۇدىر پىكاپلار ئارىسىدىن چىقىپ ئىشىككە كەلدى. «ئەرباب» ئۇنى ئەيىبلىگەن قىياپەتتە:

ــ سىز مۇدىر تۇرۇپ نېمىشقا زالغا كىرمىدىڭىز، سىز بولمىسىڭىز مېھمانلارنى كىم قارشى ئالىدۇ. بېجىرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار تۇرۇپتۇ، چاپسان بولۇڭ، ئايروپىلان كېلىدىغان ۋاقىت ئاز قالدى!... ــ دېدى ۋە ئابلىز مۇدىرنى باشلاپ زال ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

مەسئۇل تەھرىرى: سارەم ئىبرايىم

ئابدۇرېشىت ھاشىم

## جەننەت ئىكەن

سەيلە قىلىپ كۆرسەم «ئامانشا»① باغلىرى جەننەت ئىكەن،
تىل يارار ئەنجۈر، ئانار، كىشمىشلىرى زۇمرەت ئىكەن.
كۆرمىگەن بۇنداق كارامەت جاينى مەن يۇرت ئارىلاپ،
بۇندىكى چىمەن بۇلاقنىڭ سۇلىرى شەربەت ئىكەن.
«نەزەرى چۈشكەن خىزىرنىڭ» دەيدىكەن ئەل يۇرتنى،
تەك، جۈجەم، شاپتۇل، ياڭاق سۇ بويلىرى سۆگەت ئىكەن.
رەڭمۇ رەڭ گۈللەرگە تولغان باغ - باراڭ كەڭ ھويلىلار،
خۇش پۇراق چاچقان ئىپتىز، چۈنەكلىرى زىننەت ئىكەن.
«كەل، مانا ئوغلۇم يېگىن» دەر مويسىپىت باغۋەنلىرى،
شىرىندا مەي باغلىغان ئەنجۈر دېگەن لەززەت ئىكەن.
پاختىتا تەرسە تاڭ سەھەردە پاختىكارلار يەڭ تۈرۈپ،
شوخ ئانار يۈزلۈك چىرايلىق قىزلىرى سۈرەت ئىكەن.
باي بولۇش يولىنى ئىزدەپ پاك ھالال تەر - ئەجرىدىن،
بەسلىشىپ ئۆتكەن ئىناق دوست - يارلىرى ئۈلپەت ئىكەن.
پاك نىيەت چىن كۆڭلىدىن كۈتكەندە مېھمان ئۆزئارا،
بەرگۈسىز ئالتۇنغا ھەر بىر سۆزلىرى خىسلەت ئىكەن.
گۈل - باراخسان ئاشۇ يۇرتنىڭ چېتىگە يەتمەس كۆزۈڭ،
خۇددى ئورماندەك مۇنار چۈنجە②لىرى رەت - رەت ئىكەن.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: مەمتىمىن بارى

① ئامانشا — ئوكيۇندىكى بىر يۇرت.
② چۈنجە — كىشمىش قۇرۇتىدىغان ئۆي.

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە قوشقان مول ھەم قىممەتلىك تۆھپىلىرى ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شائىرنىڭ ئۇزۇن يىللىق، جاپا-مۇشەققەتلىك، جۇشقۇن ۋە مەنىلىك ئىجادىي ھاياتى بىزدىن ئەتراپلىق، ئوبيېكتىپ، ئادىل، توغرا ھەم ئىلمىي باھا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدە قازانغان شان-شۆھرىتى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنى تۇغۇپ-ئۆستۈرگەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئانا مەكتەپنىڭ بەدىئىي تەربىيىسىگە مەنسۇپ.

تېيىپجان ئېلىيېۋ 1930-يىلى 4-ئاينىڭ 11-كۈنى ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى راكىراخۇن چوڭ ئۆلىما بولۇپ، نىزامىدىن ئاخۇنۇم (شائىر نىزامى) نىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەنىدى. شۇڭلاشقا نىزامىي شېئىرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈشكە ئامراق ئىدى. شېئىرغا ئىشتىياقى كۈچلۈك بۇ ئادەم خوجا ھاپىزنىڭ شېئىرىنىمۇ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ئاز بولمىغان شېئىرلارنى يازغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ھۆۋەيدا، ناۋايى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ دىۋانلىرى ھەم بايازلار كۆپ ئىدى. ئۆز ئائىلىسىدىلا ساۋاتىنى چىقارغان تېيىپجان بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئاشۇ چاغلاردىن باشلاپلا يادلاشقا كىرىشكەن.

ئۇلارنىڭ ئۆيىدە دائىم دېگۈدەك مەشرەپلەر بولۇپ تۇراتتى. تېيىپجان مەشرەپلەردە ئېيتىلغان ناخشا، قوشاقلارنى، پەرىلارغا بېرىپ، باخشىلارنىڭ ئاۋۇشلىرىنى، بېيىتلىرىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن قىزىقىپ ئاڭلايتتى. ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ، بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي سېھرىي كۈچى كىچىك تېيىپجاننى ئۆزىگە پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. بۇ خىل كۈچلۈك رىشتە ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە سەنئەتكە، بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە بولغان دەسلەپكى مۇھەببەتنى ئويغاتتى.

تېيىپجان ئورمىغا، شال ئوتاشقا ئۇستا ئىدى. ئەينى يىللاردا دېھقانلارنىڭ ئورمىدا، شال ئوتاش مەزگىلىدە بىر-بىرسىنى شاگىنو قىلىشىپ ئېيتىشقان ناخشىلىرى ئۇنىڭغا ئەڭ جانلىق، ئەڭ كۆڭۈللۈك شېئىرىيەت مەكتىپى بولغانىدى. دودىشاڭلاردا قوشاق توقۇش ماھارىتى بىلەن كۆزگە چېلىققان تېيىپجان دېھقانلارنىڭ چىن دىلىدىن ماختىشىغا ئېرىشكەنىدى. بۇ ئۇنىڭ خەلقنى قايىل قىلغان تۇنجى ئىجادىي پائالىيىتى ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئائىلىسى «شىنجاڭ گېزىتى» گە مۇشتىرى ئىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا

بۇ گېزىتتىن ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغىنى ل. مۇتەللىپ بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرلىرى ئىدى. تېيىپجان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كىرگەن خىلمۇ خىل گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرۈپ، مۇنەۋۋەر بەدىئىي ئەسەرلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن تېيىپجان بىر كۈنى مەلۇم بىر كىتابتىكى باراۋانچى بالىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ قالدى ۋە شۇنىڭ تەسىرىدە «باراۋانچى بولسەن» دېگەن شېئىرىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ تۇنجى شېئىرى مەكتەپ تام گېزىتىگە چىقىرىلدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن تېيىپجان بەختكە قارشى گىمنازىيىگە ئوقۇشقا بارالماي قالدى. چۈنكى دەل شۇ يىلى ئىنقىلاب پارتلاپ، مەكتەپلەردە ئوقۇش توختاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېيىپجاننىڭ دادىسى زاكىراخۇن 1942 - يىلىلا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. شۇڭلاشقا گىمنازىيىگە ئوقۇشقا بېرىشقا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىمۇ يار بەرمەيتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا يۇرت مۆتىۋەرلىرى تېيىپجانغا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇ، دەپ، بېسىم ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىنىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بىكار چاغلىرىدا گېزىت - ژۇرناللارنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيتتى. خەلپەتلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ياقتۇرمايتتى، چەكلەيتتى. شۇڭا ئۇ 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئوقۇشتىن سوۋۇپ، «ئەسكەر بولىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، لېكىن ئۇنى «كىچىك ئىكەنسەن» دەپ، ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلمىدى.

تېيىپجاننىڭ چىن ھەم قايناق ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئاددىي، يېقىملىق، ئاھاڭدار، راۋان ھەم يۇمۇرلۇق شېئىرى تىل بىلەن يېزىلغان «جەڭچى ئاكامغا» ناملىق سىياسىي لىرىكىسى ئاشۇ چاغدا دۇنياغا كەلگەنىدى.

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتىگە شائىرنىڭ «جانان ئۈچۈن» ناملىق شېئىرى بېسىلدى. بۇ ئۇنىڭ كىتابخانلار بىلەن مەتبۇئات يۈزىدە ئۇچراشقان تۇنجى ئەسىرى ئىدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ «جۈرئىتى» تەخەللۇسى غۇلجىدا چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە پات - پات ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. «جانان ئۈچۈن» ناملىق شېئىرى ئېلان قىلىنغان چاغدا تېيىپجان ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەنىدى. بۇ شېئىرنىڭ:

«سەن ئۈچۈن كۆيسەم دۇنيادا ئوتتا تارتىپ مىڭ ئازاب،
مېنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرمەس، قاچار بەلكىم ئۇزاپ.
سېنى دەپ سۇدا ئېقىپ ئۆلسەم تۈمەن كۈلپەت كۆرۈپ،
تىرىلىپ كەۋسەر ئېقىندە ئۈزىمەن لەززەت سۈرۈپ.
جەسەتىم ياتمىسا ھېچ جايدا شۇ تۇپراقتىن بۆلەك،
شۇ ماڭا جەننەت ئەمەسمۇ، ئۆزگە جەننەت نە كېرەك»

دېگەن يالقۇنلۇق مىسرالىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سۆيۈمە- ئانا يۇرتىغا بولغان ئاجايىپ كۈچلۈك مۇھەببىتىنى

نى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈردى.

تێيىپجان ئێلىيێۋ بىرقانچە شێئىرى ئێلان قىلىنغاندىن كێيىن غۇلجىغا بێرىپ، زۇنۇن قادىر، ئەئلەم ئەختەم قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئىگە بولدى. تێيىپجان شۇ قێتىم غۇلجىدىن ئابدۇللا توقاي، خەممت ئالىمجان، پۇشكىن، نىكراسوۋ قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئۇيغۇر، ئۆزبێك، قازاق، تاتار تىللىرىدا نەشىر قىلىنغان ئۇرغۇنلىغان شێئىرلىرىنى تاپتى. داۋۇت تۇرەخمەتوۋ، كێۋىر نىياز قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا كۆپلىگەن ئەدەبىي كىتابلارنى ئارىيەتكە بەردى. تێيىپجان ئۇ كىتابلارنى قورغاسقا ئێلىپ كێلىپ، خەلپەتلەردىن يوشۇرۇنچە ئوقۇپ يۈردى. شائىر هاياتىدىكى ئەڭ جۇشقۇنلۇق تۆت يىل دىنىي مەكتەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئۇ «چارى كىتاب»، «سوپى ئاللايار» قاتارلىق پارسچە هەم چاغاتاي تىلىدىكى كىتابلارنىمۇ ئوقۇدى. شائىر بۇ كىتابلارنى قۇرئان بىلەن بىللە ئوقۇغاچقا، خەلپەتلەرنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىمىدى. شائىر شۇنداق قىلىپ چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدى. كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى ئاجايىپ ئێسىل بايلىقلار ئۇنى هەيران قالدۇردى.

تێيىپجان ئێلىيێۋ 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ بێشىدا دىنىي مەكتەپتىن قێچىپ غۇلجىغا باردى ۋە يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن «ئالغا گێزىتى» گە خىزمەتكە كىردى. ئۇ تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگىلى ئىككى هەپتە بولغان چاغدا ئۇنىڭغا كۈزلۈك هوسۇلنى ۋاقتىدا يىغىۋېلىشنىڭ ئەهمىيىتى هەققىدە بىر باشماقالا يېزىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. تێيىپجان ئۇنى تاڭ ئاتقىچە ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقتى. بۇ ماقالە سەيپىدىن ئەپەندى كۆرگەندىن كێيىن، گێزىتتە ئێلان قىلىندى. ماقالە ئێلان قىلىنىپ بىرقانچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەستىقى بىلەن تێيىپجان ئێلىيێۋ رەسمىي مۇھەررىر بولدى ھەمدە «ئىتتىپاق» نىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىششقا باشلىدى. شائىر هاياتىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئەينى يىللاردا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ پائالىيەتلىرى ئىنتايىن جانلىق بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق رەھبەرلەر ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت، ئىنقىلابنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى، مىللىي مۇناسىۋەت ۋە باشقا تېمىلاردا ھەر دائىم لېكسىيە بېرىپ تۇراتتى. ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان بۇ ئىلغار زىيالىيلارنىڭ مەزمۇنغا باي لېكسىيىلىرى ياش تێيىپجاننىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى تۇردى. شائىر شۇ يىللىرى ماركس، لېنىنلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ ئۇچراشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ بىخلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

1949 - يىلى شائىرنىڭ «لېنىن ئۆلمىدى» ناملىق شێئىرى ئێلان قىلىنغاندا، بەزى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ئۇنىڭ «لېنىن ئۆلمىدى» دېگەن گېپىگە خاپا بولۇپ، گېزىتخانىغا كێلىپ ئەرز قىلىشتى. بۇ خىل يولسىزلىق تێيىپجاننىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمغا

ۋە سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. «ئالغا گېزىتى» دە «خىلدىق» سەھىپىسى بولۇپ، بۇ سەھىپىگە بېسىلىدىغان ئەسەرلەردە تەنقىدلىنىدىغان شەخسنىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپىلا ئېلىناتتى. ئاپتورلار مەخپىي تەخەللۇس ئىشلىتەتتى. ئەينى يىللاردا بۇ سەھىپىنىڭ ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلاش رولى بولغانىدى. مۇشۇ سەھىپىگە تېيىپجاننىڭ ئىككى پارچە ئەسىرى بېسىلغاندىن كېيىن، شائىر تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغان كىشىلەر سېزىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشقانىدى. شائىر بۇنىڭدىن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ھەجۋىي ئۇسۇل بىلەن قامچىلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەندى، ئۇنۇمىنى ئېنىق كۆردى. بۇ رېئاللىق شائىرنىڭ ھەجۋىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىسىنى مۇستەھكەملىدى. شۇڭلاشقا كېيىنكى كۈنلەردە ھەجۋىي شېئىرلار شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى، ھەتتا بۇ خىل ئەسەرلەر شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىشىغا ئالاھىدە زور تەسىر كۆرسەتتى.

خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا تۈپ ئۆزگىرىش ھەم غايەت زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان ئازادلىق تېيى شائىر ئىجادىيىتىنى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە تېخىمۇ بېيىتتى. ئۇ ئازادلىقنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان «خىتابىم» ناملىق شېئىرىدا خەلقنى بىر ئوچۇم ئالدامچى، كاززاپ، زالىم ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن ھوشيار بولۇپ، ئىنقىلاب مېۋىسىنى، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ھاكىمىيەتنى قوغداشقا چاقىرسا «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز»، «دەرد»، «ماۋجۇشىغا خەت» ناملىق شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ فېئودالىزم ئۈستىدىن قىلغان ئاچچىق شىكايىتى بىلەن قەد كۆتۈرۈش شادلىقىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. شائىرنىڭ بۇ ئەسەرلىرى يېتەرلىك شېئىرى ئاملغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. تېيىپجان خەلقنىڭ ھېسسىياتى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچى بولىدىغانلىقىنى ئاشۇ چاغلاردا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋ 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، نۇرغۇن جايلارنى ئايلاندى. بۇ قېتىمقى سەپەر ئۇنىڭدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. شائىر ئالتە ئايلىق تەكشۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا خەلق ئارىسىدىن كۆپلىگەن ناخشا، قوشاق، بېيىت، چۆچەك، رىۋايەت، ئەپسانە، تېپىشماق، مەسەل ھەم لەتىپىلەرنى توپلاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باي ھەم ئېسىل خەزىنىسى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشتى. بۇ ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

شائىر 1953 - يىلى جۇڭگو خەلقىدىن ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە باردى. ئۇنىڭ پىدائىي قىسىملارنىڭ پىداكارلىق، قەھرىمانلىق روھى يورۇتۇپ بېرىلگەن «ئوغۇلنساخان جەڭدە» ناملىق داستانى بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشيەن خەلقى تەرىپىدىن ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىنىدىغانلىقى سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «تاغنى كۆرسەم» ناملىق شې

ئۆمرى ئەنە شۇ چاغدا يېزىلغانىدى. شائىرنىڭ «تاغنى كۆرسەم» ناملىق شېئىرى ئەينى چاغدا ئاتاقلىق تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا تەرىپىدىن چاۋشيەننىڭ ئۆزىدىلا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، كۆپ ئۆتمەيلا «خەلق گېزىتى» گە بېسىلغانىدى. بۇ شېئىرنى كۆرگەن چاۋشيەنلىك دوستلار، بولۇپمۇ جەڭچى، ئوفىتسېرلار، شۇنىڭدەك پىدائىيلار شائىرغا كۆپ تەشەككۈر ئىزهار قىلغانىدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋ 1955-يىلى يېزىلغان «ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ساتىرىسىدا قۇرۇق سۆز مەستانىلىرىنىڭ چاكىنا خاراكتېرىنى ئاجايىپ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن روشەن يورۇتۇپ بەردى. تېپىك كومىك مۇھىت ۋە ئۆزگىچە خاراكتېر يارىتىش ئارقىلىق ئورۇنسىز مەجلىس ئېچىشقا، قۇرۇق گەپ سېتىشقا خۇشتار كىشىلەر كېلىشتۈرۈپ قامچىلانغان بۇ ئەسەر تېيىپجان شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇ-چىغا كىرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى.

1956-يىلى پارتىيىنىڭ بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ چاقىرىقنىڭ روھىدىن قاتتىق ئىلھام-لانغان شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيەتتە تېخىمۇ دادىل بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شائىرنىڭ «تۈگىمەس ناخشا»، «سېرىن تۇۋىدە»، «ھەسرەت»، «ھەيرانىمەن»، «مۇھەببەت»، «يىگىت ئارزۇسى»، «بىرىنچى خەت» قاتارلىق لىرىكىلىرى ئاشۇ چاغلاردا يېزىلدى. ئوتلۇق ھاياجان، يالقۇنلۇق سۆيگۈ، پاك ئەقىدە، يۈكسەك ئارزۇ-تىلەكلەر بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ لىرىكىلار شائىرنىڭ قەلىمىگە شان-شەرەپ بې-غىشلىدى، بولۇپمۇ لىرىكا بىلەن ئېپىكنىڭ ماھىرلىق بىلەن يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق بۇ ئەسەردىكى جانلىق ھەم تەبىئىي شېئىردىي كۆرۈنۈش، گۈزەل ھەم قىزىقارلىق شېئىردىي مۇھىت، يۇمۇرلۇق ھەم ئويناق شېئىردىي تىل، قويۇق ھەم ئۆتكۈر مىللىي پۇراق، تېپىك ھەم قايناق شېئىردىي ھېسسىيات تېيىپجاننىڭ شائىرلىق تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ روھىنى خەلق ئارىسىغا، جۈملىدىن ياشلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتتى.

شائىر ئۆزىنىڭ 1957-يىلى ئەتىيازدا يېزىلغان «ساڭ مۇدىرنىڭ ‹زىيانداشقا قارشى› ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» ناملىق ساتىرىك ئەسىرى ئارقىلىق قۇرۇق رەسمىيەتچى، بيۇروكرات شەخسلەرنىڭ خۇنۇك قىياپىتىنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ تاشلىدى.

لېكىن 1957-يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ھاۋا بىردىنلا بۇزۇلۇپ كەتتى. شائىر-نىڭ ھاياتقا يېقىنلىشىپ يازغان ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققان ساتىرىك ئەسەرلىرى بىلەن مۇھەببەت لىرىكىلىرى شۇ يىللاردىكى ئاتالمىش «ئەدەبىي تەنقىد» نىڭ يولسىزلارچە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

شائىرنىڭ 1961-يىلى يېزىلغان «يولمۇق ئالما» ناملىق لىرىكىسى ئۇسلۇبىنىڭ يېقىملىقلىقى، تىلىنىڭ ئاھاڭدارلىقى، ھەجىمىنىڭ ئىخچاملىقى بىلەن تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پەقەت ئىككىلا كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان بۇ مۇھەببەت لىرىكىسى خەلق ناخشىلىرىغا خاس راۋان ھەم ئاھاڭدار تىل بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن خەلق قوشاقلىرىنىڭ قويۇق ھەم ئۆتكۈر پۇرىقى گۇپۇلداپ تۇرىدۇ.

يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىخچاملىق، كۈچلۈك ئاھاڭدارلىق ۋە خەلق قوشاقلىرىغا خاس ئاددىي ھەم يېقىملىق ئۇسلۇب شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت بولۇپ، بىزنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

1962 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇبالىغىچىلىكنى ۋە قارىغۇلارچە ئىشلەشنى تۈزىتىش ھەققىدە قارار چىقاردى. «ھەممىنى ئومۇمنىڭ قىلىش شامىلى» ئۆزگەرتىلىشكە باشلىدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بۇ خىل ئىلگىرىلەش شائىرنى خۇشال قىلدى. شۇڭلاشقا ئۇ كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەنقىد روھىغا ئىگە «دئاساەن» نىڭ شىكايىتى» ناملىق ھەجۋىي شېئىرىنى يېزىپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى چەتكە قاقىدىغان مۇبالىغىچىلىك بىلەن قارىغۇلۇقنى قاتتىق مەسخىرە قىلدى.

1962 - يىلى مايدا يېزىلغان «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق ئەسەر شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«تارىخىم بار شانۇ شەۋكەتلىك شۇ تۇپراق قامۇسى،
مىڭ كىتابلىق دەرس ئالۇرمەن ھەر ۋاراق كۆرگەندە مەن.
شۇ ئۇلۇغ تارىخقا ۋارىس بولمىسام ئۆمرۈم بويى،
ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى، بولغاندىن تىرىك شەرمەندە مەن...
ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۇلاھۇ جەندە مەن...
راھىتى تۇرماق، مۇشەققەت پەيتىمۇ راھەت ماڭا،
دادلىسام راھەت ئارا، تۇزكور بولۇپ ئۆلمەمدىمەن!
كويىقاپقا قارشى ماڭغان پەھلىۋان ئوغلى تۇرۇپ،
قۇترىغان تەتۈر قۇيۇنلار نوقۇسا تەۋرەمدىمەن.
بەختى كۈلمەكتە ۋەتەننىڭ، ئەتىمىز ئاندىن گۈزەل،
تۇرسا ئۇ بەرگەن كۆزۈم، شۇ ئەتىنى كۆرمەمدىمەن».

يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى يالقۇنجاپ تۇرىدىغان بۇ ئېسىل مىسرالارنى شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي تالانتىنىڭ يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇدى. ئۇ ئوقۇش مەزگىلىدە ۋەتىنىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان جايلىرىنى ئايلاندى. ئۇنىڭ «يۈيخۇاتەيگە زىيارەت» ناملىق ئەسىرى ئاشۇ چاغلاردا يېزىلغاندى. بۇ ئەسەردە يارىتىلغان ئاجايىپ جانلىق شېئىرىي مۇھىت ۋە ئەجدادلارنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى روشەن يورۇتۇپ بېرىدىغان يارقىن ئوبرازلار كىتابخانلارنىڭ ئېسىدىن ئوڭايلىقچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ.

شائىرنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «يۈيخۇاتەيگە زىيارەت» ناملىق بۇ ئىككى

ئەسىرنىڭ تىلىنى كۆزىتىدىغان بولساق، تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ باي خەلق تىلىنى كىچىكىدىنلا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، پۇختا ئىگىلىگەنلىكىنى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈشكە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە باي، جانلىق سۆز جەۋھەرلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە، خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن، ئەپسانە، رىۋايەتلەردىن ئورۇنلۇق پايدىلىنىشقا ئىنتايىن ماھىر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. شائىرنىڭ بۇ ئىككى ئەسىرىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرايدىغان «كويىقاپ»، «بارسا كەلمەس يول»، «دوزاخ»، «يالماۋۇز» قاتارلىق سۆزلەردىن شېئىرىي پىكىرنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىنى، شۇنىڭدەك كۆپلىگەن ماقال-تەمسىللەرنى مىسرالارغا ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى بەدىئىي دىتىغا ھەقىقەتەنمۇ قايىل بولىمىز.

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يېتىلدۈرۈشىدە ئاجايىپ زور رول ئوينىغان شېئىرىي تىل جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ئىسىل ئەنئەنىلەرگە تەنقىدىي ھەم ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بىزنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

تېيىپجان ئېلىيېۋ 1979-يىلىنىڭ بېشىدا بېيجىڭدا «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە كەڭ-كۇشادە سۆھبەتلەشتى. بۇ خىل ئەھمىيەتلىك ئۇچرىشىش ھەم ئۇنتۇلماس سۆھبەتلەر شائىرنىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلغان ئىدىيىنى ئازاد قىلىش پائالىيىتىدە قەدەمنى داداللىق بىلەن بۇرۇنىراق بېسىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. شائىرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى شېئىرلىرىدا ئىجادىي ئىزدىنىش روھى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندى، ئىجادىيەتنىڭ يېڭى باھارىغا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەم جانلاندۇرۇش ۋەزىيىتىگە، دەۋرنىڭ جۇشقۇن يېڭى ئېقىمىغا قىزغىن ئالقىش، مەدھىيە سادالىرى كۆتۈرۈلدى، «سول» چىللىققا ھەم قاتماللىققا ئۆتكۈر تىغ سانجىلدى.

شائىر ئۆز شېئىرىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن بۇ دەۋرنى «سەنئەت باھارى» دەپ ئاتىدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ كۆڭۈللەردىكى جۇشقۇن روھىي كەيپىياتىنى رۇبائىي شەكلى بىلەن مۇنداق ئىپادىلىدى:

ساقاللىرىمغا خېلى ئاق كىردى،
رەڭگىمگە ياشلىققا يات سىياق كىردى.
بىراق توۋلاش ئۈچۈن يېڭى ناخشىنى،
كۆڭلۈمگە تېخىمۇ ئىشتىياق كىردى.

شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇ يېڭى باھارىدا شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىدىيە ئازادلىقىغا ئېرىشىپ، تېما جەھەتتىكى «چەكلەنگەن رايون» لارغا يۈرەكلىك ھالدا باشلامچىلىق

www.uyghurkitap.com

بىلەن بۇسۇپ كىردى. بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە دادىل ئىزدىنىپ، دەۋرنىڭ ئەھمىيەتلىك سوئاللىرىغا جانلىق، يېڭى، تەسىرلىك، قىزىقارلىق شېئىرىي ئوبرازلار ئارقىلىق دۇدۇقلىماي جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ «يەنىلا تۇتتى مېنى باھاردا»، «قەدىرلەيمەن سېنى، جانان»، «بىر قىزنىڭ ھەسرىتى»، «بولمىسا»، «قانداق قىلاي»، «كۆرۈۋىدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل»، «كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا»، «چال، ئوغلۇم»، «كەۋسەر»، «يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم»، «يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ»، «مىللەت توغرىسىدا»، «موزاي بىلەن تۈلكە»، «چوغلۇق يېنىدا چاقچاق بار ئىكەن»، «پەشتاقتا» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن كېيىنكى يىللاردا يازغان بىر تۈركۈم رۇبائىيلىرى تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىنىڭ 80-يىللاردىكى بەدىئىي سەۋىيىسىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز بۇ شېئىرلاردىن شائىرنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە خۇددى ئۇنىڭ 1955 — 1957-يىللاردىكى ئىجادىيىتىگە ئوخشاشلا كۆزنى چاقنىتىدىغان گۈللىنىپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە سىياسىي، ئىجتىمائىي تەنقىد روھىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارغانلىقىنى روشەن ھېس قىلىمىز. بۇ شائىرنىڭ دەۋر ئالدىدىكى تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ، خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ بارغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ 1982-يىلدىن كېيىن يۇگوسلاۋىيە، تۈركىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولدى ۋە ھەرخىل يىغىنلارغا قاتناشتى. مۇشۇ جەرياندا «ئوخرىد بويى»، «دىرىم كۆۋرۈكى ئۈستىدە»، «گۈل»، «پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى»، «تارا كۆۋرۈكى»، «تەشەككۈر»، «ئانا»، «سالام توشۇيمەن»، «ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، چەت ئەللىك دوستلارنىڭ ئالقىش، ھۆرمىتىگە ئېرىشتى ھەمدە ھەرقايسى ئەل يازغۇچىلىرى، خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

شائىر 1985-يىلدىن ئېتىبارەن شېئىرىيەت بىلەن نەسىرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان «ئەينەك» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ ئەسەرلەر شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ يۇمۇرلۇقلۇقى، مەزمۇنىنىڭ كۈچلۈك ھەجۋىي خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن كىتابخانلارنى جەلپ قىلدى ھەمدە جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى قامچىلاش رولىنى ئوينىدى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيەتنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ مول ھەم قىممەتلىك ئىجادىي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئاساسچىلىرىدىن بىرسىگە ئايلاندى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىر دەۋردە ئىجاد قىلغان ياكى ئۆزىدىن كېيىن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن شائىرلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

شائىر ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان يېرىم ئەسىر جەريانىدا جەمئىيىتىمىز، خەلقىمىز، ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن

كەچۈردى. بىز شائىر بىلەن بىللە بېسىپ ئۆتكەن بۇ ئۇزۇن سەپەر بەكمۇ جاپا-مۇشەققەتلىك ھەم بەكمۇ ئەگرى-توقاي بولدى. مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە ئەگرى-توقاي يوللار تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرىيىتىنى كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە قىلدى. شۇڭلاشقا بىز ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدىن خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ھەم ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى، نەتىجە ھەم نۇقسانلىرىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

شائىر ئۆزىنىڭ ئېلىمىزدە ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن بېسىمىغا ئۇچراپ يازغان بەزى شېئىرلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ: «ئىجادىيەت يولۇمدىكى خەلقنى رازى قىلمايدىغان ئاشۇ ئىزلارنى ئويلىسام كۆڭلۈم غەش بولىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەشر قىلىنغان «تاللانغان شېئىرلار» ناملىق توپلىمىنىڭ كىرىش سۆزىدىمۇ ئىنتايىن سەمىمىيلىك بىلەن: «دەسلەپكى يازغانلىرىمدا بالىلارچە ساددىلىقىنىڭ، دورامچىلىقىنىڭ پۇرىقى قويۇق. بارا-بارا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، تۇرمۇشنى ئاڭلىقراق كۆزىتىش نەتىجىسىدە شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تونۇشۇم ئۆسكەنسېرى، بولۇپمۇ ‹ئېچىلىش-سايراش› يۆنىلىشىنىڭ جاكارلىنىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ياخشى ھاۋانىڭ ئىلھامبەخش پەيزىدە يازغانلىرىمدا ئىجادىي ئىزدىنىش ئامىللىرىمۇ كۆپىيىپ باردى، بىراق كېيىنرەك ‹سول› ئىدىيىۋى ئېقىم ھۆكۈم سۈرگەچكە، ئىجادىيەت يولى تولىمۇ تار، ئەگرى-توقاي ۋە ئەنسىز بولۇپ كەتتى-دە، تېما جەھەتتىكى قاتمال چەكلىمىلەر، نېمىنى ۋە قانداق مەدھىيىلەش، نېمىنى ۋە قانداق ئەيىبلەش ھەققىدىكى چاكىنا بەلگىلىمىلەر، ئىجادىيەتنى باھالاشنىڭ بىمەنە ئۆلچەملىرى، جۈملىدىن ئەدەبىيات تەنقىدى نامىدىكى سەپسەتە ۋە كالتەكلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇۋەتتى. ئومۇمەن ھەقىقەتتىن بىر تەرەپلىمە ھالدا يۇلۇۋېلىنغان ئىنقىلابىي ئىبارىلەر ۋە تەنتەنىلىك چاقىرىقلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى، زورلاپ تېڭىلغان زاكازچىلىق بېسىمى ۋە كالتەكچىلىك ۋەھىمىسى ئالدىدا «سول» چىللىقنىڭ پەردىگە چۈشمەيدىغان مۇقاملىرىغا دوست تارتىش شېئىرىيىتىمىزنى ئاز خۇنۇكلەشتۈرمىدى. مەنمۇ شۇنداق دوست تارتىشتىن خالىي بولالمىدىم. دېمەك، مېنىڭ 40 يىللىق ئەدەبىي پائالىيەت يولۇمدا خەلق ياقتۇرىدىغان ئىزلىرىممۇ بار، بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشالمەن، شۇنىڭدەك خەلق ياقتۇرمايدىغان ئىزلىرىممۇ بار. بۇنىڭ ئۈچۈن خىجىلمەن» دەپ يازغانىدى.

شائىرنىڭ بۇ سۆزلىرىدە ئەدەبىياتىمىز، جۈملىدىن شېئىرىيىتىمىز دۇچ كەلگەن رېئاللىق ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنغان، شۇنىڭدەك شائىر ئىجادىيىتىدىكى مۇرەككەپلىكنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىدە كونكرېت سىياسىي ۋەزىپىلەرنى شېئىر شەكلىدە تەشۋىق قىلىش، شەخسكە خۇراپىيلارچە چوقۇنۇشنى تەرغىب قىلىش قاتارلىق نۇقسانلار ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت. بۇنى ئەينى يىللاردىكى «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ قاتتىق

بىسەمىي بىلەن تەسىردىن تاشقىرى شائىر قارىشىدىكى چەكلىمىلىك ۋە ئۇنىڭ ئۆز سۇبيېكتىنى شۇ چاغلاردىكى ئوبيېكتىپ رېئاللىققا پاسسىپ ھالدا ماسلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى قاتارلىق خىلمۇ خىل سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، بىزنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيېۋ تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يېتىلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىسى، ئىقتىدارلىق مۇھەررىر ھەم ماھىر ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتچىسى ئىدى. ئۇ خىلمۇخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، ناخشا - مۇزىكىلار، دراما - كونسېرتلار ھەققىدە، شۇنىڭدەك تەھرىرلىك خىزمىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئۇنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرى توغرىسىدا 40 نەچچە پارچە ئوبزور يازدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەدەبىي ژۇرناللارنى چىقىرىش، پەرۋىش قىلىش، ئىجادىيەت سېپىدىكى ياش كۆچلەرگە يار - يۆلەك بولۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنىنى تەربىيىلەش، كېڭەيتىش ھەم ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش ھەم رىغبەتلەندۈرۈش، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا ئىلھام ھەم مەدەت بېرىش، كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭ ئەدەبىياتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنتۇلماس ئەجرە سىڭدۈردى.

يىغىنچاقلىغاندا، تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقان ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، بىزنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ھەم تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پۈتمەس - تۈگىمەس ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

---

(بېشى 160 - بەتتە)

كۆپرەك ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا، پسىخولوگىيە، تۇتۇق تىلشۇناسلىق ئىلمى، پەلسەپە قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىلىملار بىلەن كىرەلىشىپ كېتىدۇ. ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق قائىدىلىرى بىلەنلا شېئىرىي تىلنىڭ سىرىنى تولۇق ئېچىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، بولۇپمۇ يېڭىچە شېئىرلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشىمىزدە ئۇ ئاساسەن ھېچنېمىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيەت گىرامماتىكىسى تېخى ئېچىلمىغان بوزلۇق. بىزدە تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىش روھىلا بولىدىكەن، بۇ بوزلۇقنىڭ گۈزەل ئېكىنزارلىققا ئايلىنالايدىغانلىقى مۇقەررەر!

مەسئۇل تەھرىرى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

پەرھات ئىلياس

# شېئىرىي تىل ھەققىدە ئىزدىنىش

يورۇقلۇقنى ئازادلىققا، قاراڭغۇلۇقنى ئەركسىزلىككە سىمۋول قىلىش — تىل ئىشلىتىش ئادىتىمىزدىكى بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغاچقا، بىرەرسى قاراڭغۇلۇقنى مەدھىيىلەپ، يورۇقلۇقنى سۆكسە، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە، قاراڭغۇلۇقنى مەدھىيىلەشمۇ خاتا ئەمەس. چۈنكى قاراڭغۇلۇقنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىچكى گۈزەللىك بولىدۇ، يورۇقلۇقتىمۇ رەزىللىكلەر مەۋجۇت. بۇ يەردىكى مەسىلە تىل ئىشلىتىش ئادىتى بىلەن تىلدىكى يېڭىلىق يارىتىش روھى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقتىن ئىبارەت.

يېقىندىن مەيدانغا چىققان شېئىرلارنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چۈشىنەلمىدۇق دېيىشىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇنداق ئادەتنىڭ بۇزۇلغانلىقىدا.

ھەممىگە مەلۇمكى، شېئىرىي تىل شېئىرىي ئۇسلۇب يارىتىشنىڭ بىردىنبىر ئامىلى. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شائىرانە تۇيغۇلارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. شېئىرنىڭ تۇغۇلۇشى بۇ خىل تۇيغۇلارنىڭ شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئاشكارىلىنىشىدا. شۇڭا بىز شېئىرىي تىلنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تونۇپ يەتسەكلا، «بۇزۇلۇش» تەسىرىدىن پەيدا بولغان تۇمانلار ئۆزلۈكىدىن تارقاپ كېتىدۇ.

## بىرىنچى، شېئىرىي تىلدىكى تۇتۇقلۇق

يېقىندىن مەيدانغا كەلگەن شېئىرلارنى بەزىلەر «بۇ قايسى شەكىلگە تەۋە شېئىرلار» دەپ سورىشىدۇ. بۇنداق سوراش ھاجەتسىز، بۇ خىل شېئىرلار چاچما شەكىلدە، بارماق ۋەزنىدە، ئارۇز ۋەزنىدە، ھەتتا نەسرىي شەكىلدە يېزىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنى ھەربىر ئاپتورنىڭ ئۆز خاھىشى بەلگىلەيدۇ، ئاساسلىق پەرق شېئىرىي پىكىرنىڭ ئىلگىرىكى شېئىرلارغا قارىغاندا يوشۇرۇن بولغانلىقىدا. لېكىن بۇ خىل پىكىر يوشۇرۇنلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغان غۇۋالىق شۇ خىل شېئىرلارنىڭ بىردىنبىر خۇسۇسىيىتى بولالمايدۇ. غۇۋالىق شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىدا بىر خىل گۈزەللىك ھېسابلىنىدۇ، يەنى شېئىرنىڭ ئەسلىدىنلا بار بولغان خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى. غۇۋالىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئەلىشىر ناۋائىينىڭ نۇرغۇنلىغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. بىز ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدىكى «يار ۋەسلىگە يېتەلمەي زارلاشلىرى» نى شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت دېگەن يۈزەكى شەرھلەش بىلەنلا ئۆزىمىزنى بەزلەپ كەلدۇق. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نۇرغۇن لىرىكىلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىدۇق. ئۇنداقتا ئەلىشىر ناۋائىينىمۇ «گوڭگا شائىر» دەپ ئاتىۋالساق بولامدۇ؟

دېمەك، شېئىرىيەتتە غۇۋالىقنىڭ بولۇشى نورمال ھادىسە.

يېقىنچە شېئىرلارنى كىتابخانىلارنىڭ بىردىنلا چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بۇ شېئىرلارنىڭ «زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقى» دا ئەمەس، بەلكى بۇ خىل غۇۋالىقنىڭ سىرى يېشىلمىگەنلىكتە.

شېئىردىي پىكىردىكى غۇۋالىقنى كىتابخانىلار ئىچىدا روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن شۇ پىكىرنى ئىپادىلىگۈچى تىل قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئادەتتە قېلىپلاشقان تىل گەرچە ئىدىيە، تەپەككۇر جەريانىدىكى تەپسىلاتلارنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ نازۇك ئىچكى ھېسسىياتىدىكى مۇرەككەپلىكنى، روھىي دۇنياسىدىكى ئورغۇنلىغان مەۋھۇم كۆلەڭگىلەرنى روشەنلەشتۈرۈشتە يەنىلا زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ خىل ئىجتىمائىي سەۋەب تۇتۇق تىلشۇناسلىقنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىغا سەۋەبچى بولىدى. تۇتۇق تىلشۇناسلىق ئىلمى بىز ئۈچۈن يېڭىلىق تۇيۇلغىنى بىلەن دۇنيا تىلشۇناسلىق ساھەسىدە خېلى مۇكەممەل نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالدى. تۇتۇق تىلشۇناسلىق تىلنىڭ تۇتۇقلۇق دەرىجىسى ۋە تۇتۇقلۇق بىلەن روشەنلىك ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان بولۇپ، ھېسسىيات بىلەن تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدىكى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالىدىكى تۇيغۇ شەكىللىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. يېقىنچە شېئىرلار دەل ھېسسىيات بىلەن تەپەككۇر ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتا قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، تۇتۇق تىلشۇناسلىق ئىلمى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە.

شېئىرلاردا «قىزىل چوغلۇق»، «تېرەن دەريا» دېگەندەك سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ يەردىكى «قىزىل» سۆزىدىن قىزىللىق دەرىجىسىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ۋە «تېرەن» سۆزىدىن چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس، يەنى بۇ سۆزلەر ماتېماتىكىلىق ئېنىقلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولۇپ، تۇتۇق سۆزلەر تىپىغا كىرىدۇ. «ئايمۇ كۈلۈپ قارايدۇ» دېگەن مىسرانى مىسالغا ئالساق، «ئاي» (مىسرادىكى ئورنى بويىچە)، «كۈلۈش» سۆزلىرى تۇتۇق سۆزلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئاينى ئادەملەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىچكى ئوخشىتىش بولغاچقا، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدا ئاي بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل غۇۋا، غايىۋى ئوبراز شەكىللىنىدۇ. يېقىنچە شېئىرلارنىڭ پىكىر ۋە تىل جەھەتتىن غۇۋا بولۇشى يۇقىرىقى قائىدە بويىچە شەكىللەنگەن، لېكىن بۇ خىل غۇۋالىق كىتابخانىلارنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن.

كىرپىكىمنى ئايلىنىدۇ ئاي،
سىزار ئاڭا قارىچۇقۇم سۈرەت.

بۇ شېئىردىكى «كىرپىك» ئەسلى مەنىسىنى يوقىتىپ، غۇۋا ئۇقۇمغا ئايلانغان. «قارىچۇق» ئادەملەشتۈرۈلگەن. «يەر» ئىككىنچى مىسرادا ئەسلى لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقاتقان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل غۇۋا ئوبراز بار. بۇ غۇۋا ئوبراز ۋە غۇۋا ئۇقۇملارنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلىشىشى شېئىردا بىر خىل غايىبانە گۈزەللىك پەيدا قىلغان.

ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر شەكلى ئۈچ خىل بولىدۇ: ئابستراكت تەپەككۇر، ئوب-

رازلىق تەپەككۇر ۋە تۇتۇق تەپەككۇر. بىز ئادەتتە ئابستراكت تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىنى كۆپ تەكىتلەپ كەلدۇق؛ ئەمەلىيەتتە، ئىجادىيەت كۆپىنچە ئاڭسىز ھالەتتىكى خىيال ۋە ھەرىكەتلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. ئاڭسىزلىق ئىچىدە كىشىلەر ئۆزلىرى تېخى بىلىپ يەتمىگەن چەكسىز يوشۇرۇن كۈچلەر مەۋجۇت. شۇڭا تۇتۇق تەپەككۇرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك. تۇتۇق تەپەككۇر ئالدىنقى ئىككى خىل تەپەككۇرنىڭ خۇسۇسىيەت-لىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزگۈچلۈك ھەم تەڭشىگۈچلۈك رول ئوينايدۇ. بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇنداق كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

ئابستراكت تەپەككۇر ⇌ تۇتۇق تەپەككۇر ⇌ ئوبرازلىق تەپەككۇر.

ئىنسانلاردىكى ئورغۇن تۇتۇق روھىي كەيپىياتلار، خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ خىل-مۇخىل تۇتۇق قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى، چۈش ئىچىگە يوشۇرۇنغان چىنلىق ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قېلىشى ھەم تورۇپلا ئۆزىنى جىملەپ كېتىشلىرى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئالدىنقى ئىككى خىل تەپەك-كۇر شەكلىدىن جاۋاب تېپىش تەس. تۇتۇق تەپەككۇر شەكلىگە تايىنىش ئارقىلىقلا بۇ خىل تىل ھادىسىلىرىنى ئەينەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. شائىرلارنىڭ تەپەككۇر شەكلى كۆپىنچە تۇتۇق تەپەككۇر شەكلىدىن باشلىنىدۇ. ئۇلار ھېسسىياتى يۇقىرى پەللىگە يەت-كەندە، ئۆز ھېسسىياتىنى نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلمەي قالىدۇ. شۇ چاغدىكى تەپەككۇر شەكلى دەل تۇتۇق تەپەككۇردىن ئىبارەت. بىر شائىرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ياكى يارىتالماسلىقىنىڭ سەۋەبى تۇتۇق تەپەككۇر شەكلىدىن ئوبدان پايدىلىنىش-پاي-دىلىنالماسلىقىدا.

«تۇتۇق» ئاتالغۇسى بىزدە ئومۇمەن سەلبىي مەنىنى بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن تۇتۇق ماتېماتىكا، تۇتۇق لوگىكا، تۇتۇق تىلشۇناسلىقىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى بىلەن تونۇ-شۇپ باقساق، «تۇتۇقلۇق» ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ياتقان زور گۈزەللىك بارلىقىنى «كۆرۈش-كە» مۇيەسسەر بولىمىز.

تۇتۇقلۇق ئادەتتە دىئالېكتىكىلىق تۇتۇقلۇق ۋە تەپەككۇر قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەل-مەيدىغان تۇتۇقلۇق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. دىئالېكتىكىلىق تۇتۇقلۇق ھەققىدە باش قاتۇرۇش ھاجەتسىز. تەپەككۇر قائىدىسىگە كەلسەك، ئىنسانلاردىكى ئومۇمىي تەپەككۇر قائىدىسى بىلەن ئايرىم تەپەككۇر كۈچىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇۋېلىشقا بولمايدۇ. كىتاب-خانلىرىمىزنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل شېئىر-لاردىكى ئاتالمىش غۇۋالىقمۇ ئاستا-ئاستا روشەنلىشىپ كېتىدۇ.

## ئىككىنچى، قېلىپلاشقان تىل، شېئىرىي تىل ۋە شېئىرىي تىلدىكى مەنتىقە

ھازىر گېزىت-ژۇرناللاردا قوللىنىلىۋاتقان ئورتاق تىلنى كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى دەپ ئاتىساقمۇ، ئەمما ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىل بىلەن ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە. قېلىپلاشقان تىل ئاساسەن ئىلمىي تەتقىقات، سوھ-بەت يىغىنلىرى قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلىتىلىدىغان قاتمال تىل بولۇپ، بىۋاسىتە ھەم تۇراقلىق بولۇشىنى، گىرامماتىكىلىق، لوگىكىلىق قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت، بولۇپمۇ شېئىرىي ئىجادىيەتتىكى تىل ئاساسىي مەقسەت،

www.uyghurkitap.com



قوللىنىلىش ئىقتىدارى ۋە كونكرېت قۇرۇلمىسىغىچە ئادەتتىكى تىل بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شېئىرىي تىل لىرىكىلىق ھېسسىياتنى، يەنى شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپلىكنى ئىپادىلەشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلغان، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ئورگانىك قۇرۇلما. شۇڭا ئۇنىڭدا سۇبيېكتىپ ئىختىيارىيلىق كۈچلۈكرەك بولىدۇ، يەنى، ئادەتتىكى تىل بىلەن شېئىرىي تىلنىڭ تۈپكى پەرقى شۇكى، ئالدىنقىسى تاشقى ئىستېمال قىممىتىگە، كېيىنكىسى ئىچكى ئىستېمال قىممىتىگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىدۇ. شۇڭا شېئىرىي تىلنى ئادەتتىكى تىلنىڭ گىرامماتىكىلىق، لوگىكىلىق قائىدىلىرى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، يېڭىچە شېئىرلاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇپ، كىتابخانلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

«تىل — ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش قورالى» دېگەن كۆز قاراش ئومۇمىي تىلشۇناسلىقتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بىزنىڭ قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن، ئەمما بۇ خىل كۆز قاراش ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە تولۇق ماس كەلمىگەچكە، ئەقىل كۆزىمىزنى توراپ تۇرغۇچى پەردە بولۇپ قالغان. بىز ئوبدانراق ئويلىنىپ باقساق، بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تىل ئىپادىلەش قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجادچانلىققىمۇ ئىگە، يەنى تىل شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلىغۇچىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆز ماھىيىتىگىمۇ بىر خىل گۈزەللىك، سەنئەت يوشۇرغان بولىدۇ. بۇ خىل ماھىيەت شېئىرىي تىلنىڭ ئەۋرىشىمچانلىقى ۋە سىتېرېئولۇق بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. شېئىر بىر خىل ئەركىن ئىجادىيەتنىڭ مەھسۇلى. شائىر تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ، ئادەتتىكى تۇرمۇشتىن ئۆزگىچە بولغان يېڭى بىر دۇنيا يارىتىمەن دەيدىكەن، قېلىپلاشقان تىلدىكى تۈرلۈك قائىدىلەر تۈرمىسىدىكى بىچارە مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ دېگەنلىك شائىر ئۇيغۇر تىلىدىن تامامەن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر تىل ئىجاد قىلسۇن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر لېكسىكىسىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەۋرىشىمچانلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىشى كېرەك دېگەنلىك.

سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىش بولمايدىكەن، ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. شېئىر بىر خىل تىل سەنئىتى ئىكەن، شېئىرىي تىلدىمۇ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس شېئىرىي تىل يارىتىشىدىن سۆز ئاچمىساقلا بولىدۇ. شېئىرىي تىلدىكى يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئاممىبابلىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ئاممىبابلىشىشنى بەزىلەر پەقەت ئادەتتىكى تۇرمۇشتا قوللىنىلىۋاتقان تىل بىلەن يېزىش دەپلا چۈشىنىدۇ. بۇ نامۇۋاپىق. بۈگۈنكى ئاممىباب تىلىمىزمۇ ئىلگىرىكىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئىجادىي سۆزلەر بىلەن بېيىپ كەلگەن. تىلنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى بوغۇش ئاممىباب تىلنى ئۆلۈك ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شائىر ياراتقان ئىجادىي تىلنىڭ خەلق تىلىغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئاممىبابلىشىش ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا خېلى جەريان كېرەك. چۈنكى تەشتەكتىكى گۈلگە قۇيۇلغان سۇنىڭ سىڭىشى ئۈچۈنمۇ خېلى ۋاقىت كېرەك - تە!

ئىلگىرىكى شېئىرلاردا ئومۇمەن تىلنىڭ تاشقى ئىستېمال قىممىتىگە كۆپرەك ئېتى-

بار بېرىلىپ كەلگەندى، لېكىن يېڭىچە شېئىرلار تىلىنىڭ ئىچكى ئىستېمال قىممىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئادەتتىكى تىل ئىشلىتىش ئادەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بۇزۇۋەتتى. كىشىلەرنىڭ بۇ شېئىرلارنى بىردىنلا ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلمەسلىكى مۇشۇ ئادەتنىڭ بۇزۇلغانلىقىدا. بەزىلەر بۇ خىل بۇزۇلۇشنى «ھايات مەنتىقىسىگە مۇخالىپ» دەپ تونۇۋاتىدۇ. مەنتىقىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان كاتېگورىيە. ھايات مەنتىقىسى، لوگىكىلىق مەنتىقە، ماتېماتىكىلىق مەنتىقە، ئېستېتىك مەنتىقە، مۇزىكىدىكى مەنتىقە، مەنتىقىسىزلىك ئىچىدىكى مەنتىقە... ۋەھاكازالار. بىز مەنتىقىغە ئويغۇن دەپ قارىغان ئىشلاردا مەنتىقىسىزلىك مەۋجۇت بولغاندەك، بىز مەنتىقىسىز دەپ قارىغان ئىشلاردىمۇ مەنتىقىغە ئويغۇن تەرەپلەرنىڭ بولماسلىقى ناتايىن.

شېئىردىي تىلدىكى بۇخىل چېقىلىش (لوگىكىلىق چېقىلىش ۋە گىراممatikilik چېقىلىش) نى يېڭىلىك بىلەنلا «مەنتىقىسىزلىك» دېمەك نادانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلى گەرچە تاكامۇللاشقان تىل بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن تۈرلۈك قائىدە، قانۇنىيەتلەرنى ۋە تىل قۇرۇلمىلىرىنى رەتلەش، تولۇقلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ يىراق كەلگۈسى ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەر يوق دېيەرلىك.

شېئىردىي تىل ئومۇمىي تىلغا نىسبەتەن ئەڭ سەزگۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن تىلشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشى ئۈچۈن ئىنفورماتسىيىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا بۇخىل «چېقىلىش» نىڭ ئومۇمىي تىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تىلشۇناسلىقىمىز مەخسۇس تەتقىق قىلىپ باقسا بولىدۇ. ئەمدى ئاتالمىش بۇ خىل «چېقىلىش» نىڭ شېئىردىي تىلغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختىلايلى.

سائەتنىڭ ئۆتمىكى ئۆمۈردىن ئۇزاق،
بىراق ئاي سانىماق تەس ئىكەن ئاندىن.

بۇ مىسرالاردىكى پىكىرنى ئاددىي لوگىكىلىق قائىدە ۋە ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئۇسۇلى بويىچە تەھلىل قىلماق تامامەن بىمەنىلىك بولىدۇ. ئۇ چاغدا بىز قارىغۇلارچە سائەتنىڭ ئۆمۈردىن ئۇزاق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ دەپ سورىغان بولىمىز. شائىر بۇ يەردە تىل ئادىتىنى بۇزۇش ئارقىلىق بىر خىل شېئىردىي تىل ۋە شېئىردىي مەنتىقە كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ مىسرالارنىڭ بىزنى شۇنچە ھاياجانغا سالالىشىدىكى تۈپكى سەۋەب دەل مۇشۇنداق «مەنتىقىسىزلىك» نىڭ بولغانلىقىدا.

دېمەك، ئاتالمىش بۇ خىل «مەنتىقىسىزلىك» يېڭىچە شېئىرلار بىلەن تەڭ دۇنياغا كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇزاق شېئىرىيەت تارىخى جەريانىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە، ئاساسلىق گەپ بۇ ۋاستىدىن ئوبدان پايدىلىنىش-پايدىلىنالماسلىقتا.

شۇڭا ئادەتتىكى تىل قائىدىلىرىدىن بىرئاز ھالقىپ كەتكەن بۇ خىل «مەنتىقىسىزلىك» نى شېئىرىيەتتىكى ئىللەت دەپ قاراش مۇۋاپىق ئەمەس. شېئىردىي تىل ھېسسىيات مەنتىقىسىگە ئويغۇن بولسىلا، كىتابخانلار ئاخىرى ئېتىراپ قىلماي قالمايدۇ.

**ئۈچىنچى، شېئىرىي تىل لۇغىتى ھەققىدە**

شېئىرىيەتكە دەسلەپتە كىرىشكەن ئاپتور ئارزۇ توغرىلىق شېئىر يازغاندا، ھامان بىۋاسىتىلا «ئارزۇ» سۆزىنى قوللىنىدۇ. ئۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە مەشىق ئېلىپ بېرىپ، شېئىرىيەت يولىغا رەسمىي قەدەم تاشلىغاندا، يەنە شۇ تېمىدا شېئىر يازماقچى بولسا، «ئارزۇ» سۆزىنى بىۋاسىتە ئىشلەتمەي، «سۆيۈنۈ»، «شەپەق» قە ئوخشاش «ئارزۇ» بىلەن ئىچكى ئوخشاشلىقى ئىگە بولغان سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ، يەنى ئۆز مۇددىئاسىنى ئابستراكت ئۇقۇم بىلەن ئىپادىلەشتىن تىل ئارقىلىق سىزىلغان مەنزىرە بىلەن ئىپادىلەشكە ئۆتىدۇ. دەل مۇشۇنداق ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە يېقىن بولغان باشقىچە سۆزلەر بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭ شېئىرىي تىلغا ئايلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شېئىرىي تىل لۇغىتى مۇشۇنداق ئوبرازلاشتۇرۇلغان تىللارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تېخىمۇ بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ.

شېئىرىيەت پسىخولوگىيىسى ئادەتتىكى سۆزلەرنى شېئىرىي پىكىرگە ئىگە بولغان سۆزلەر ۋە شېئىرىي پىكىرگە ئىگە بولمىغان سۆزلەر دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. «ئۇچقۇن»، «كۆكۈم»، «دېڭىز» گە ئوخشاش سۆزلەر ئەسلىدىنلا ئۆزىگە بىرخىل گۈزەللىك يوشۇرۇنغان بولۇپ، يالغۇز ئىشلىتىلگەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەرگە بىرخىل غۇۋا ئىستېتىك تۇيغۇ بېرەلەيدۇ. «كەلدى»، «ئىنتايىن»، «نۇرغۇن» ئوخشاش سۆزلەر يالغۇز ئىشلىتىلگەندە ھېچقانداق ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە بولالمايدۇ. لېكىن بۇ خىل مۇناسىۋەت مۇتلەق ئەمەس. بۇ سۆزلەر شېئىرلاردىكى جۈملە قۇرۇلمىلىرىدا شېئىرىي پىكىرگە ئىگە بولغان سۆزلەرگە ئايلىنالايدۇ. بۇ شائىرنىڭ ماھارىتىگە باغلىق. ئەسلىدىكى شېئىرىيەت زېمىنىدا ھازىرلانغان شېئىرىي تىل لۇغىتىنى ۋاراقلاش بىلەنلا شېئىر يېزىش شېئىرىي تىلنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. شائىر ئۆز تىلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۆكەلەيدىغان بولۇشى، كۆمۈلۈپ قالغان سۆزلەرنى قېزىشى، ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئوبراز ئارقىلىق سىزىپ چىقالايدىغان بولۇشى كېرەك.

جان ئاراسىغە كىرەر ھەردەم خىرامان قامەتىڭ،
گەرچە ساكىندۇر ئېلىكىم جانغە بولمىشدۇر ۋۇسەت.

(نازلىق قامىتىڭ ھەممىشە جان ئارىسىغا جايلىشىۋالىدۇ، خۇددى «ئىلىق» ھەرپى «جان» دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن جاي ئالغاندەك)

ناۋائىينىڭ بۇ مىسرالىرىدىكى شېئىرىي تىل ئاجايىپ ھەرىكەتچان ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭدا سۆزلەر ئەمەس، ھەتتا ھەرپلەرمۇ بىزگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. «ئىلىق» ھەرپى بۇ يەردە شېئىرىي تۇيغۇ بېرەلەيدىغان سۆزنىڭ رولىنى ئۆتىگەن، يەنى بۇ مىسرالاردىكى شېئىرىي تىل بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا گۈزەل سۈرەت پەيدا قىلالايدۇ. بىز يەنە بۇ سۈرەت ئىچىدىن مۇڭلۇق مۇزىكا ئاڭلىغاندەك بولىمىز.

سۆزلەردىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، تارىخى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. دېمەك، تارىم دەرياسىنىڭ نامى شۇ يەردە ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن خۇددى گۈزەل لىرىكىدەك ئاڭلانسا، تارىم دەرياسىنى كۆرۈپ باقمىغان يىراق ئەلدىكى خەلقلەر ئۈچۈن پەقەت ئاجىز ئېستېتىك تۇيغۇ بېرەلەيدۇ، خالاس. ئەگەر ئۇلارنىمۇ ئوخشاش تۇيغۇغا ئىگە قىلىمەن دېسەڭ، تارىم دەرياسىنى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر ئېكرانىدا ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئۆز تىلىدا ئالاھىدە ئۇسلۇب ياراتقان شېئىرنى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىش تەسكە توختايدۇ.

يېڭىچە شېئىرلاردا تىلنىڭ بۇ خىل ئەۋرىشىمچانلىقىدىن پايدىلىنىش ئىلگىرىكى شېئىرلارغا قارىغاندا خېلى ئەركىن. بۇ خىل شېئىرلاردا لوگىكىلىق چېكىلىش، بىۋاسىتە ئوخشىتىش ۋە ئاشقى ئوخشىتىش ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىچكى ئوخشىتىشقا ئوخشاش تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن شېئىردىي تىل ياسىلىۋاتىدۇ.

شېئىردىي تىل ياساشتا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرمۇ ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلىش ئاساسىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. «بۇلبۇل بىلەن قىزىلگۈل» نى ئاشىق - مەشۇقلارغا سىمۋول قىلىش ئەسلىدە ناھايىتى ئوبرازلىق چىققان شېئىردىي تىل، لېكىن ئۇنى قايتا - قايتا چاينىۋېرىش ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى يوقىتىۋېتىدۇ، ھەتتا ئۇ ئادەتتىكى سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شېئىردىي تىلدىكى بۇ خىل «قېرىش» ھادىسىسى شائىرلارنىڭ يېڭى - يېڭى شېئىردىي تىل بوغۇنلىرىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يېڭىچە شېئىرلارنىڭ تىل ئادەتلىرىنى بۇزۇشنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى بولۇش بىلەن بىرگە ئىجابىي تەرەپلىرىمۇ بار. چۇۋۇشنى بىلمەي تۇرۇپ، قۇراشتۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مەيلى ئۇلار ئۆستۈرگەن بوغۇنلار تۈز ئۆسسۇن ياكى ئەگرى ئۆسۈپ قالسۇن ئىلگىرىكىلەر تىكىپ قويغان دەرەخ ئاستىدا سايىداپ ئولتۇرغانلاردىن ياخشى. مەسىلە بۇ خىل بوغۇنلارنى نورمىغا ئايلاندۇرۇشتا. نورمانلىق قانچە كەڭرى بولسا، يارامىلىق ماتېرىياللارنىمۇ شۇنچە كۆپ تاپقىلى بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، شېئىرىيەت گرامماتىكىسى**

يېڭىچە شېئىرلاردا ئادەتتىكى تىلنىڭ گرامماتىكىلىق قائىدىلىرىنى «بۇزۇش» ھادىسىلىرىنىڭ كۆرۈلۈشى نۇرغۇنلىغان ئاپتور ۋە كىتابخانلىرىمىزنى ئەپسۇسلاندۇرۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شېئىرىيەتتىكى نورمال ھادىسە. بۇ خىل «بۇزۇلۇش» يېڭىچە شېئىرلاردىلا ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى بۇددا دىنىغا ئائىت شېئىرلىرىدىمۇ مەۋجۇت.

شېئىرىيەت — بىر خىل تىل سەنئىتى. سەنئەت ئەركىنلىك يارىتىش بىلەن بىرگە ئۆزىمۇ چەكسىز ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل تەلەپ شېئىردىي تىلنىڭ ئادەتتىكى تىلغا قارىغاندا ئەركىن بولۇش مۇقەررەرلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا ئۇ كۆپ ھاللاردا ئادەتتىكى تىلدىكى گرامماتىكىلىق قائىدىلەرنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ، لېكىن شېئىردىي تىلدىكى ئەركىنلىكنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋېتىشمۇ خاتا.

بىز ئوبدان كۆزىتىپ باقساق، شېئىردىي تىلنىڭ ئادەتتىكى تىل گرامماتىكىسىغا سىغمايدىغان تەرەپلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر بىز مۇشۇ قانۇنىيەتلەرنى جەملەپ تەتقىقات ئېلىپ بارساق، شېئىرىيەت گرامماتىكىسىدىن ئىبارەت يېڭى بىر ئىلىم مەيدانغا كېلىدۇ.

تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىلار گەرچە شېئىرىيەت گرامماتىكىسى ئۈستىدىكى يۈزەكى ئىزدىنىش بولسىمۇ، كىتابخانلارنىڭ شېئىردىي تىلغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن ئاز - تولا ياردىمى بولۇپ قالار.

1. قېلىپلاشقان تىلنىڭ يېزىق شەكلىدىكى ئومۇمىي قۇرۇلمىسى بىلەن شېئىردىي تىلنىڭ يېزىق شەكلىدىكى ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە يېزىق بەت، ئىستونلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە بىر خىل تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شېئىرلاردا ۋەزىن، رىتىم، قاپىيە، شېئىردىي پىكىر، شېئىردىي كەيپىياتلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزگىچە قۇرۇلما ياساشقا توغرا كېلىدۇ.

2. قېلىپلاشقان تىلدىكى جۈملە قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنى، ئالماشتۇرۇش سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت قائىدىسىگە خىلاپ. لېكىن شېئىرلاردا كۆپىنچە باغلىغۇچى، ئۇلانمىلار قىسقىراپ كېتىدۇ. ئەسلىدىكى جۈملە قۇرۇلمىسى شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىسىنى ئاشكارىلاپ بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئەركىن ھەم ئىخچاملاشتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، يەنى شائىر ئەسلىدىكى ئادەتتىكى تىل قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولغان پۈتۈنلۈكنى چۇۋۇۋېتىپ، ئۆزىگە خاس قۇرۇلما تۈزۈشكە ھەدىلىق.

3. قېلىپلاشقان تىلدا جۈملىلەر توازىق ھەم مۇكەممەل بولىدۇ. توازىقسىز، ئۈزۈك جۈملىلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. شېئىرلاردا پىكىرنىڭ يوشۇرۇنراق، ئىخچام ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن تولۇقسىز، ئۈزۈك جۈملىلەر كۆپ قوللىنىلىدۇ. شائىر دېمەكچى بولغان نۇرغۇن سۆزلىرىنى يۇتۇۋېتىپ، ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا چىقىرىپ قويىدۇ. بەزىدە بىر جۈملە سۆزدىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرەر سۆزنىلا يېزىپ قويىدۇ. بۇ سۆزمۇ كىتابخانلارغا پۈتۈن جۈملىگە ئوخشاش مەنە بېرىدۇ (بۇ باشقا ئەدەبىي ژانىرلاردىمۇ ئۇچرايدۇ، لېكىن شېئىرلاردا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسىنى تاپقان).

4. بەزى شېئىرلاردا تىنىش بەلگىسى ئىشلىتىلمىگەچكە، ئەسلىدىكى بىر جۈملە پارچىلىنىپ، بىر قانچە جۈملىگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەسلىدىكى مۇستەقىل ئىككى جۈملە بىر قوشما جۈملىگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، بۇ خىل مۇرەككەپلىك ھېسسىياتتىكى مۇرەككەپلىكتىن كېلىپ چىققان. مەنىنىڭ جۈملىلەر بويىچە بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇشى بەزىدە ھېسسىياتتىكى ئىزچىللىقنى ئىپادىلەشكە ئامالسىز قالىدۇ. ھېسسىيات تولىمۇ مۇرەككەپ بولغان كاتېگورىيە. ئۇنىڭ بەزى ئىچكى سىرلىرى تېخىچە يېشىلگىنى يوق. ھېسسىياتتىكى بۇ خىل ئېنىقسىزلىقنىڭ شېئىرلاردا ئىپادىلىنىشى كىتابخانلار ئېڭىدا قوزغاتقۇچىلىق رول ئوينايدۇ، ئۇلارنى ئويلىنىشقا ھېسسىيات مۇرەككەپلىكى ئىچىدىكى گۈزەللىكنى قېزىشقا ئۈندەيدۇ.

شۇڭا بۇ خىل ئېنىقسىزلىقنىڭ بىز سۆزلەپ كېلىۋاتقان سەلبىي تەرەپلىرىگىلا ئېسىلىۋالماي، ئۇنىڭ ئىجابىيلىقى ھەققىدىمۇ ئويلىنىپ باقساق بولىدۇ.

5. گىراماتىكىلىق مەنە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قېلىپلاشقان تىلدا لېكسىكىلىق مەنىسى تۇراقلىق بولغان بىر سۆز ئىككى خىل گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ. شېئىرلار بۇ قائىدىدىن ھالقىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «دوقۇرۇشۇپ قالدىم مەن بىلەن» دېگەن مىسرادىكى «مەن» ھەم جۈملىنىڭ يوشۇرۇن ئىگىسى، ھەم تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كەلگەن.

6. گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەتتە مەن، بىز، ئۇ، ئۇلار دېگەنگە ئوخشاش شەخس سان كاتېگورىيىسىگە تەۋە سۆزلەرنىڭ قېلىپلاشقان تىلدىكى جۈملىلەردە بىلدۈرگەن ئاز-كۆپلۈكى ئېنىق بولىدۇ. شېئىرلاردا بولسا ئۆزگىچە. «مەن» ئادەتتە بىرلىك ساننى بىلدۈرۈشتىن سىرت كۆپلۈكنى ئىپادىلىشىمۇ مۇمكىن. شائىر «ماڭا» دېگەن سۆز ئورنىغا «بىزلەرگە» دەپ قوللىنىشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق قىلغاندا، بۇ خىل سۆزلەر ئەركىن ھەرىكەت جەريانىدا بىزگە باشقىچە تۇس بېرىدىغان سۆزلەرگە ئايلىنىدۇ.

دېمەك، شېئىرىيەت گىراماتىكىسى ئومۇمىي تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگىمۇ ئىگە. شېئىرىيەد

(ئاخىرى 152 - بەتتە)



ئىمتىھان ئالدىدىكى

تەييارلىق

سۈرەتنى ئابلىز نىياز تارتقان.

## ئۇقتۇرۇش

؛ۇرنىلىمىز ھەرساندا ياخشى تارتىلغان، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھى قىياپىتى، ۋەتىنى-
مىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى ئىپادىلەنگەن، كىشىگە ئېستېتىك زوق بېرەلەيدىغان بەدىئى
ئەرنى ئىشلىتىدۇ. ھەرقايسى سەپلەردىكى فوتوگرافلارنىڭ بۇ جەھەتتە بىزنى قىزغىن
نى ئۈمىد قىلىمىز. ئىشلىتىلگەن بەدىئى سۈرەتلەرگە مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1989 ـ يىل 8 ـ سان (342 ـ سان) ، 39 ـ يىل نەشرى ؛
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号：　CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：　1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 /I .
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن .